ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي

# تۈركىستان قايغۇسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى
ھاجى ئابدۇررەشىد كېرىمى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

ئەلخان تۆرە ساغۇنىي

تۈركىستان قايغۇسى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى

2007 ـ يىل 7 ـ ئاي

ميونخېن گېرمانىيە

المؤتمرالعالمي الايغوري

PUBLISHED BY
WORLD UYGHUR CONGRESS

MUNCHEN – GERMANY

## مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........................................ 5

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........................................ 10

ئەلىخان تۆرەمنىڭ تەرجىمىھالى ........................................ 11

تۈركىستان قايغۇسى ........................................ 17

كوممۇنىستلارنىڭ رەزىللىكلىرى ........................................ 19

شەرقىي تۈركىستانغا ئۆتۈشۈمنىڭ سەۋەبلىرى ........................................ 21

قوقەند مۇختارىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر ........................................ 47

ئاتېئىزم بىلەن كۈرەش ........................................ 50

باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىرىلىدىغان دەرسلەر ........................................ 62

توقماقتا قايتقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ........................................ 79

يېڭىدىن ھىجرەت يولىدا ........................................ 90

قىرغىزلارنىڭ كاتتىسى شادىمان باتۇر ........................................ 93

كوممۇنىستلىك تۈزۈم بىلەن چار ھۆكۈمىتىنىڭ پەرقى ........................................ 98

قۇتۇلۇش يولى ........................................ 102

ھىجرىتىمىزنىڭ توختىتىلىشى ........................................ 106

تۇتقۇنلۇق ۋە قېچىش ........................................ 121

شەرقىي تۈركىستانغا ھىجرەت ........................................ 142

غۇلجا ۋە ئىلى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىم ........................................ 159

قۇمۇل ئىنقىلابى ........................................ 173

گا سلىڭنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىشى 179
شىڭ دوبەنىنىڭ كىرىملىن تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە خوتەن
ئىنقىلابى……………………………………………………… 196
گا سلىڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى ۋە ئىنقىلابنىڭ ئاخىرى ·· 205
شىڭ دۇبەنىنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىش ۋە تۈرمە……………………… 218

# نەشرىياتتىن

1966- 1973 - يىللىرىدا سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەرھۇم ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي ئۆزىنىڭ «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق تارىخىي ئەسلىمىسىنى يېزىپ چىقىپ، 40 يىلدىن كېيىن بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ ئەسلىمە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-30 - يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بېغىشلاپ يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا تۆرەمنىڭ ياشلىق دەۋرىدىن 1938- يىلى كۆچاردا تۇتقۇن قىلىنغانغا قەدەر بولغان تارىخىي جەريان بايان قىلىندۇ. كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا پەقەت ئەينى زامانىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى غەربىي تۈركىستاننىڭ قىسمەن ئەھۋاللىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىمىز.

ئەلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى 1885- يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ توقماق (بالاساغۇن) شەھىرىدە بىر ھاللىق ئۆزبېك دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەدەبىي تەخەللۇسى ساغۇنىي. ئۇنىڭ ئاتىسى شاكىرخان تۆرە چوڭ ئوغلى ئالىمخان بىلەن ئەلىخان ئىككىسىنى مەدىنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. قايتىپ كېلىپ بۇخارا مەدرىسىلىرىدە داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىرگە تېۋىپلىقنىمۇ ياخشى ئىگىلىگەن. 1916- يىلى توقماق تەۋەسىدىكى چار پادىشاھقا قارشى قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن بولغان ئەلىخان تۆرە 1920- يىلى قەشقەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي قايتا ۋەتىنىگە قايتقان ۋە توقماق شەھىرىدىكى چوڭ مەسچىتكە ئىمام بولغان. 1922- يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ بىر ئاي تۈرمىدە ياتقان. 1930- يىلى 11- ئايدا تۆت ھەمراھى بىلەن غۇلجىغا قاچماقچى بولۇپ،

كېتەلمەي مىلتىسىيە تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ئۇنىڭغا كوچىلاردا پايلاقچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاڭغاندا رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 10 يىللىق تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ، تۇڭگانلارنىڭ ئۆيلىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۈچىنچى قېچىشىدا غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ يەردە خەلق تەرىپىدىن ياخشى كۈتۈۋېلىنغان. كىشىلەر هازىرمۇ ئۇ تۇرغان مەھەللىنى «تۆرەم مەھەللىسى» دەيدۇ. تۆرەم ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە تېۋىپلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭ ئىناۋەتكە ئېرىشىدۇ. 1937ـ يىلى شىڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى قولغا ئالغاندا تۆرەمنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ. 1941ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1944ـ يىلى تۆرەم غۇلجا ئىنقىلابىنى قوزغاشقا قاتنىشىپ شۇ يىلى 11ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغاندا جۇمهۇر رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1945ـ يىلىنىڭ بېشىدا هۆكۈمەت تۆرەمگە مارشال ئۇنۋانى بېرىدۇ. 1946ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى سوۋېتنىڭ مەخپىي باشقارمىسى بولغان «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى 2ـ دوم» دىن تۆرەمنى چاقىرغان. دەرۋازا ئالدىغا بارغاندا بىر كىشى چىقىپ تۆرەمنى باشلاپ كىرىپ كېتىپ مۇهاپىزەتچىلىرى ئالالئىدىن ئەمىر بىلەن سونۇر مۇنىرگە سىلەر قايتىپ كېتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلغان. ئىگىلىنىشچە 6ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى 2ـ دومدىن ئىسكەندەر ئەپەندى (پولكوۋنىك ئىۋان ئىۋانوۋىك)، پولكوۋنىك ئەلى ئەپەندى هامدوف ۋە زاكىر ئەپەندى (زاخار كۇزنىتسوف) قاتارلىق ئۈچ رازۋېدچىك قورغاستا ئوسمان يۇسۇپوف (ئۆزبېكىستان 1ـ سېكرېتارى) سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى دەپ تۆرەمنى زىس ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن يەنە ناهايىتى مۇهىم ئىش بىلەن تاشكەنتكە كەتتى. سىزنى تاشكەنتتە كۈتمەكتە، دەپ ئېلىپ كەتكەن. تۆرەم تاشكەنتتە 30 يىل نەزەربەند ئاستىدا ياشىغان. بۇ جەرياندا سوۋېت هۆكۈمىتى ئىنئام قىلغان يۇقىرى پېنسىيە، چوڭ قورۇ ۋە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ

ئەزاسى بولۇشتەك تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ ياتقان. ئەمما تۆرەمنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى كۆتۈرۈلىۋەرگەن. كېيىنرەك سىرتتىن يۇقلاپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت بېرىلگەن. تۆرەم نەزەربەند ئاستىدىكى 30 يىل ئىچىدە ئەھمەت دانىشنىڭ «نەۋادىرۇل ۋاقىئە» دەرۋىش ئەلى چاڭنىڭ «مۇزىكا رىسالىسى» ۋە «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. 1959- يىلى «تارىخى مۇھەممىدى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان ۋە «دىۋانى ساغۇنىي» دېگەن شېئىرلار توپلىمى، «شىفائۇل ئىلەل» (كېسەللىكلەر داۋاسى) دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

تۆرەمنىڭ غاپپارخان، ئاسارخان، ئەھمەتيار، مۇھەممەتيار ئىسىملىك باللىرى بولۇپ، ھەممىسى سوۋېتقا چىقىپ كېتىشكەن. ئەلىخان تۆرە 1976- يىلى 2- ئاينىڭ 28- كۈنى 91 يېشىدا تاشكەنتتە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن شەيخ زەيىندىن بابا قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. تۆرەمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى تاشكەنت يەككە ساراي مەھەللىسىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە، چىلانزار رايونىدىكى بىر مەھەللىگە ھەمدە شەيخانتاخور رايونىدىكى بىر كوچىغا «ئەلىخان تۆرە» نامىنى بەردى.

ھەممىزگە ئايانكى ئەلىخان تۆرە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، تۈركى خەلقلەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئالى ئورنى ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغان. تۆرەم مۇنداق يازىدۇ: «مىللەتنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى ئۆز قولىدا بولمايدىكەن قويچىسى يوق بىر پادا قويغا ئوخشاش يىرتقۇچ بۆرىلەرگە يەم بولۇپ، ئاخىرى ئىنقىرازغا ئۇچراپ يوقىلىدۇ.» تۆرەم ئىنقىلابنىڭ داھىيسى ۋە زاماننىڭ ئۇلۇق دىنى ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئەسلىمىسىنىڭ ھەر بىر پاراگرافلىرىنى ئېسىل پەندى - نەسىھەتلەر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ بىر بۆلۈك

ھۆكۈملىرىدىن ئايرىمايدۇ. كىتابقا باشتىن ـ ئاخىر مەرھۇمنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن.

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئالى گۇۋاھچىسىنىڭ قولىدىن چىققان بۇ كىتاب رەئىسنىڭ بىئوگرافىك ھاياتى، سىياسىي ۋە تارىخى قىممىتى بىلەن ھەقىقەتەن ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

كىتابنىڭ قولىڭىزدىكى بىرىنچى قىسمى تۆرەم ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ چىققان ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىن 1938 ـ يىلى كۈچاردا تۇتقۇن قىلىنغانغا قەدەر يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىز ئايرىم نەشر قىلماقچى بولغان كىتابنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بولسا، تۆرەمنىڭ ئوغلى ئاسلىخان تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن تۆرەمنىڭ كېيىنكى ھاياتى يەنى ئەلىخان تۆرەمنىڭ  شەرقىي تۈركىستانغا قايتا كېلىش ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە رەئىس بولۇش، يەنە تۇتقۇن قىلىنىپ تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىلىش جەريانى قاتارلىق 50 ـ يىللارغىچە يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

تۆرەم روشەن مىللىي، سىياسىي ۋە دىنى مەيدانى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىيسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما داۋالغۇش ۋە ئىنقىلاب يىللىرىدا چوڭ بولغان بۇ تارىخى شەخس ئۆزى تەلىم ـ تەربىيە ئالغان چەكلىك مۇھىت ۋە ئوقۇبەتلىك ھاياتى بىلەن بەزى ۋەقەلەرگە بولغان سىياسىي قاراشلىرىدا بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى ئەمەس، ئۆزبېكچى، شەخسى ھېسسىياتنى ھېچ يوشۇرمىغان نورمال ئىنساندۇر. ئالايلۇق: ئەسلىمىنىڭ بەزى قۇرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قاتتىق چۈكتۈرگەن، بەزى يەرلەردە ھەتتا ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ماختىغان، خوجا نىياز ھاجىم ۋە مەھمۇد مۇھىتىلەرنى ئاڭسىز، ساۋاتسىز قارا قورساق ۋە سوۋېت جاسۇسى دەپ تىللىغان. 1933ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب سابىت داموللام

باشچىلىقىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىنى ئەينى زاماندىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە باغلىماستىن، سابىت داموللام قاتارلىق مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ئاڭسىزلىق، سىياسەت بىلمەسلىك ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىدىن بولغان دەپ قارىغان. تۆرەمچە بولغاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ماجۇڭيىڭ رەئىس بولغان بولسا مەزكۇر ھاكىمىيەت ئەبەدىي قەد كۆتۈرۈپ تۇرارمىش. بۇ ئەسلىمە يەنە بىر بۆلۈك تارىخى ۋەقەلەرنى خاتا ئەسلىگەن، مەسىلەن: سابىت داموللامنى 1932- يىلقى خوتەن ھۆكۈمىتىگە رەئىس بولغان دېسە، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ رايونىنى قارا قۇرۇم دەپ ئاتاپ جۇغراپىيىۋى خاتالىقلارغا يول قويغان.

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا ئىككى ئورىگىنالدىن پايدىلاندۇق. بىرسى ئۆزبېك تىلىدا ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا (تۆرەمنىڭ ئۆز قول يازمىسى بولۇشى ناتايىن) بولۇپ، ئۇنى ئابدۇرەشىد كېرىمى ھاجىم ئىستانبۇلدا تۇرغان مەزگىلىدە ھاۋا قاتتىق سوغۇق ۋە قىيىن شارائىت ئاستىدا ئىنچىكىلەپ نەشرگە تەييارلاپ چىققان ئىدى. ئۇندىن كېيىن 2003- يىلى تاشكەنتتە سىلاۋيانچە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىسىغا بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇلۇپ، خاتالىقلار تۈزىتىلدى ۋە نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

كىتابنىڭ قول يازما نۇسخىسىدا كىتابنىڭ ئىسمى «تارىخى ساغۇنىي» دېگەن بولسا، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدا «تۈركىستان قايغۇسى» دېيىلگەن، بىزمۇ بۇ يەردە كىتابنىڭ ئىسمىنى «تۈركىستان قايغۇسى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا مەرھۇم ئەلىخان تۆرەمنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمىز.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات ۋە تەشۋىقات مەركىزى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

## ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم.
سىز ئوقۇماقچى بولغان بۇ كىتاب- 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12 -كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىغان، دۆلەت قۇرغۇچىسى، پىرىزدېنت، مارشال ئەلىخان تۆرە ساغۇنىنىڭ يازغان كىتابى بولۇپ، بۇ كىتابنى مەرھۇمنىڭ ئەسلى قول يازمىسىغا ئاساسەن  ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزلەشتۈرۈپ، كومپيۇتېرغا ئېلىپ نەشرگە تاپشۇردۇم. كىتاب چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تارىخى كىتاب بولغاچقا كىتابنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم. كومپيۇتېرغا ئېلىش جەريانىدا سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلى ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابتىكى خاتا كەتكەن جايلىرى بولسا تەنقىدى پىكىر بەرسە رەھمىتىمنى ئېيتىمەن.
ھۆرمەت بىلەن:

ھاجى ئابدۇرەشىد كېرىمى
شۋېتسىيە- ئەسكىلستۇنا

# ئەلىخان تۆرەمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

مەرھۇم ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي 1885- يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، سابىق تۈركىستاننىڭ بالاساغۇن شەھىرى (ھازىرقى قىرغىزستاننىڭ توقماق شەھىرى) دە ھاللىق دىنى مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاكىسى ئالىمخان تۆرە بىلەن دادىسىنىڭ يېتەكلىشىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ئوقۇغان، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بۇخارادا داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئەلىخان تۆرە ياشلىقىدىن تارتىپ ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغاچقا تېزلا جامائەت ئىچىدە تونۇلۇپ يېتىلىدۇ ۋە سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم تۈزۈمگە قارشى كۆپ قېتىم ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. مەھەللە ـ مەھەللىدە، مەسچىت ـ مەسچىتلەردە دىنى تەبلىغ بىلەن ئىش باشلاپ خەلقنى سوۋېت كوممۇنىزم تۈزۈمگە قارشى تەشكىللەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ سوتى مەرھۇمغا ئەكسىلئىنقىلابچى، توپىلاڭچى ئۇنىسۇر قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىدۇ، قاماق جازاسى بەرگەن كۈنى تۈرمىدىن قېچىپ دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەلىخان تۆرە شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى باشلاپ، خەلق ئارىسىدا تېزلا تونۇلىدۇ،

1941 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتىنى قۇرۇپ قوراللىق كۈرەشنى پۈتۈن ۋەتەن دائىرىسىگىچە قانات يايدۇرۇپ، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى مۇستەقىللىق بايرام كەيپىياتىغا چۆمىدۇ....

ئەپسۇس تارىختىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەن ستالىن كوممۇنىست گۇرۇھى ئارقىمۇ ئارقا ئۆزىنىڭ جاسۇس ۋە ئىشپىيونلىرىنى سوقۇپ كىرگۈزۈپ تەدرىجىي ھالدا ئارمىيە ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ، ئارمىيە ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، 40 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيگە ئىگە بولغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسى ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماناس دەريا بويىدا ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالىدۇ.

1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ قاتناشقۇچىسى، سابىق مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرى سابىت ئابدۇراخمان ئەپەندى ئۆزىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى توغرىسىدا" ناملىق كىتابچىسىنىڭ 4 ـ بۆلۈمىدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بېتىم تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقىغا ئائىت مەسىلىلەردە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەلىخان تۆرە موسكۋانىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققان

سابىت ئابدۇراخمان ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، ستالىننىڭ غۇلجىدىكى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ كوزلوپ ستالىننىڭ بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى خىتاي بىلەن ئۇرۇش توختىتىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەمما، ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، خىتاي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، خىتاينىڭ ھېچقاچان سۆھبەت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سوۋېت مەسلىھەتچىسى ۋلادىمىر كوزلوپ ئەگەردە ئەلىخان تورىنىڭ موسكۋانىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىمىسا، شەرقىي تۈركىستانغا بېرىلىدىغان بارلىق ياردەملەرنىڭ توختىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ

ئەلخان تۆرە مۇنداق دەيدۇ:

"سلەر ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلماي، ئاللىقاچان ھەربىي ياردەملىرىڭلارنى توختىتىپ قويغان، سلەر بىكارغا ياردەم قىلىۋاتقىنىڭلار يوق. بىز سلەردىن قورالنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدۇق، بىر مىلتىقنى 5 قويغا، 25 ئوقنى بىر قويغا سېتىپ بەرگىنىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ جانابىي گېنېرال"

كوزلوپ مۇنداق دەيدۇ:

"سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىسىز بەربىر ئالغا باسالمايسلەر"!

ئەلخان تۆرە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

"ئىلگىرى شۇنداق ئىدى، ھازىر بىز قوراللاردىن ئانچىۋالا غەم يەپ كەتمەيمىز، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا زامانىۋى قوراللار بار، ئەنە شۇ قوراللارنىڭ ھەممىسى ئەتە بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ. بىز دۈشمەننىڭ قولىدىكى قوراللارنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى شۇنىڭ بىلەن يوقىتىمىز."

خىتاينىڭ «قۇ تۈلكىسى» دەپ نام ئالغان قاقۋاش گېنېرال جاڭ جى جۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

— مەن شىنجاڭغا كەلسەم ئۈرۈمچى ئايروپورتىدا بىر تۈركۈم ھەربىي ئەمەلدارلار كۆز يېشى قىلىپ كۈتۈۋالدى... ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ تولۇق قوراللانغان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئۈرۈمچىگە باستۇرۇپ كېلەي دېسە 2 سائەتلا ۋاقىت كېتەتتى... بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە پەقەت 3 باتالىيون ئەسكەردىن باشقا بىر باتالىيون ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر بار ئىدى... جەمئىي 1000غا يەتمەيتتى... ئەگەر ئەسكەر يۆتكەش توغرا كەلسە خېشى كارىدورىدىن ئۈرۈمچىگە كەم دېگەندە ئالتە ئاي ۋاقىت كېتەتتى... مەن شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسۈم توق... خاتىرجەم تۇرغان ئىدىم... چۈنكى سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ماڭا ئۇلار ماناس

دەرياسىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتەلمەيدۇ.... دەپ، مېنى خاتىرجەم قىلغان ئىدى.... دەيدۇ. (1980ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان، خىتايچە نۇسخىسىغا قارالسۇن. 2 ـ 3 ـ بەت.)
ساۋۇت ئابدۇراخمان يەنە شۇ كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ::
شۇنداق قىلىپ، ئەلىخان تۆرە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى ۋلادىمىر كوزلوپ ئارىسىدىكى سۆھبەت نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ.

## ئەلىخان تۆرە مىللىي ئارمىيىنى ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى ۋەكىلى گېنېرال كوزلوپ، ئەلىخان تۆرە بىلەن سۆھبەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى گېنېرال ئىۋان پالىنوپقا بۇيرۇق بېرىپ، مىللىي ئارمىيىنى ھۇجۇم قىلىشتىن توختىتىدۇ.
سابىت ئابدۇراخمان ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئەلىخان تۆرە، گېنېرال پالىنوپنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ.
لېكىن، پالىنوپ ئۆزىنىڭ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەلىخان تۆرە بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، «كىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىسىز جانابىي گېنېرال؟» دەپ سورايدۇ.
مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پالىنوپ جاۋاب بېرىپ: "موسكۋانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئەلىخان تۆرە پالىنوپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، "ماۋۇ گېنېراللىق ئۇنۋانىنى موسكۋا بەرگەن ئەمەس، بىز بەرگەن، شۇڭا سىز بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزنى

ئورۇنلىشىڭىز كېرەك"، دەپ پالىنوپىنىڭ مۇرىسىدىكى پاگونلارنى غەزەپ بىلەن يۇلۇۋالىدۇ.

سابىت ئابدۇراخمان ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە بەرگەن قوراللىرى ۋە ھەربىي ياردەم بېرىۋاتقان خادىملىرىنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەلىخان تۆرىگە يېقىن بولغان مىللىي مۇستەقىللىق غايىسىدىكى كىشىلەر ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

مەرھۇم ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي، يېقىنقى زامان شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغان بىردىنبىر مۇستەقىللىق بايراقدارى دېيىشكە بولىدۇ.

خىتايلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ئاخىرىدا 11 ماددىلىق بېتىم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەلىخان تۆرە بىتىمدىن كېيىن «شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ، جۇمھۇر رەئىسلىكىدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. جاھان جىمىپ ئەلىخان تۆرىنىڭ تەسىرىنى بارا ــ بارا يوقاتقان ستالىن بىر كېچىدىلا ئۇنى چاقىرتىپ، سىز بىلەن ئۆزبېكىستان پىرېزىدېنتى كۆرۈشمەكچى دەپ ئالداپ قورغاسقا ئاپىرىپ بىر نەچچە كۈن ۋەزىيەتنى كۆزەتكەندىن كېيىن تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەلىخان تۆرە تاشكەنتتىكى نەزەربەند مەزگىلىدە بىر قانچە ئېسىل كىتابلاردىن، ئەمىر تۆمۈرنىڭ «تۆمۈر تۈزۈكلىرى»، دەرۋىش ئەلىنىڭ «مۇزىكا رىسالىسى»، ئەھمەد دانىشنىڭ «نادىر ۋەقەلىرى»، ھامىبىرىنىڭ «بۇخارا ۋە ماۋەرائۇننەھىر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندىن باشقا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان «تارىخى مۇھەممەدى» ناملىق كاتتا ھەجىمدىكى كىتابنى، «شىپالىق

دورىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىدۇ. «تۈركىستان قايغۇسى» ئۈچىنچى كىتابىدۇر.

تاشكەنتنىڭ ماۋەرائۈننەھر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان «تارىخى مۇھەممەدى» ناملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق يېزىلىدۇ:

— بۇ كىتاب «20 ـ ئەسىر ئىمام بۇخارىسى» دەپ نام قازانغان ئىسلام تەرغىباتچىسى، سابىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتى، مارشال ئەلىخان تۆرە ساغۇنىغا خاس نادىر ئەسەردۇر دەپ شەرھلەيدۇ.

ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي 1976 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تاشكەنتنىڭ شەيھان تاۋار مەھەللىسىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مەرھۇم ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىغا 2 جامە، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر مەھەللە، بىر كوچىنىڭ ئىسمىغا ئەلىخان تۆرەمنىڭ نامى بېرىلدى. ھازىر مەرھۇمنىڭ قەبرىسى تاشكەنتتىكى «كۆكچى مەسچىتى» قەبرىستانلىقىدا.

ئابدۇرەشىد ھاجى كېرىمى

شۋېتسىيە ـ ئەسكىلىستۇنا شەھىرى.

2007 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئۆلۈغ روھلۇق، ئەقلى كامىل كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر ئادەم ئۆزى بىلگەن بىلىملەرنى، ئۆزىدىكى ئىلمىي ھۈنەر - پەزىلەتلەرنى باشقىلارغا پايدىسى يەتكۈدەك، كېيىنكىلەر ئىبرەت ئالغۇدەك بىر ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇشى بەكمۇ لازىم ئىكەن. مەنكى ئەلىخان ساغۇنىي ياشلىق، يىگىتلىك كۈنلىرىمدىن باشلاپ، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى تولۇق رەۋىشتە ئۆزلەشتۇردۇم. زامانىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماي، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كەڭ كۆلەمدە دىنىي، تىببىي، بولۇپمۇ تارىخىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. ئەرەبچە، پارسچە تىللاردا يېزىش، سۆزلەشلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككى تىلدا كىتاب يېزىش، شېئىر يېزىش قابىلىيىتىنى ئىگىلىدىم، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئۆز ئانا تىلىم تۈركچىنى باشقا تىللاردىن ئەۋزەل كۆردۈم. چۈنكى قايسى بىر مىللەتنىڭ ئانا تىلى ئۆز ھاجىتىدىن چىقالماي، باشقا يات تىللار ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تىز پۈكىدىكەن، ئۇنداق مىللەت ئۇزاققا بارماي ئىنسانى ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ھايات دەپتىرى ئۈستىگە ئىنقىراز قەلىمى چېكىلىشى شۈبھىسىزدۇر. بۇنداق مىللەتلەر يالغۇزلا ۋەتىنىدىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بارلىقى بىلەن تارىخ يۈزىدىن يوقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىللار تىلىدىن ئېيتىلغان پەزىلەتلەردىن تارىخ ئىلمىنى تاللىۋالدىم. چۈنكى ھازىرقى دەۋرىمىزدە — 1966 - يىلىدا ئۆز ۋەتەنلىرىدە تۇرۇپ، غېرىب بولغان خەلقىمىز ئۈچۈن تارىخ ئىلمى، بېلىق سۇغا تەشنا بولغاندەك زۆرۈر ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى بۇلارنى ئەسەر ھالىتىدە يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەن ئىدىم. چۈنكى ئۆتمۈش تارىخنى ئۇنتۇپ، ھازىرقى تارىخنى

بىلمىگەن بىر مىللەت، قاراڭغۇدا قېلىپ، قولىدا تايىقى يوق، كور كىشىدەك قاياقا مېڭىشنى بىلمەي، دۈشمەن يېتەكچىسىنىڭ كەينىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئوچۇق پىكىرلىك، سەزگۈر ۋەتەن ئوغۇللىرى تارىخنىڭ قانداق زۆرۈر ئىكەنلىكىنى مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن ئىلھام ئېلىپ، چوڭقۇر تونۇشلىرى كېرەك.

ۋەتىنىم مېنى سۆيمىسە، مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، خەلقىم مېنى تونۇمىسا، مەن خەلقىمنى تونۇيمەن. ۋەتەندە يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بولىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كۆرسىتىپ، ۋەتەن بالىلىرىغا بىر ئاز بولىسمۇ بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن  بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشتىم.

بىراق مەن يالغۇزلا ئىسلامپەرەس ئەمەس ئىدىم، بەلكى يارىتىلىشىمدا ئىنسانپەرەس ئىدىم. خەلققە قايسى يولدا ياخشىلىق قىلسام بولار دەپ، ياشلىق، يىگىتلىك دەۋرىمنى غەم ـ قايغۇ كۈنلەر بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى بولسا چاچ ـ ساقاللىرىم ئاقىرىپ، قېرىلىق يەتتى. يېشىم سەكسەنگە ئۇلىشىپ، ئىچكى ـ تاشقى كۈچلىرىم ئارقىغا چېكىندى. قېرىلىق يۈكى ئاستىدا پۈكۈلۈپ تۇرۇپ، ئالدىمىزدا كۆرۈنۈشكە باشلىغان ھالاكەت چوڭقۇرلۇقىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىدىيالماي، كېلەچەك ئەۋلاد ـ نەسىللىرىم غەمخورلۇقى ئۈچۈن، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بۇ تارىخنى يېزىشقا باشلىدىم. قەلىمىم تىلىدىن دەردلىك سۆزلىرىم، قانلىق كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش، بۇ يېزىۋاتقان كىتابىمنىڭ بەتلىرىنى بوياۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابىمنىڭ نامىنى «تۈركىستان قايغۇسى» دەپ ئاتىدىم.

لېكىن مەن بۇ ئەسىرىمنى، بۇنىڭدىكى تارىخىي سۆزلىرىمنى، ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئاتالغان ئۆز ۋەتىنىم ئۇلۇغ تۈركىستان نامىغا يېزىشىم كېرەك ئىدى. بىراق بۇ پىكىرلەردە بولۇپ يۈرگەن ئاخىرقى كۈنلەردە ئەڭ ئېغىر ھادىسىلەر، دەھشەتلىك ۋەقەلەر، تېگى يوق دېڭىزدا غەرق بولۇۋاتقان، يازسا

تۇگىمەيدىغان بۇ ۋەقەلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە ئەجدىھا ئاغزىغا كىلىپ يەم بولۇپ كىتىش ئالدىدا تۇرغان، بىزدىنمۇ ئېغىرراق كۈنگە مۇپتىلا بولۇپ، تارىخ بىتىدىن يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى يېزىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆردۈم. چۈنكى بۇ يەردە 1931 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە بولۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخي ۋەقەلەرگە ئۆزۈم باشلامچىلىق قىلىپ، ئەمگەك سىڭدۈرگەن، كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى يېزىش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. باشقا ۋىجدانىسىزلارغا ئوخشاش تارىخ يۈزىنى قارىلاشتىن ساقلىنىپ، بولغان ۋەقەلەرنى ھىچ ياققا بۇرىماستىن، ئەينەن، توغرا يېزىشنى ئۆزۈمگە لازىم تۇتتۇم.

چۈنكى بۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ تارىخي، سىياسىي ئەھۋاللىرى، بىر ـ بىرىگە چەمبەر چاس باغلانغان ئىدى. ھەم پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتكەن،1917 ـ يىلى سوۋېت ھاكىمىيتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، 1931 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى، زۇلۇملارنى، مۇدھىش ۋەھشىيلىك كۈنلەرنى، پەقەت خاماندىن بىر ئۈچۈم دان، دېڭىزدىن بىر قاچا سۇ ئالغاندەك، يېزىپ قالدۇرۇشنى ئۆز تارىخي بۇرچۇم دەپ ھېس قىلدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنغان ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا بارغان كۈنۈمدىن باشلاپ، كۆرگەن ئىشلىرىمنى بايان قىلماقچى بولۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

## كوممۇنىستلارنىڭ رەزىللىكلىرى

«ھايات تارىخى — ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش تارىخىدۇر» دېگەن خاتا پىكىر، كارل ماركس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ، خەلقئارادا تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ، ئىنسان ئالىمگە پىتنە ـ ئىغۋالار تارقىلىشقا باشلىغان

ئىدى. بۇ پىكىرنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلغان ئادەملەر، قولىغا ھۆكۈمەت ئۆتكەندىن كېيىن، خەلق ئىچىدە سىنىپىي ئايرىمچىلىقنى بازارغا سېلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىدىغان ئىشچىلار ھاكىمىيىتىنى باش كۆتۈرگۈزۈپ، بىر يۈرۈش دەھشەتلىك قانۇنلار چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە قارا ئىشچى، نادان دېھقان، خەلق ئىچىدە ھەقلىق ۋە ھەقسىزلىق دېگەن پىتنە ـ غوۋغاسى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دىندارلارچە ئاللاھ ئادىتىگە، دەھرىيلەرچە تەبىئەت قانۇنىغا قارشى تۇرىدىغان ھادىسىلەر مەيدانغا چىقىپ، ھايات ئالىمىدە بىر خىل ھەقسىزلىق پارتلىدى. ئىنسانلار ئىچىدىن بىر قىسمى ئۇلار چىقارغان خىيالىي قانۇنلارغا ئاساسلىنىپ، ھايات ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى. بۇ ئارقىلىق ئېتىلغان، چېپىلغان گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىش تەس بولدى. بۇلاردىن ئېشىپ قالغان بىگۇناھ كىشىلەر قېچىپ يۈرۈپ، خانىۋەيران بولدى. ئۇلارنىڭ مال ـ بىساتى مۇسادىرە قىلىنىپ، بالا ـ چاقىلىرى كوچىلارغا ھەيدەپ چىقىرىلىپ، ئۆزلىرى يىراق يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىندى. كۆپلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك جازا لاگېرىغا قاماقتا ئېلىنىپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىندى. خەلق ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنى قورقۇتۇش ۋە ئالداش يوللىرى بىلەن يوشۇرۇن خىزمەتلەرگە سالدى. ئۇرۇش، قىيناش، سوقۇش دەھشىتىدىن ئىمانلىق، ئىمانسىز، ۋىجدانلىق ۋە ۋىجدانسىز كىشىلەر بۇ مەنسەپپەرەس جاللاتلار ئالدىدا جىم تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى تاپشۇرۇقلىرى تولۇق رەۋىشتە ئىجرا قىلىنمىسا، ئۇلارغا ئېغىر جازالار بېرىلەتتى. ھېچقانداق گۇناھى يوق، ئۆزلىرىگە قارشى دەپ بىلگەن كىشىلەرنى يەر ئاستى ئۆيلەرگە قاماپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيلىكلەر ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىدى. بۇ جاللاتلارنىڭ قولىغا چۈشكەن بەختسىز بىچارىلەر، قىيىن ـ قىستاقنىڭ قاتتىقلىقىدىن، كۆڭلىدىكى سۆزلىرى، كۆمۈلگەن ماللىرىنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئىنسان ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان،

خىيالىغا كەلمىگەن سىياسىي تۆھمەت سۆزلىرىنى ئېقرار قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، كۆپلىرى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. ئىنقىلابنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە، كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر ئۆز ئۆيلىرىگە سىغمىغانلىقتىن، مەنمۇ ئۆز يۇرتۇم توقماق شەھىرىدە تۇرالماي، بىزدىن يىراق چاقىرىم يىراق سوقولۇق دېگەن جايدا تۇڭگانلار ئىچىدە كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى بۇ يەردە شۇ زامانىنىڭ ئادىتى بويىچە ئاز ـ تولا ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارغا قارىغاندا ھەر جەھەتتە بىزگە ياردەمچى بولالىغۇدەك كىشىلەر بار ئىدى. تۇڭگان خەلقىنىڭ كېلىپ ـ چىقىش تارىخىنى، ئۆرنى كەلگەندە يازىمەن، بۇ مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچۇمدۇر.

## شەرقىي تۈركىستانغا ئۆتۈشۈمنىڭ سەۋەبلىرى

1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىشكەككە قاراشلىق قارا پالتا، ئاقسۇ قاتارلىق ئون سەككىز رۇس قىشلاقلىرى بىرلەشكەن ھالدا كوممۇنىستلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بايلىقلا پېتىپ كەتكەن بىشكەك، سوقولۇق تۇڭگانلىرى چۈشەنمەستىن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالدى. نەتىجىدە، تارتقۇلۇق پۈتۈنلەي ئۇلارغا كېلىپ، ئەڭ ئېغىر تاياق، توقماق ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بەش يۈز ئۆيلۈككە يەتمىگەن بىشكەك، سوقولۇق تۇڭگانلىرىدىن سەككىز يۈز كىشىنى ھەيدەپ كېلىپ بازار ئوتتۇرىسىدا پىلىموتقا تۇتتى. بۇلاردىن ئوق تەگمەي قالغان ياكى يارىدار بولۇپ، جېنى چىقمىغانلىرىنى قىزىل ئەسكەرلەر ئارىلاپ يۈرۈپ، نەيزىلەپ ئۆلتۈردى. رۇسلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەركىزى بولغان بەش مىڭ چامالى، ئاقسۇ قىشلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىرى ئوتتۇزدىن ئاشمىغان ئىدى. «ئاللاھ ساقلىسا بالا يوق» دېگەندەك، شۇ يىلى سوقولۇققا بېرىشتىن مېنى ساقلاپ، بۇنداق نەتىجىسىز قوزغىلاڭدىن ئاللاھ مېنى

ساقلاپ قالدى. شۇ ۋەقە بولغاندا مەن توقماقتىن سەككىز چاقىرىم شىمال تەرەپتىكى تۆگگان قىشلىقى قارا قوڭغۇز مەسچىتىدە تۇرغان ئىدىم. بىشكەك، سوقولۇق قاچاقلىرى قىلىچ، مىلتىق قاتارلىق قوراللىرىنى ئېسىپ، مەن تونۇغان، تونۇمىغان كىشىلەر مېنى پاناھ تارتىپ كەلگەن ئىكەن. بۇلارنى كۆرگەن مەسچىتتىكى جامائەت ئۆز بىشىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ، مېنى ئاياپ ئۇلارنى بۇ يەردە تۇرغۇزماسلىققا مەسلىھەت بېرىشكەن ئىدى. ئەپسۇس، مەن ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرمىدىم. بۇنداق يامان ئاپەتلەردىن ئاللاھ مېنى نەچچە قېتىم ئاسرىغان بولغاچقا، مېھرىبان ئاللاھقا ئىشىنىپ، بۇ بىچارىلەرنى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ، سۇنغان كۆڭۈللىرىنى بولسىمۇ ئېلىشقا تىرىشتىم. بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئالمۇتا، ياركەنت چېگرىسى ئارقىلىق غۇلجا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇق. سوقولۇق تۆگگانلىرىنىڭ تۈزنى يەپ، ياخشىلىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك شاگىرتلىرىم ۋە دوستلىرىم كۆپ ئىدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇياققا بېرىش خەتەرلىك بولسىمۇ، چىداپ تۇرالماي ئۈچ ـ تۆت شاگىرتىم بىلەن بىللە بىر هارۋىغا ئولتۇرۇپ، سوقولۇق تەرەپكە يول ئالدۇق. بىشكەككە كەلگەندە، تۆگگان قەلئەسىگە دۈچ كەلدۇق. بۇيەردىن ئارىلاپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، يېقىنلىشىپ بارغانسېرى كۆزىمىزگە ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇيەردە كۆرگەن نەرسىلەرنى ئېغىز بىلەن تەرىپلەپ، قەلەم بىلەن يېزىش ناھايىتىمۇ تەس. ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر تەربىيە كۆرگەن مۇنتىزىم ئەسكەرلەر ئىكەن، ئۇلارغا بىزنىڭ تەڭ تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز تىلى بۆلەك، دىنى بۆلەك بىر قانچە يىغىندى، قولى قۇرۇق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى.

تەبئەت ئالەمگە ئاللاھ ئەۋەتكەن ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ بويسۇنماستىن باشقا چارىسى يوقتۇر. ئۇرۇش پەنلىرىنىڭ قانۇنى بويىچە، ئەسكەرلەرنىڭ سانى، ئۇرۇش قورال ـ ياراغلىرى، ئىنتىزامى، ئەڭ بولمىغاندا دۈشمەنىنىڭكىدىن تۆۋەن ياكى ئاز بولماسلىقى بىرىنچى شەرتتۇر. ئەگەر بۇ شارائىت قولغا كېلىدىكەن، ئۇ هالدا دىنىي، مىللىي هاقارەتكە قاراپ تۇرماي دۈشمەنگە قارشى قولغا قورال ئېلىش ئەلۋەتتە پەرزدۇر.

ئەگەر بۇنداق بولمىغان تەقدىردە ئۆزىنى ئورۇنسىز ئوتقا ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، ۋاقتىنچە سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بىز دەل ئاشۇنداق بىر شارائىتتا، ئېغىر ئەهۋالدا ئىدۇق. تالان ـ تاراج قىلىنغان مەهەللە ـ كوچىلاردىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا، بۇلاڭچىلىق قالدۇقلىرى، چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەر، كۆيدۈرۈلۈپ كۆلگە ئايلانغان ئىمارەتلەردىكى ۋەيرانچىلىق، يىقىلغان تاملار هەر دەقىقىدە كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز ياشلار ئېقىپ، شۇ ماڭغىنىمىزچە قان بىلەن بويالغان سوقولۇق قىشلىقىغا كېلىپ چۈشتۇق. بىز ۋەقە تۈگەپ كېيىن كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن يەنىلا كوچىلاردا بىگۇناھ ئۆلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىدىن ئاققان قانلارنىڭ دېغى هېلىمۇ هەم يۇيۇپ تۈگىتىلمىگەن ئىدى. ساقچىلار بىزنىڭ باشقا ياقتىن كەلگەنلىكىمىزنى بايقاپ، ئالدىمىزنى توسۇپ ئىدارىسىگە باشلاپ باردى. ئۆلگەنلەرنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى، يېتىم ـ يېسىرلارغا ئاتاپ ئېلىۋالغان بىرقانچە قۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلارنى كۆرسىتىپ ياردەمگە كەلگەنلىكىمىزنى بايان قىلدۇق. ئاندىن يول خەت ـ چەكلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ، بىزگە رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئارىمىزدا ئىشەنمەسلىك يۈز بېرىپ، بەزى گەپ ـ سۆزلەر بولغىلى تۇردى. چۈنكى بىز ئېزىلگەن، خارلانغان، خورلۇق كۆرۈۋاتقان ئاجىز ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، قوراللىق دۈشمەنگە هېچبىر

قارشىلىق قىلىش كۈچىمىز يوق ئىدى. ھەر قايسىسىنىڭ ئاغزىدىن توڭگۇز ھىدى چىقىپ تۇرۇۋاتقان قوراللىق دۈشمەن ئالدىدا بىر نەرسە دېيەلمىدۇق.

شۇنىڭ بىلەن، ئەپلەپ ـ سەپلەپ دۈشمەن ئاغزىدىن ساق قۇتۇلۇپ، ياردەمگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمنى تارقىتىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، كۆڭۈل ئېيتتۇق. بۇ قائىدىسىز، بۇ پايدىسىز پىتنە ـ ئېغۋادا مېنىڭ شاگىرتلىرىمدىن ھېچ بولمىغاندا 20 ـ 30 دىن ئارتۇق كىشى شېھىد بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ يېشىنىڭ ئەڭ چوڭى 30 دىن ئاشمىغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ جايدا ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن يەنە توقماققا قايتىپ كەلدۇق. قىش ئۆتۈپ يەر يۈزى كۆكىرىشكە باشلىغان ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر كىشىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. قارىسام ئۆز مەھەللىمىزدىكى مىرزا باي دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا كۆزىگە ياش ئېلىپ: «سىزگە ياخشىلىقتىن باشقىنى تىلىمەيمىز، ھازىرقى ھۆكۈم ئۈستىڭىزدىن ھەرتۈرلۈك ماتېرىيال توپلاپ سىزنىڭ پېيىڭىزغا چۈشتى. سىز ئىمكان بار بۇيەردىن كۆچۈپ باشقىراق بىر يەرگە كەتكەن بولسىڭىز، ياخشى بولارمىكىن» دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانداقتۇر ئېھتىيات يۈزىسىدىن باشقا يۇرتقا كەتمەكچى بولۇپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا ھازىرلاندىم. لېكىن باشقا چېگرىلار بىزدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. يېقىنراق بولغان كاشغەر چېگرىسىغا ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق كۆرۈپ، پىداكار شاگىرتلىرىمدىن تۇڭگان داۋۇت ھاجىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقتۇق.

بالاساغۇن (توقماق) بىلەن كاشغەر ئارىلىقى ئاتلىق ماڭغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون ـ ئون بىر كۈنلۈك يول ئىدى. بالاساغۇننىڭ ئەسلى نامى تۈرك تىلىدا ماقۇلبالىق بولۇپ، ياخشى شەھەر دېمەكتۇر. ئىسلامىيەتتىن كۆپ يىللار ئىلگىرى

ئىسسىق كۆل بويلىرىدىكى بەشبالىق بىلەن بالاساغۇن شەھەرلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مەدەنىي تۈركلەردىن ئوغۇز تۈركلىرى ياشىغان ئىدى. رۇم پادىشاھىنىڭ لەقىمى قەيسەر، ئىران پادىشاھىنىڭ لەقىمى خىسراۋ بولغاندەك، بەشبالىق بىلەن بالاساغۇنغا كىم پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭغا ئىدىقۇت لەقىمى قويۇلاتتى. ئەسلىدە تۈركىستاننىڭ بۆشۈكى ۋە پايتەختى — بەشبالىق بىلەن بالاساغۇن ئىدى. ھازىرقى ئىسسىق كۆلنىڭ كۈنگەي، تەسكەي تەرەپلىرىدە، قېيىقتا چىققان ھەر كىشىنىڭ كۆزىگە بەشبالىق خارابىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىز بالا ۋاقتىمىزدا كۆلنىڭ دۆڭرەك بىر تەرىپىدە بىر ھامام بىناسى تېپىلغان ئىدى. ئۇ بىنانىڭ پىششىق خىشلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ، قەبرە ئۈستىگە بىر نەچچە گۇمبەز ياساتقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە. كۆلنىڭ دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدىن چەتكە سۈرۈلۈپ چىققان كونا زاماننىڭ ئۆي سايمانلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى بوگۈنگىچە ئۇچراپ تۇراتتى.

بەشبالىق دەپ ئاتالغان بۇ شەھەرنىڭ خاراب بولۇشىغا كەلسەك، بىز كۆرگەن تارىخچىلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ھەقتە تەپسىلىي بايان يازمىدى. ئۆتمۈشتىكى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق بۇ شەھەر كۆلگە ئايلىنىپ، سۇ ئاستىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بەشبالىق خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئاسارە-ئەتىقىلەردىن مەلۇم بولىدىكى، بۇيەردە ئەسىرلەردىن بېرى تۈركلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى ۋە مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن بىلەن بۇرۇنلا شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بالاساغۇن بولسا، ئۇ مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ئىراندىكى كىيانى پادىشاھلىرىدىن كەيكاۋۇس، كەيخىسراۋ زامانىدىكى ئىرانچە ئافراسىياپ، تۈركچە دوقۇخان ئاتالغان، تۈرك خاقانىنىڭ ئۈچىنچى پايتەختى ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى پايتەختىنىڭ سەمەرقەند بولغانلىقىدىن كونا تارىخچىلار گۇمان قىلىشىدۇ. بىراق شەھەر چېتىدىكى كەڭ

مەيدان خارابسىنىڭ خەلق ئاغزىدا بىردەك ئافراسىياپ ئاتىلىشى ۋە بۇ يەرلەردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئائىت ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشى، بۇ يەرنىڭ تۈرك خاقانى ئافراسىياپنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ، سەمەرقەند شەھىرى جاھانگىر ئىسكەندەر ماكادونىي تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن پەرەزنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسكەندەرنىڭ ئافراسىياپ دەۋرىدىن كۆپ يىللار كېيىن كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ھىجرىيەنىڭ 536 ـ يىلى، قارا خىتاي خانى گورخان بىلەن سۇلتان سەنجەر بىناكەنت ئەتراپىدا توقۇنۇشۇپ، سۇلتان سەنجەر قاتتىق مەغلۇبىيەتكە مۇپتىلا بولغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا سەنجەرنىڭ ئەسكىرىدىن 30 مىڭ كىشى قۇربان بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر سەنجەر قولىدىن چىقىپ، 71 يىل قارا خىتاي گورخان قولىدا قالدى. كېيىن خارەزمدىن سۇلتان مۇھەممەد، گورخان ئەسكىرىنى بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانە ۋادىسىدىن ھەيدەپ چىقاردى. تىراز (تالاس — ھازىرقى جانبۇل) دا بولغان ئۇرۇشتا گورخان تەرەپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، باش قوماندانى تايانگۇ ئەسىر ئېلىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان گورخان ئالمىلىق، بەشبالىق تۈركلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ، قىتان يەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. تىراز غەلىبىسىدىن كېيىن، سۇلتان مۇھەممەد تايانگۇ باشلىق پۈتۈن ئەسىرلەرنى ئېلىپ خارەزمگە قايتىدۇ. گورخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنە بىناكەنت ئەتراپىدا قاتتىق تىركىشىپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا جەڭ بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرك ئەسكەرلىرى بولغانلىقتىن، ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا گورخان تەرەپ قاتتىق يېڭىلگەن بولمىسىمۇ، ئۇ ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئارىدا ئالتايدىكى نايمان تۈركلىرىدىن تايانخان ئوغلى

كۈچلۈك خان، گورخانغا قارشى ئارقا تەرەپتىن ھۈجۇم باشلاپ، ئالمىلىقنى (ھازىرقى غۇلجا شەھىرى) ئېلىپ بالاساغۇنغا كېلىۋاتقان خەۋىرى ئاڭلانغان ئىدى. بۇ چېكىنىشتە خارەزملەر ئارقىدىن زەربە بېرىپ تىرازغا يەتكۈچە قوغلاپ ماڭدى. بۇ يەردە گورخان توختاپ قارشىلىق كۆرسەتمىگەچكە، بۇنى بىر ئۇرۇش ھېيلىسى بولمىسۇن دەپ ئويلىغان سۇلتان مۇھەممەد شۇ يەردە توختاپ قالدى. گورخان شۇ يۈرگىنىچە بالاساغۇنغا كەلدى. بۇ يەرمۇ ئۇنىڭغا قويۇلغان قىلتاقتەك سېزىلدى. بۇ يەردىكى ئوغۇز مۇسۇلمانلىرى خارەزم شاھىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ قويغان باسقاق (ھاكىم) لارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۆلتۈرۈپ، سۇلتان ئەسكىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. بىراق ئۆلارنىڭ گورخانىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ دۈشمەننى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىدىغان كۈچى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاساغۇن مۇسۇلمانلىرى ياردەمسىز قالدى. كۆچمەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ ھەر تۈرىدىن توپلانغان قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقان گورخان، بۇ شەھەرنى قاتتىق قامال ئاستىغا ئالدى. قورال ـ ياراغلىرى تولۇق، قىزىققان، ئۇرۇشتىن ئولجىغا ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتقان، ئاز دېگەندە يۈزمىڭ ئەسكىرى بار قوشۇنغا ئۇ زامانىنىڭ شارائىتىدا بۇ شەھەر خەلقىنىڭ كۈچى ھەرگىز يەتمەيتتى. قامالدىن 16 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاچ بۆرىدەك ئېچىرقاپ كەتكەن بۇنچىۋالا ئەسكەر ھەيۋە بىلەن كىرىپ، شەھەرنى يېڭىدىن ئالدى ۋە ماللىرىنى بۇلاپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىر ئالغاندىن باشقا، مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن يەتمىش مىڭنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوغۇزخاندىن قالغان كونا مەدەنىيەتلىك، يەرلىك ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەركىزى سانالغان قۇتلۇق بالاساغۇن شەھىرى ھايات ئالىمىگە كۆز يۇمغان ئىدى.

چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگۈچە تۈركىستان خەلقى ئىچىدە بۇنداق قىرغىن بولۇپ، كۆپ قان تۆكۈلمىگەن ئىدى. بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق

شەرىپىگە شاھىت بولۇش سۇپىتىدە ھازىرغىچە (1966 ـ يىلىغىچە) ئاقىپىشىن، تۆتكۆل، بۇرانە خارابىلىرىنى قالدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇيەردە ناھەق تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ئىگىلىرى بۇرانە مۇنارى ئارقىلىق شاھادەت بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقلىرىنى ئاخىرغىچە بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

پۈتۈن تۈرك خەلقىنىڭ ئەڭ كونا مەدەنىيىتى، ئەدەبىي تىلى ھېسابلانغان «قۇتادغۇبىلىك» كىتابىنى يازغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ بالاساغۇنلۇق ئىدى. ئىسلام ئالىمىدە شۆھرەت قازانغان مەشھۇر لۇغەت كىتابى «سىھاھ جەۋھەرى»نى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان جامال قارشى دېگەن كىشىمۇ مۇشۇ بالاساغۇنلۇق ئىدى. «تارىخىي رەشىدى»نىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەر كوراگان، ئۆز كىتابىدا: «بىر ۋاقىتلار بالاساغۇندا يۈزلەپ كىتابلار يېزىلغان» دەپ يازغان.

1908 ـ يىلى، بالاساغۇن خارابىسىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھازىرقى توقماق شەھىرىدىن بىر قەبرە تېشى تېپىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا يېزىلغان ئەرەبچە خەتنى ياشلىقىمدا ئۆزۈم ئوقۇغان ئىدىم. ئارىدىن ئاتمىش يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەزمۇنى ھېلىغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى، بۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن بولۇپ، بىر نەچچە كىتاب يېزىپ قالدۇرغانلىقى ۋە ھىجرىيەنىڭ 755 ـ يىلى، يېشى ئوتتۇزغا يەتمەي تۇرۇپلا شېھىت بولغانلىقى يېزىلغان ئىكەن. بۇ تاشتىكى پۈتۈن خەتلەرنى يېزىۋېلىشقا قىزىققان بولسامۇ، ئۇنىڭغا ئۇلگۇرەلمەي قالغان ئىدىم. ئۇ تاش ھازىرمۇ توقماقتىكى تۇڭگان بايلىرىدىن مۇھەممەدجان شىسەنگۈينىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام كۈنلىرى ئادەت بويىچە ھېيت پەتىلەپ ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە مېھمانلار كېلىشكەن ئىكەن. رۇسلاردىن بىر نەچچە شەھەر باشلىقلىرى كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان، كۆرۈنۈشى ھەيكەلگە ئوخشايدىغان، ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان

تاشقا كۆزى چۈشۈپ، ئۈنىڭدىن سورىغان ئىكەن. ئۇ تاشنىڭ تارىخىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «بىز بۇنى ئاق پادىشاھنىڭ مۇزېيىغا ئەۋەتىپ بېرىمىز» دەپ ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنداق بولۇپ، باشقا نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلغانغا ئوخشاش بۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ تاشقا باشتىن ـ ئاخىر بوش يەر قالدۇرماي تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلغان ئىكەن. ھەرھالدا بېشى ئىسسىق كۆل، ئايىغى مېركى يەتتە ـ سەككىز كۈنلۈك يول بويىلاپ، تۈتاشقان خارابىلەر، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان كونا تارىخىي ئەسەرلەر، ئۆز دەۋرىدە بۇ يەرلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى مەدەنىي ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ياشاپ كەلگەن ئاۋات شەھەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1960 ـ يىللىرىغىچە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخېئولوگ تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئاقپېشىن خارابىسىدىن بىر كوزا كىتاب، يەنە بۇرانە ئەتراپىدا بىر قۇدۇق ئىچىدىن ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەڭ كونا تۈرك ھەرپى بىلەن يېزىلغان بىر كىتاب ۋە بىر نەچچە تارىخىي ئەسەرلەرنى تاپقانلىقىنى شۇ يەرلىك كۆرگەن كىشىلەر بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. 1965 ـ يىلى توقماققا بارغىنىمدا ئۆتكەنلەرنى ئېسىمگە ئېلىپ، زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بالاساغۇن خارابىسىغا چىقتىم. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ يىلى كولخوزچىلار يەر ھەيدەپ يۈرگەندە بىر كوزىدا ئالتۇن ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆز ئارا كېلىشەلمەي، ھەممىسىنى ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئۆزلىرى قۇرۇق قالغان ئىكەن. يەنە توقماق بازىرىنىڭ قارشىسى چۈۋسوۋنىڭ ئۇ تەرىپى شور تۆپىدە گورخان خىتايدىن قالغان بىر سېپىل بار ئىدى. ئىككىنچىسى بۇنىڭدىن قىرىق چاقىرىم تۆۋەنرەك كۈن پېتىش تەرەپتە، ئۈنىڭدىن بىر نەچچە ھەسسە چوڭ يەنە بىر سېپىل بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا شەھەر قورغىنى ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مېنىڭچە، بۇ باسمىچى گورخاندىن قالغان يەرلىك تارىخىي ئەسەرلەردىن ئىدىقۇت ئۆلكىسىدە بۇ ئىككى سېپىل خارابىسىدىن باشقا بىرەر نەرسە قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بىراق

ئۆزى بىلمىسمۇ خەلق ئاغزىدا ئىككى ئېغىز خىتايچە گەپ ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، بىرسى داموللا، يەنە بىرسى شىپاڭ. دامولللا دېگىنى چوڭ موللا دېگەن مەنىدىكى سۆز بولسا، شىپاڭ دېگىنى، زىياپەت زالى دېگەن سۆز ئىدى.

ھازىر، بۇ ئۆلكىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە قىرغىز تۇركلىرى، شىمالدا قازاق تۇركلىرى ياشاۋاتىدۇ. «تارىخي كامىل»دا قىرغىز تۇركلىرى ئەرەبچە «تەغەرغەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتابتا ئېيتىلىشچە، تەخمىنەن ئىسلامدىن بىر ـ ئىككى يۈز يىل كېيىن، شىمالدىكى موڭغۇل ۋە ئورياتقا ئوخشاش مىللەتلەر كۈچلۈك تۈرك ئۇرۇقلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا چىدىيالماي، جەنۇب تەرەپكە چېكىنىپ، ئىدىقۇت ئۆلكىسى، بالاساغۇن تاغلىرىغا تارقالغان ئىكەن. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلارنىڭ سانى بارا ـ بارا كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ كۆچمەنلىك ئادىتى قوزغىلىپ، شىمالدىن زەربە يەپ كەلگەنلىكى ئېسىدىن چىقىپ، يەرلىك خەلقتىن ھېساب ئېلىش نىيىتىدە، ئۆزىدىن مەدەنىي ھېسابلانغان ئوغۇز تۈركلىرىگە توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. كۈچلۈك قورالغا ئىگە بولالمىغان شەھەر خەلقىنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا دالا كۆچمەنلىرىگە يېڭىلىشى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولغانلىقتىن يېزىپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن، بالاساغۇن خەلقى ئۆزلىرىنى قىرغىزلاردىن مۇداپىئە قىلالماي يېڭىۋاشتىن ئەل ئىچىگە ئاتىقى چىققان ئالمىلىقتىكى (غۇلجا) خىتاي گورخانغا تەۋە بولۇپ، ئۇنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. خەلق ئاغزىدىكى «خىتاي خەلقىدىن ئادالەت ئۈزۈلمەيدۇ» دېگەن يالغان داۋراڭغا ئالدانغان بالاساغۇن خەلقى بۆرىدىن قېچىپ، قاسساپقا يولۇققان قويغا ئوخشاش ھالغا كەلدى. چۈنكى قىرغىزلار قانداق بولمىسۇن ئۆز قېرىنداشلىرى ئىدى. بۇلار بىلەن يارىشىش چارىسىنى ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، باشقا بىر يات مىللەتنى چاقىرىش ئۆز ۋەتىنىگە قىلىنغان

خىيانەت ئىدى. بۇنداق خاتا سىياسەتلەر تۈپەيلى ئۆز ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ، قۇللۇق زەنجىرىگە گىرىپتار بولغان خەلقلەر تارىختا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

موڭغۇلچە ماقۇلبالىق ئاتالغان بالاساغۇن شەھىرى توغرۇلۇق بۇگۈنكى كۈنگىچە مەن كۆرگەن تارىخلارنىڭ ھېچبىرىدە بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. ئۇلار جاھالەت تۇرتكىسىدە، تۈرك دۇنياسىنىڭ بۆشۈكى ئاتالغان ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئېلىنى ئۆز قۇچىقىدا ساقلاپ، ئۇلارنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان شۇنداق قۇتلۇق ئانا ۋەتىنىمىزنى، ئۆز بالىلىرىنى ياتلارغا باستۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ شانلىق شەرىپىنى ئەسلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقارغان ئىدى. يۈزلەرچە ئەمەس، مىڭلارچە يىل ئۆتكەن  بولسىمۇ، مەن ئۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەنجە ئوغلانى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز خەلقى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي  ئۇنتۇلغان ئانىمىزنى ئەسلەش يۈزىسىدىن، ئۆزۈمدىن بىرى كۆڭلۈمدە يىغلىپ ياتقان بۇ ھەقتىكى تارىخىي سۆزلىرىمنى كېلەچەك ئەۋلادلىرىمغا بىلدۈرۈپ ئۆتۈش مەقسىتىدە بۇ ئىشنى يازدىم. ئۇلار يات دۈشمەنلەرنىڭ ئاياق ئاستىدا دەسسىلىپ ياتقان ۋەتىنىمىزنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىسۇن!

شۇنداق بولۇپ، بالاساغۇن ۋەقەسىدىن كېيىن گورخان ئۆزىمۇ كۆپ ياشىيالمىدى. دۆلىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز دۈشمىنى ئاتالغان كۈچلۈك خانغا قىزىنى بېرىپ، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلغان بولسىمۇ، يەنە مەقسىتىگە يېتەلمىدى. كۈچلۈك خان ئۇنىڭ پايتەختى بولغان ئالمىلىق ئۆلكىسىنى نايمان تۈركلىرى بىلەن بۇزۇپ، يىرىپ ئۆلتۈرۈپ، چىپىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. كېيىن كۈچلۈك خان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرىستانغا ئۆتۈپ، يەكەن، خوتەنگىچە ھۆكۈمدارلىق قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا چىڭگىزخان ئەسكىرىگە دۇچ كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، دۆلىتى مۇنقەرز قىلىندى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، توقماقتىن چىقىپ توغرا شەرققە قاراپ چىمقورغان، بۇرالداي، يىلئارىق، تايغاق، مەيدامتال قۇۋىقى ئارقىلىق قاراغاۋ قوچقارغا چۈشتۇق. بۇ يەردىن يۇرگىنىمىزچە ئارىدىن بىر نەچچە قونالغۇلاردىن ئۆتۈپ، دولان داۋىنىدىن ئېشىپ، نارىن دەريا بويىدىكى نارىن شەھىرىگە كەلدۇق. بۇ شەھەر تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بىر يەر ئىدى. رۇسلار تۈركىستاننى بىسىۋالغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىش مەقسىتىدە، نارىن دەرياسى بويىغا بىر قەلئە سالدۇرغان ئىكەن. بۇ قەلئە ئالاتاۋ ۋە تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى ھەم كۆچمەن قىرغىز تۈركلىرىنىڭ قايناق جايى ئارىلىقىدا بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي ئۆزبېكىستان، شەرقىي جەنۇبىي ئۇيغۇرىستان بىلەن چېگرىداش بولغانلىقتىن، سىياسىي جەھەتتىن ئەھمىيىتى بەك زور ئىدى. بۇ يەردىن چىقىپ، قىرىق بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاتبېشى قىشلىقىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە تاشكەنتلىك تۇياق باي ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. بۇ كىشى توقماقتا ئۇزۇن تۇرغان، ئۆز مەھەللىمىزدىن كەتكەن كىشى ئىدى. بۇ يەرمۇ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، دالاسى كەڭ، ئوتلاق، يايلاقلىرى چوڭ، ئارپا، ئاقسۇ دېگەن يەرلەرنىڭ ئوت - چۆپى مول، قىمىزلىرى كۆپ بولۇشى بىلەن داڭلىق ئىكەن. ئاتبېشىدا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە قوشۇلغان قوشماق ھاجىنى ئېلىپ، جەمئىي ئۈچ كىشى يولغا چۈشتۇق. ئالدىمىزدا بىر قونالغۇلۇق تاش راباتتا چېگرا ياساۋۇللىرى بولۇپ، ئۇ يەردە شامۇرقان دېگەن قىرغىز كىشىنىڭ بىر نەچچە رۇس ئەسكەر بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن ئىدۇق. بۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە يول خېتىمىز يوقلۇقىدىن، قوشماق ھاجىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تۈز يولنى تاشلاپ، ئوغرى يول بىلەن مېڭىپ، بىل ئاشوۇ دېگەن يەردىن كەتمەكچى بولدۇق. يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇزاقتىن ئات يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدۇق، بۇ كىشىمۇ بىزنى

كۆرۈپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، بىزنى يېنىغا چاقىردى. بىز بۇ كىشىنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردۇق. قارىساق، ئۇ چېگرا ساقچىلىرىنىڭ باشلىقى قىرغىز شامىرقان ئىكەن. ئۇ كىشى بىزنى كۆرۈپ:«سىلەر تۈز يولنى تاشلاپ، تەس يول بىلەن ماڭىدىغان قانداق ئادەملەر؟ مېڭىڭلار!» دەپ بىزنى باشلاپ بىر كارۋان سارايغا ئېلىپ كەلدى. شۇ ئارىدا قاياقتىنىدۇر ئىككى ـ ئۈچ قىرغىز يىگىتى (ئىلگىرىكى سىپاھلاردەك بېلىگە كۈمۈش كەمەر باغلىغان، يېنىغا ئەگرى قىلىچ ئاسقان يەرلىك قىرغىزلاردىن بولسا كېرەك) كېلىپ سارايغا چۈشتى. بۇنى كۆرگەن قوشماق ھاجىمنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ: «ھەي تاڭ، ئىشىمىز قانداق بولاركىن؟ ئەگەر ئۇلار يول خېتى سوراپ قالسا، يول خېتىمىز يوق، ئاللاھ ساقلىسۇن، بىزنى قايتۇرۇپ، نارىندىكى ئۇ جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بەرسە ئىش چاتاق. ئېغىر كۈنگە قالمىساق بولاتتى» دېدى. ئۇ دېگەندەك ئۇ كۈنلەردە، ئىشچى ـ دېھقانلار ھاكىمىيتى قۇرۇلغانلىقتىن، ئەرزىمەس باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ زاماندا ئىنساني ھوقۇق دېگەن نەرسە زادىلا يوق ئىدى. ئىشنىڭ ئوڭ ـ سولىنى ئايرىيالمايدىغان كەمبەغەللەر ھاكىمىيتى، ئىشچى، قوشچى، سۆرەمچىلەر قولىدا بولغانلىقتىن، خەلق ئىچىدە ئاز ـ كۆپ بىلىمى بار، بىر ئىشنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر ئىنقىلاب دۈشمىنى ھېسابلىناتتى. ئۇلارغا گۇناھكار دەپ تونۇلغان ئادەملەر، جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن ئۇ كۈندىكى ھاكىملار ئالدىدا ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ قانداق بىر گۇۋاھ ـ ئىسپاتى كېرەك ئەمەس ئىدى. مانا شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ قىلغان گېپىدىن ماڭا بىرئاز تەشۋىش چۈشكەن بولسىمۇ، ئېسىمنى تاپقان كۈندىن باشلاپ «ھەر ئىش ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز بولمايدۇ» دېگەن ئىشەنچىم بىلەن ھەممە ئىشنى بىر ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىشقا كىرىشتىم.

چاي قاينىشى بىلەن:« قېنى مىرزىلار چايغا كېلەيلى، بىز سىلەرنىڭ قولىڭىزلاردىكى ئادەممىز» دەپ، خۇرجۇندىكى ياغلىق نان توقاچ، قېزا، مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىپ، داستىخانغا تۆكۈپ راسا مېھمان قىلدىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىت ئاچارچىلىق، ئېلىك ئۈزۈلگەن كۆكلەم ۋاقتى ئىدى. ئۇلار ئاچ قالغان بۆرىدەك ئالدىراپ، قويغا تىكىلگەن قاسقىردەك، تاماققا ھۇجۇم باشلاپ يېيىشكە باشلىدى. تاماقتىن كېيىن، ئۇلار بىزدىن گەپ سوراپ: «سىلەر قاياقتىن قاياققا كېتىۋاتىسىلەر؟ تونۇشۇپ قويايلى!» دېگىلى تۇردى.

مەن ھېچ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماستىن توغرىسىغىلا:«سىز بىلىسىز، ئاخىرقى زامانىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۆزىمىزدىن چۆچۈپ قېچىپ چىققان كىشىلەر بىز، چېگرىدىن ئۆتۈپ كاشغەر تەرەپكە كەتمەكچى ئىدۇق» دېدىم.

مېنىڭ بۇ گېپىمگە ئىشىنىپ باشقىچە گۇمان قىلمىغان بولىسمۇ، ئەتىكەس مال بارمىكىن دېگەن خىيال بىلەن: «مېھمانلار خاپا بولماڭلار، قانۇن بويىچە سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى» دېدى. ئالدى بىلەن مېنىڭكىنى تەكشۈرۈپ قارىغان ئىدى، قولىغا كىتاب چىقتى. باشقىلارغا بىر قارىغاندەك بولۇپ: «سىلەر ياخشى كىشىلەردەك قىلىسىلەر، ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نان - تۇزۇڭلارنى يېدۇق. ئورۇس باشلىقىمىز سىلەرنى كۆرۈپ قالسا، نارىنگە قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمدىكى مەسلىھەت، بىزنىڭ ياردىمىمىز شۇ بولسۇن، سىلەر بۇ چوڭ يولنى تاشلاپ ھېلىقى چىغىر يول بىلەن ماڭساڭلار، بىل ئاشۇۋ ئارقىلىق چېگرا ساقچىلىرىدىن ئۆتۈپ، بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاشراباتقا چۈشىسىلەر» دېدى. بىز ئۇلاردىن بۇنداق غەمخورلۇقنى كۈتمىگەن ئىدۇق. بۇ سۆزنى ئاڭلىشىمىز بىلەن ئۇلارغا سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئارقىمىزغا قايتىپ، قوشماق ھاجى باشلىغان يول بىلەن يولىمىزغا راۋان بولدۇق. تاغ ئارىسىدا سۈنى بويلاپ 3 - 4 سائەت يۈرگەندىن كېيىن، بىل ئاشۇۋ دېگەن داۋانغا يېتىپ

كەلدۇق. داۋان ئۈتتۈرىسىدىكى بىر چاقىرىمچە يول ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، مەنزىلىمىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق كۆكلەم ۋاقتى كېلىپ قار يۇمشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قەيەرگە ئات سالساق، قۇلاققىچە پېتىپ قېلىپ بىر قەدەممۇ ئالغا ماڭالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوغۇق ھاۋا سۆڭەكلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكىلى تۇردى. كۈن قاراڭغۇسىدا بىر نەرسىنى كۆرۈش بەكمۇ تەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، مەن: «بۇ يولىمىز كېلىشمىدى، تۈن بويى قاراڭغۇ، سوغۇقتا قېلىپ خەتەرگە ئۇچرىمايلى، قايتىپ كەتسەك قانداق بولار؟» دېسەم، قوشماق ھاجىم: «كەلگەن يولغا قايتىش بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك، ئەگەر ماڭغان تەقدىردىمۇ تاغ ئىچىدىكى قىرغىزلار مەھەللىسىدىن كېسىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك» دېدى. ئىككىمىز شۇ تەرىقىدە سۆز تالىشىپ تۇرساق، داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىزگە ئۇدۇل قاراپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. خىزىر كۆرگەندەك ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇردۇق. ئۇ كىشىگە ھالىمىزنى ئېيتىپ:«ئەگەر داۋاندىن بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، ئەللىك سوم بېرىمىز» دەپ ۋەدە بەردۇق. ئۇ كىشى ئۆزى پىيادە بولغىنى ئۈچۈن: « ھازىر كەچ كىرىپ كەتتى، مېنىڭ باردىغان يېرىم ئۇزاق، قايتىشتا يولدا قىينىلىپ قالارمەنمىكىن» دەپ رەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئۇ كىشىنى كۆندۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى بىزنىڭ ئالدىمىزغا چۈشۈپ، قار ئۈستىدىكى كونا يولنى تاشلاپ، تاغنىڭ باغرىدىكى پەلەمپەي مۇز ئۈستىگە ئات سالغان ئىدى، ئايىغى تېيىلىپ كېتىپ بەش ـ ئون غۇلاچ تۆۋەنرەكتىكى قارنىڭ ئىچىگە بېرىپ كۆمۈلۈپ قالدى. مىڭ تۈرلۈك مۇشەققەت بىلەن ئاتنى چىقىرىپ، باشقا بىر يول بىلەن سالامەت ئۆتتۇق. قولىدىكى تاياقنى سانجا ـ سانجا كونا يولنى تېپىپ شۇ يول بىلەن بىزنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئۆزى پىيادە بىز ئاتلىق يۈرۈپ، ئامان ـ ئېسەن داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. سۆيۈنگەنلىكىمىزدىن ۋەدە قىلغان ئەللىك سومغا يەنە پۇل

قېتىپ ئۇ كىشىنى يولغا سالدۇق. شۇنىڭغىچە تۇن قاراڭغۇسىدا يول بېسىپ، ھېچ نېمىگە قارىماي داۋاننىڭ پەس تەرىپىدىكى تاغنىڭ باغرى بىلەن ئۇزاق يول يۈرۈپ پەسكە چۈشتۇق. ئۈستى قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان دەريادا سۇنىڭ ئېقىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يول باشچىمىز يوقلۇقىدىن دەھشەتكە چۈشۈپ، ھەم قاراڭغۇ ھەم سوغۇقتا كېتىۋاتقىنىمىزدا، توساتتىن ئالدى تەرەپتىن يالت قىلىپ ئۈچ ـ تۆت يەردىن ئوت يورۇقى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كۆزىمىز ئۇنىڭغا چۈشۈشى بىلەن مېڭىشىمىزنى تېزلەشتۈرۈپ ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا مۇز يېرىلىپ بېلىمگىچە سۇغا چۈشۈپ كەتتىم. يولداشلىرىم ھاپىلا ـ شاپىلا مېنى مۇز ئاستىدىكى سۇدىن قۇتۇلدۇردى. قونچۇمغا سۇ توشۇپ، ئۈستى بېشىم ھۆل بولۇپ كەتتى. ياخشى قونالغۇغا يېقىن كېلىپ قاپتىكەنمىز. چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆي ئالدىغا كېلىپ: «ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟» دەپ توۋلىدۇق. ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ ئۈچ ـ تۆت ئادەم پەيدا بولدى. قارىسام، ئۆز مەھەللىمىزدىكى بەشكېرەم سارىيىدىكى تونۇش سودىگەر كىشىلەر ئىكەن. مېنى كۆرۈشى بىلەن ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ كىيىمىمنى سالدۇرۇپ، ئوتنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ھۆل كىيىملىرىمنى ئوتتا ئىسسىتىپ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ، ئالدىمغا پىشقان تائامنى ئېلىپ كەلدى. ئۆز ئۆيىمىزدە ئولتۇرغاندەك بىمالال تائام يەپ ئولتۇردۇق. تاش رابات سارىيى قېشىغا تىكىلگەن ئېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان قازان ئېسىلغان، ئاستىغا گۈلدۈرلىتىپ ئوت يېقىلغان، قازان ئەتراپىدا ئاق تۇركى خەلقلەردىن ئوچۇق چىراي، توغرا سۆزلۈك قىرغىز، ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن بولۇپ، بىر توپ ئادەم ئولتۇردۇق. كۈن سوغۇق، قورسىقىمىز ئاچ ئىدى. ئاردىن قىرىق ئالتە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، شۇ كۈنى يېگەن تاماقنىڭ لەززىتى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېچىنى دوست ئۆيىدە ياتقاندەك خۇشال ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسام بىز ياتقان ئۆي بۇرۇنقى زاماندىن قالغان تاش رابات

دېگەن تارىخىي ساراي ئالدىدىكى ئۆي ئىكەن. بۇنىڭ بىرىنچى بىناسى كاشغەر هاكىمى مۇهەممەدخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ، شەيبانىلەردىن بۇخارا پادىشاهى مەشهۇر ئابدۇللاھ خاننىڭ (هىجرىيە 1005 ـ يىلى ۋاپات بولغان) زامانىدىشى ئىدى. شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان سودا ـ تىجارەت كارۋانلىرىنى قىرغىزلار هۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن هەر ئىككى هۆكۈمدار ئۆز ئارا كېلىشىپ، بۇ ئورۇنغا كۆزەتچى ئەسكەر قويغان ئىكەن. بۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قانداق نەتىجە بەرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بۇ قۇرۇلۇشتىن ئۆتكەن ۋاقىتتا هېچ بىر نەرسە قالمىغان بولسىمۇ، ئالدى تەرەپتىن كىرىش ئىشىكى ئۈستىگە بىر ـ ئىككى گەزلىك تاختا تاشلار قويۇلغان، ئوتتۇرىدىكى ئۇزۇن بۆلەكنىڭ هەر ئىككى يېنىغا سېلىنغان قىرىققا يېقىن گۈمبەز ئۆينىڭ ئىزناسى بار ئىدى. قىبلە تەرەپتە مېهراب ئويۇلغان، يۈز كىشى ياتقۇدەك كاتتا گۈمبىزى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. شۇلارغا قارىغاندا، بۇ بىنا ئۆز ۋاقتىدا خېلى هەشەمەتلىك قۇرۇلۇش بولسا كېرەك.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئەتىسى هەممىمىز ئون كىشى بولۇپ، تاش رابات داۋىنىنى ئېشىپ جادىر كۆل بويىغا چۈشتۇق. بۇنىڭ باش ـ ئايىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئايلانمىسى ئوتتۇز ـ قىرىق چاقىرىم كەلگۈدەك كىچىكرەك بىر كۆل ئىكەن. يول يېقىنىغا قاراپ يېڭىدىن ئېرىشكە باشلىغان كۆل مۇزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تورۇق ئات سارىيىغا چۈشتۇق. بۇ يەردە سارايچى بىر ئۆيلۈك ئۇيغۇردىن باشقا خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن قويۇلغان هېچ كىشى يوق ئىدى. بىر كېچە يېتىپ ئەتىسى كاشغەر چېگرىسىدىكى «تويۇن تۆپە» دېگەن جايغا كەلگەندە يولىمىز ئىككىگە ئايرىلدى. ئۇدۇل ماڭساق، يول تەكشۈرگۈچى خىتايلار قامال قىلىۋاتقان چاقماق قاراۋۇلخانىسىغا بارىدىكەنمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۈچ كىشى باشقا يولداشلىرىمىز بىلەن مەسلىهەتلىشىپ سول قول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قارا تېكە داۋىنىغا قاراپ يول ئالدۇق. داۋان ئاستىغا كەلگىنىمىزدە 1860 ـ يىللىرى

كاشغەرگە هاكىم بولغان مەرھۇم ياقۇپ بەگدىن قالغان كاتتا قاراۋۇل قورغىنى يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئارىدىن ئۇزاق دەۋر ئۆتمىگەنلىكتىن قەلئە بىنالىرى ئانچە بۇزۇلمىغان ئىدى. بۇ خارابە كۆزۈمگە كۆرۈنۈشى بىلەن بۇ ئىككى تۈركىستاننىڭ ئىلگىرىكى تارىخىنى كۆڭلۈمدىن كەچۈرۈپ، ھازىرقى قايغۇلۇق ھاللار ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. قاراڭ! ئوغۇز، ئۇيغۇر كەبى قەھرىمان تۈركى خەلق باللىرى ئاڭسىزلىق، بىلىمسىزلىكدىن بۇگۈنكى كۈندە قول ـ ئايىغى قۇللۇق، ئەسىرلىك كىشەنلىرىنى سالغان ھالدا، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىندى. باسقۇنچى دۈشمەنلەر ئاستىدا ئۆز ئېلىدە تۇرۇپمۇ، خار ـ زارلىق ئىلكىدە ئەركىنلىك، ئىختىيارلىقتىن چەكلەنگەن ھالدا، مەجبۇرىيەت قامچىسى ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھتەك خۇداسى بار، پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت كەلتۈرگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك يولباشچىسى بار، خۇدا قانۇنى بولغان ئىسلامدەك دىنى بار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ كەبى خارلىققا قېلىشى قۇرئان ھۆكۈمگە قارىغاندا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى قۇرئاندا ئېيتىلىشچە، ئىسلام دىنى ئىلاھىي بىر قانۇندۇر. بۇنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى مۇسۇلمانلار ھەر ئىككى دۇنيا دۆلىتىگە ئەلۋەتتە ئىگە بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىدە ھېچ شەك يوقتۇر. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ شان ـ شەۋكىتى بۇ سۆزنى ئېنىق ئىسپاتلىدى. تۈركىيە سۇلتانلىرىدىن سۇلتان سۇلايمان قانۇنى دەۋرىدە پۈتۈن ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرى ئىسلام پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئۇممىتىم ئاۋۋالدا نېمە بىلەن كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئاخىرىدىمۇ شۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن. مەلۇم بولىدىكى، رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىن باشلاپ، ئىسلام تەرەققىياتىنىڭ داۋامىغىچە ئىسلام پادىشاھلىرى ئالدىدا قۇرئان ھۆكۈمى بىرىنچى قوللانما قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن ئوچۇق مەلۇم

بولىدىكى، ئىلىم - ھۈنەردە ئارقىدا قېلىپ باشقىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا قالغان مۇسۇلمانلار قۇرئان ھۆكۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ھەقىقىي ئىسلامىيەتتىن بەھىر ئالالمىغان ئىكەن. بولمىسا، قۇرئان ھۆكۈملىرى ئاساسەن ئۈچ ئىشتا توختالغان ئىدى.

بىرىنچى: ئىتتىپاقلىق؛ ئىككىنچى: زامانىۋى ئىلىم - ھۈنەرنى ئۆگىنىپ، ھەر ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇقلاش؛ ئۈچىنچى: دۈشمەن ئالدىدا ئۆلۈمدىن قورقماسلىق.

كىمكى ھايات ئالەمدە مانا بۇ ئۈچ نەرسىگە ئىگە بولالايدىكەن، ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇقىنى باسقۇنچى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالالايدۇ - ئەلۋەتتە!

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىمىز بەكمۇ يىرگىنچلىك بولۇپ، ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن ئۆز دۆلىتىمىزدىن ئايرىلدۇق. 1840 - يىللاردىن باشلاپ، رۇس باسقۇنچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە بۇخارا ئەمىرلىكى، قوقەند ۋە خارەزمدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىق بار ئىدى. ياۋروپادا ئىلىم - مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالىمى ئويغىنىش ھەرىكىتىنى باشلىغان بىر دەۋردە، بۇ خانلىقلار خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، جاھىلىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. نى - نى قابىلىيەتلىك ۋەتەن ئوغلانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز ئۆمرىنى بۇخارانىڭ قەدىمكى مەدرىسىلىرىدە ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن. فارابى، ئىبنى سىنا چىققان بۇ ئەزىز ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ھېچ كىم قايغۇرمىدى. شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئىتتىپاقسىزلىق بالاسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلماي، بەلكى ئۆز ئارا ئۇرۇش - تارتىش بىلەن بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا بىر - بىرى بىلەن سوقۇشتى. مۇنقەرز بولۇش

ئالدىدا تۇرۇپمۇ، ئىلمىسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىدىكى بار ئىمكانىيەتتىنمۇ پايدىلانمىدى. زۆرۈر سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدەنمىدى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىدە ئىدى. شۇنداق ئىقتىسادىي بايلىق تۇرۇپمۇ دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا ھېچ قانداق ئەھمىيەت بەرمىدى. ئەسكىرىي تەرتىپ كونا ئۇسۇلدا بولۇپ، تەرتىپ - نىزامى ۋە زامانىۋى قوراللىرى يوق ئىدى. بۇنداق ئاڭسىز ھۆكۈمەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشى تەبىئىيدۇر. ئۇلار ۋەتەن، مىللەت ئالدىدا ئەڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھلارنى سادىر قىلدى. دۆلەتنى ئىنقىرازغا، مىللەتنى قۇللۇققا، ۋەتەنلىرىنى خارلىققا ئېلىپ كەلدى. قېنى ئۇلارنىڭ قۇرئان ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلغانلىقلىرى؟!

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنىڭ بىلەن قارا تېكە قورغىنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، داۋان ئۈستىگە قاراپ يول ئالدۇق. بەزىلەر تاغلاردا تۇمانلىق ھاۋا بارلىقىنى خەلق ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ كۆرمىگەن ئىكەن. يولنىڭ قىيىنلىقى، تاغنىڭ تىكلىكىدىن ئات ئۈستىدە تۇرالماي، ھەممىمىز ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈپ، پىيادە يۈرۈشكە باشلىدۇق. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن يۈرىكىمىز ئۇرۇپ، نەپىسىمىز سىقىلىشقا باشلىدى. بۇ تاغلاردا تۇمان بارلىقىدىن خەۋىرىمىز بولمىغاچقا ئۇنىڭ تەييارلىقىنى ئالدىن قىلمىغان ئىكەنمىز. تېنىم ساغلام، يىگىتلىك چاغلىرىمدا، تۇمانسىز تاغدا تېكىدەك سەكرەپ يۈرگەن كىشى ئىدىم. بۇ يەردە بىر قەدەممۇ يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمەي، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، مىڭ تۈرلۈك چارە بىلەن تەستە داۋان ئۈستىگە چىقىۋالدۇق. قارىساق، دۈشمەنلەر قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن تاغ چوققىسىدىكى قىيىسىق جايىنمۇ چىتلاپ قويغان ئىكەن. داۋاندىن ئېشىپ، تۇماندىن قۇتۇلۇپ، تاغ تېگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىرغىز سال مىرزا سارىيىغا كېلىپ قوندۇق. ئەتىسى بۇ يەردىن ئاتلىنىپ شۇ يۈرگىنىمىزچە يۈز چاقىرىم كەلگۈدەك ئاياق، چاناق، ئازگال

چۈللەردىن ئۆتۈپ، كۆپ پاتاردا ئاغۇ كەنتىگە كەلدۇق. ئاغۇ يول ئۈستىدە بولمىغاچقا، بۇ يەرنى ئارىلاپ ئۆتۈش بىزگە نېسىپ بولمىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن، يىراقتىن قويۇق قارا دەرەخلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ ئاستىن ئاتۇش يۈرتىنىڭ ئەڭ بېشىدىكى ئىتاچى كەنت ئىكەن. بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، تۈن نىسپىدە يولدىشىمىز قوشماق ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتۇق.

كاشغەر، يەكەن، خوتەن شەھەرلىرى ۋە ختاي تۈپرىقىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسى، ھىجرىيەنىڭ 95 ۋە 96 ـ يىللىرى خەلىپە ئەۋەتكەن ئىسلام مۇجاھىدلىرىدىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم قولىدا پەتھى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئالتىشەھەر ئۆلكىسىدە پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى ئورناشماي تۇرۇپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى قايتىپ كېتىشكە باشلىغان. چۈنكى باغداتتىكى خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمىلىك بىلەن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قايتقان ئەسكەرلەر پەرغانىگە كېلىپ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەنجان شەھرىدىن يىگىرمە بەش چاقىرىم كۆپ چىقىش تەرەپتە سوپى قىشلاق ئەتراپىدىكى خەلىچ شەھرى (ئىلگىرىكى پەرغانە مەركىزى) ئالدىدا ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ كۈنلەردە، بۇ مازارنى يەرلىك كىشىلەر «شاھ قۇتەيبە مازىرى» دەپ ئاتاشتى. رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن سەيفۇللاھ (ئاللاھنىڭ قىلىچى) نامى بېرىلگەن ئىسلام قوماندانلىرىنىڭ بىرىنچىسى مەشھۇر خالىد ئىبنى ۋەلىد، كېيىن بىرىنچى دەرىجىدە ئاتاقلىق خوراسان فاتىھى، بۇخارا فاتىھى، سەمەرقەند، پەرغانە، كاشغەر، خوتەن، گەنسۇ تاكى ختاي مەركىزىگىچە ئىسلام فەتھلىرىنى يەتكۈزگەن ئۇ قەھرىمان فاتىھ قوماندانلار ئىتتىپاقسىزلىق ۋە شۇملۇقىدىن ئاشۇنداق پاجىئەگە گىرىپتار بولدى. مۇسا ئىبنى نەسىر، تارىق ئىبنى زىياد قاتارلىق قوماندانلارنىڭ ھەسەت

قىلىشىدىن چىققان ئىختىلاپلار غەربتىكى ئىسلام فەتىھلىرىگە قانداق توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق شەرقتە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك زىيانغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مەركىزى شەھەرلەردە يېڭىدىن تارقىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام دىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بىر ـ ئىككى ئەسىر ئارقىغا چېكىنگەن ئىدى. بۇ ئارىلىقتا، ماۋەرائۇننەھىر ئۆلكىسىدە ئادالەتلىك سامانىيلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ، بۇ مۇبارەك دەۋر نەتىجىسىدە ئىلىم، مەدەنىيەت، ئىسلامىيەت يېڭىدىن راۋاجلىنىپ، فارابى، بىرونى، ئىبنى سىناغا ئوخشاش ئىلمىي ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ئۇلۇغ ئالىملار مەيدانغا كەلدى. ئەنە شۇ دەۋردە ئىراندىكى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى كىيانى پادىشاھلىرىدىن كەيكاۋۇس، كەيخىسراۋلارنىڭ زامانىدىشى دوقۇخان (ئىرانچە ئافراسىياپ) نەسلىدىن سۇتۇق بۇغراخان كاشغەر، بالاساغۇن بەلكى ئومۇمىي تۈركىستانغا خان بولغان ئىدى. تۈركىستان سامانىيلارغا چېگرىداش بولغانلىقتىن سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دالالىتى بىلەن ئاتىسىدىن يوشۇرۇنچە ئىسلام دىنىغا كىردى. كېيىن خوتەن ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرىستان خەلقى، بۇ خاننىڭ ھىممىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قايتىدىن قوبۇل قىلدى.

قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم شەرققە ئىسلام تارقاتقان بولسا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى تارقاتقان ھەم ئورناتقان كىشى ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان تەخمىنەن ھىجرىيەنىڭ 380 ـ يىللىرىدا ۋاپات بولۇپ، ئاستىن ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغان.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ ئاستىن ئاتۇشتا يولدىشىمىز قوشماق ھاجىم ئۆيىدە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئالغاندىن كېيىن، كاشغەر شەھىرىگە چۈشمەكچى بولۇپ، يولغا چىقتۇق. كۈن ئىسسىق، چاڭ ـ توزان ئىچىدە قىرىق بەش چاقىرىمچە يول يۈرۈپ، شەھەر ئىچىگە كىردۇق. بۇ يەردە توقماقتا

تۇرغان سودىگەر كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشمەستىن يارباغ دەرۋازىسى سارىيىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان توقماقلىق يولداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا چۈشتۇق. شۇ كۈنلەردە (1920 ـ يىلى)، ئىچكى - تاشقى دەھرىلەر بىرلىشىپ چىرىگەن ئەمىر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، بۇخارانى بېسىۋالدى. پەرغانە شەھىرىنىڭ پۈتۈن قىشلاق خەلقلىرى قوزغىلىپ، باسمىچىلار نامىدىكى قوزغىلاڭچىلار باش كۆتۈردى. نەتىجىدە، ئۇلۇغ - سولنى ئايرىيالمايدىغان، كەتمەن كۆتۈرۈپ تېرىقچىلىقتىن باشقا ھېچ نېمىنى بىلمەيدىغان قارا دېھقانلار، يەر ئاستى ۋە ئۈستىدە ئىشلەيدىغان، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاڭسىز قارا ئىشچىلاردىن باشقا، كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ بېشىغا قىيامەت بولغان ئىدى. بۇلاردىن ئەڭ بايلىرى ئېتىلىپ، چېپىلىپ، ئۆلۈكلىرى ھاك سۇيىگە تاشلانغان ئىدى. قالغانلىرىنىڭ كۆپرەك قىسمى ئۆلۈمدىن ئارتۇق قىيناق تۈرمىلىرىدە ئۇزاق ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن، يىراق يەرلەرگە سۈرگۈنگە ھەيدىلىپ، ئەڭ ئېغىر ئىشقا سېلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدى يىگىرمە يىل، ئەڭ ئاخىرى ئون يىل تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، يۈزدىن بىرىمۇ ساق قايتىپ كېلەلمىدى. كەلگەنلىرىمۇ سالامەتلىكى ناچار بولغانلىقتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەي ھەرخىل كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگەپ كەتتى. رۇسىيە تۇپرىقىدىن كۆتۈرۈلگەن پىتنە ۋولقانلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويلاپ، چۇقان كۆتۈرۈپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى چېگرا تېشىغىمۇ تارقالغان ئىدى. مەن ئەنە شۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا چوڭقۇر خىيال، ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن كاشغەرگە كەلگەن ئىدىم. قارىسام، بۇ يەردىكى ئاڭسىزلىق، ئىلىمسىزلىك بالاسى بىزدىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئويلىغان ئويلىرىم بۇزۇلۇپ، ھەيرانلىق ئىلكىگە پاتتىم. شۇ كۈنلەردە كاشغەردە ھەرتۈرلۈك ئايەت، ھەدىس، تەپسىرلەردىن، دىن ئىلمى ئوقۇتقۇچىلاردىن يۈزلەپ، ئوقۇغۇچىلاردىن نەچچە

مىڭلاپ تېپىلاتتى. پۈتۈن ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان شەھەرلىرىنى قاپلىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بۇ يەرلەردە كۆپ ئىدى. خەلق ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان دەھشەتلىك ئىشلارنى كۆزلىرى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ تارتقان ئىدى. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، تەسىرى بەكمۇ زور بولدى.

ئەڭ ھەيران قالغۇدەك ئىش شۇكى، ئۇيغۇرلار قان - قېرىنداشلىرى بولغان ئۆزبېكلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن شۇنداق چوڭ ئاپەت، بالالارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاڭسىز، ئىلىمسىزلىق كاساپىتىدىن، قىلچىلىك ئىبرەت ئالمىغان ئىدى. چۈنكى بۇ شۇم مەسىلەكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىككى نەرسە يەنى كەمبەغەللىك، ئاڭسىزلىق سەۋەبچى بولغان ئىدى. شەرقي تۈركىستاندا خىتايلار بۇ مەسىلەكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس مەسلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرى بويسۇندۇرۇلغان بۇ مىللەت خىتاي تەرىپىدىن ئوچۇق - ئاشكارا قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

مەن بۇ يەردە شۇنچە تۇرساممۇ، ماڭا ھەمكارلىشىپ، كېلەچەك ئۈچۈن قايغۇرىدىغان بىر كىشىنى بولسىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. كۆزى ئېچىلمىغان بىلىمسىز بىر مىللەتنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ئالدىدا قۇشخانىغا ھەيدىلىۋاتقان بىر توپ ھايۋاندىن ھېچ قانداق پەرقى يوق. ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ھالاكەتلىك دۈشمىنى ئاڭسىزلىق، ئىلىمسىزلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، بىلدۈرۈش، يېزىش بىلەن باشلىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىز دېمەي پۈتۈن ئۈممەتلەرنى ئىلىم ئوقۇشقا بۇيرۇدى. دىنىي ئىلىمنى ئوقۇش ھەممىگە پەرز بولغاندەك، ئۆز ھۆكۈمىتىنى، ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى قوغداش ئۈچۈن زامانىۋى پەن - بىلىملىرىنى ئوقۇپ، بىلىشمۇ پەرزدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ

تەرىپىدىن:«دۈشمەنلەرگە قارشى قولىۇڭلاردىن كېلىشچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار» دەپ ئېنىق بۇيرۇلغان.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھۇشيار بولۇڭلار، كۈچ ـ قۇۋۋەت دېمەك، ئوق ئاتماق دېمەكتۇر دەپ ئۈچ قېتىم قايتا ـ قايتا ئېيتقان.»

بۇنىڭدىن 1380 يىل ئىلگىرى (كىتاب ھىجرى 1380 ـ يىللاردا يېزىلغان) ئېيتىلغان سۆزنىڭ تۇغرا ئىكەنلىكىنى ھازىرقى پەن ئىلمى ئىسپاتلىدى ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمدى ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىمىزغا ئۆكۈنۈپ ئولتۇرۇش ئورنىغا ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، كېلەچەكىمىز ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم. چۈنكى ئىككى تۈركىستان باللىرى ئىككى ئەژدىھانىڭ ئاغزىغا تۇغرا كېلىپ، يۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلەن تولۇق قوراللىنىپ، مىللىي ھېسسىياتلاردىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆز ئانا تىلىنى جان پىدالىق بىلەن ئاسراش لازىم. بۇ ئورۇندا نېمە ئۈچۈن مىللىي ھېسسىياتنى ئېغىزغا ئالدۇق؟ نېمە ئۈچۈن دىنىي ھېسسىيات دېمىدۇق؟ بۇنىڭ سەۋەبى دەھرىيلەر ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، پۈتۈن دىنىي مەكتەپ ۋە دەرسخانىلار يوقىتىلىپ، كېيىنكى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى دىنسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. شۇنىدىن بۇيانقى تۇغۇلغان باللىرىمىز دىنىي تەربىيە كۆرمىگەنلىكتىن مۇسۇلمانچىلىق يوللىرىنى ياخشى تونۇيالماي قالدى. ۋەتەن باللىرىغا دىن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلمىدى. ئۆز مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىل تەربىيىسىدىن ھېچ ۋاقىت ئايرىلماسلىق لازىم ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز دىنىدىن ئايرىلغاننىڭ ئۈستىگە تىلىدىنمۇ ئايرىلسا، ئۇنىڭ مىللىتى يوقىلىپ، ھاياتى مۇنقەرز بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، شۇ كۈنلەردىكى كۆن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تۈركىستان باللىرىنىڭ، مۇنداقچە

ئېيتقاندا ئۇيغۇرىستاننىڭ كېلەچىكى بۇ دەھشەت ئاستىغا چۈشكەنلىكى شۈبھىسىز كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، مەن كاشغەرگە كەلگەن كۈنلىرىم، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن باشلانغان دەۋرى بولۇپ، دۇنيا ھۆكۈمەتلىرى ئالدىدا تونۇلمىغانلىقتىن ھېلىغىچە بۇ يەردە كونسۇلخانىلىرى يوق ئىدى. لېكىن بۇ مەملىكەتلەرنىڭ بۇرۇندىنلا چاترال داۋنى ۋە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستان، ئافغانىستان بىلەن سودا ئالاقىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم ئىدى. يەركەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە تۇرغان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىنگلىز پۇقرالىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ باھانىسى بىلەن كاشغەردە بۇ دۆلەتنىڭ كونسۇلخانىسى ئۇزۇن يىللار داۋام ئېتىپ كەلگەن ئىدى.

مەلۇمكى، ئىنگلىزلار قايسى جايغا قەدەم قويسا، مەدەنىيەتسىز يەرلىك خەلققە غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن قولىدىن كەلگەنلىرىنى قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزۈم ھەقىقەت بولسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي بالاسىدىن قۇتقۇزۇش شارائىتى بار ئىدى. بىراق ھەقىقەتتى بىلەن ئىنسانىيەت غەمخورلۇقىنى قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۈممەتلىرىدىن باشقا بىراۋنىڭ بۇ كەبى ئۇلۇغ شەرەپكە ئېرىشمىكى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇ كۈنلەردە ئالتىشەھەر — ئۇيغۇرىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى قەغەز يۈزى ۋە تىل ئۈچى بىلەن دۆلەت مەركىزى بېيجىڭغا باغلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىر خىتاي خانلىقى دەۋرىدىن قالغان بىر تەسىر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دېمەك، ھەر ئىككى تۈركىستان خەلقى ئاڭسىزلىق، ئىلىمسىزلىك كاساپىتىدىن بۇنداق قۇلاي شارائىتلار بولۇپ تۇرۇقلۇق، بۇلاردىن ئۆز ۋاقتىدا پايدىلىنىش يوللىرىنى تاپالمىدى. ئوچۇق بىر مەقسەتنى ئۆز ئالدىغا شەرت قىلىپ قويۇپ، تەشكىلىي رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇدەك بىرەر

ئادەم يوق ئىدى. ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ھېچ كىم قايغۇرماس ئىدى. چۈنكى بۇ بىچارە خەلق خۇراپات زۇلۇمى ۋە جاھىلىيەت پاتقىقىغا پۈتۈنلەي پاتقان ئىدى. بۇنىڭغا شۇ دەۋردىكى مۇھىت ئەيىبلىك ئىدى. قۇرئاننىڭ: «بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر تەڭ كېلەلەمدۇ؟» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم ئىدى.

نېمە ئۈچۈن كېيىنكى ئەسىرلەردە تۈركىستان خەلقى بۇنداق جاھىلىيەت پاتقىقىغا پاتتى؟ بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى دىنىي ئاساسى بىلەن چۈشەنمىگەن ئىلىم، مەدەنىيەت دۈشمەنلىرى ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولدى. ئۆزلىرىنى دىن ھامىيلىرى دەپ ئېلان قىلىپ، خەلقنى مەرىپەت نۇرىدىن مەھرۇم قىلدى. زامانىۋى پەننىي بىلىملەردىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇردى. چەت دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلىمىدى. ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ھېچ قانداق ئەھمىيەت بەرمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىچىدە ئويغىنىش، پىكىر قىلىش ۋە بار شارائىتلاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. دۆلەتنىڭ ئىنقىرازى، مىللەتنىڭ ئاجىزلىقىغا شۇ جاھىللار سەۋەب بولدى.

## قوقەند مۇختارىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر

بۇ يەردىن ئۇمىدسىزلەنگىنىمدىن كېيىن، ئافغانىستان، ھىندىستان چېگرىلىرىنىڭ بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈشنى ئويلىغان بولساممۇ، يالغۇزچىلىق قايغۇسىدا بالا ـ چاقىلاردىن ئايرىلىپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىشنى نومۇس بىلدىم. بولۇپمۇ تۇڭگانلار ئىچىدىن جان ـ جىگەر شاگىرتىم داۋۇت ھاجى مەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، قاتتىق قارشىلىق قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، رۇسىيىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، پەرغانىگە مۇختارىيەت بېرىلىپ، پولشا پالياك مۇسۇلمانلىرىدىن

ئاغايۇپ ئاتلىق بىر ئادۋۇكات رەئىسلىكىدە ئون ئىككى كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەزا سايلانغان ئىدى. شۇلاردىن بىرى ئاكىمىز ئالىمخان تۆرە جانابلىرى ئىدى. بۇ ئىشقا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى چىققان بولشېۋىكلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئەرمەنلەردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەرنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، خەلق ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ باشلىقى، قوماندانلىرى تۆرك قېنىغا چاڭقىغان قان ئىچەر پىرقە ئەزالىرى بولغانلىقتىن قوقەند شەھرىدە قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى ئوتتۇرا ئەسىر يىرتقۇچلىرى چىڭگىزخان دەھشىتىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى. ئاڭسىز خەلق بۇنى ئونۇتقان بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ نەيزىسىنىڭ زەربىسىدىن يۈرەكلىرى پارچىلانغان، كۆز ياشلىرى بىلەن كۆڭۈل سەھپىسىگە دەھشەتلىك زۇلۇم خەتلىرىنى يازغان تارىخچىلار بۇ كەبى پاجىئەلەرنى ھېچ قاچان ئۇنتۇمىغان ئىدى. خەلق كۆزىنى قورقۇتۇپ ئۇلارغا دەھشەت سېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئېتىش، چېپىش باشلىغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئوت قويۇپ پۈتۈن شەھەر، بازار - رەستىلەرنى كۆيدۈرگەن ئىدى. بۇ ۋەقەدىن بەش - ئالتە يىل كېيىن قوقەندگە بارغىنىمىزدا بۇزۇلۇپ، ۋەيران قىلىنغان كۆپ ئىمارەتلەرنى، كۆيدۈرۈلگەن بازار - رەستىلەرنى، كۈلگە ئايلانغان تۆپىلەرنى كۆرۈپ ئىچىمىز سىرىلىپ كەتكەن ئىدى. مانا شۇ قوقەند مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى ئەزاسى ئاغايۇپ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، پولشا مۇسۇلمانلىرىدىن ئىدى.

چار ھۆكۈمىتى يىقىلغاندا، پولشا باشلىق پۈتۈن بالتىق بويىدىكى مىللەتلەر ئۆز ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، مۇختارىيەت ئالغان ئىدى. بۇنى ئويلاپ ھەق تەلەپ قىلغۇچى ۋە بۇ ئىشنى باشقۇرغۇدەك ئادەم يوقلىغىنى بىلگەن پولشا مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى قوزغىلىپ، تۈركىستان دىن قېرىنداشلىرىنىڭ بىرىنچى مەرتىۋە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ياش دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن

بۇنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۆزى ئادۋوكات بولۇپ، چار ھۆكۈمىتىگە قارشى پولشا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلابچىلىرىدىن ئىدى.

قوقەندگە كېلىشى بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشەنگەن كىشىلەر ئۇنى ئەتىۋارلاپ، يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان مىللىي مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىگە رەئىس سايلىغان ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئون ئىككى كىشىدىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت ھەيئىتى تۈزۈلۈپ، ئەمدى ئىشقا كىرىشۋاتقان چاغدا بالا ـ قازادەك بولشېۋىكلار كېلىپ باستۇرغىلى تۇردى. قېچىشقا ئۈلگۈرگەن كىشىلەر قېچىپ قۇتۇلدى. ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىلەردىن دۈشمەن قولىغا چۈشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ بەختسىزلەرگە ياردەم ئۈچۈن ئائىلىسى، ۋەتىنى، بەلكى پۈتۈن بەختى ـ تەختىدىن كېچىپ كەلگەن پولشىلىق دىن قېرىنداشلىرىمىز يەرلىك بەختسىزلەر قاتارىدا قولغا چۈشۈپ، بىز ئۈچۈن قۇربان بولدى. ئېھتىمال بۇلارنىڭ ۋەھشىيلىك مەسلىكىدىن خەۋىرى بولمىسا كېرەك. پۈتۈن دۇنيا بويىچە، ھەر يەردىكى ئىنسانلار ئۆز ھوقۇقلىرىغا ئېرىشىۋاتقان يىگىرمىنچى ئەسىردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەھشىيلەرچە ئېتىش، چېپىش بىلەنلا ئىش ئېلىپ بارمىسا كېرەك. بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلەشمەكچى بولغان مەقسەتلىرى نېمىدۇر؟ ئۇنى بىلەيلى دەپ، ئادۋوكاتلىق قىلىپ، ھوقۇقشۇناسلىق يولى بىلەن بۇ يىرتقۇچلارغا سۆز ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قولغا چۈشكەن ئىدى. بولمىسا باشقا جان قۇتقۇزغان باتۇرلاردەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ قەھرىمان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، زالىملار قولىدا خارلىنىپ تۈرلۈك ئۆلۈمنى ئارتۇق كۆرۈپ، ئاچلىق ئېلان قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك ھاكىمىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق جازا چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئون بەش كۈنلەپ ئاچلىق ئېلان قىلىپ

ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆلەر ھالىغا يەتكەندە باشقا ياققا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى بىزگە نامەلۇم.

ئىنسانىيەت ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، شۇنداق ئالىيجانابلىق كۆرسەتكەن بۇ قېرىنداشىمىزغا پۈتۈن ئىنسانىيەت نامىدىن چىن كۆڭلۈمدىن سالام يوللاپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىغا ئەبەدىي رەھمەت تىلەيمەن! بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانىيەت قەھرىمانلىرى ئاز بولمىسىمۇ، ھەققانىيەت قۇربانى بولغان بۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنىڭ كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ يېزىپ قالدۇرۇشنى لايىق كۆردۈم.

## ئاتېئىزم بىلەن كۈرەش

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئەمدى شۇنى بىلىش كېرەككى، قۇرئاننىڭ ھۆكۈمىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى ياخشى چۈشەنمەي، دىنغا خىيانەت قىلىپ، ئىككى دۇنيادىن ئايرىلغان، ئۆز ۋەتىنىدە خارلىق بىلەن ياشىغان، يالغان مۇسۇلمانلاردىن، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان كاپىرلار ئەلۋەتتە ئارتۇقراقتۇر.

پۈتۈن ئۇيغۇرىستاننى قاپلىغان بۇ ئاڭسىزلىق ئاپىتىنى كۆرۈپ ئۇ يەردىن ئۈمىدىم ئۈزۈلۈپ، يامان بولسىمۇ يېڭىدىن ئوت تۇتىشۋاتقان پىتنە ئوچىقى ئىچىدىكى ئۆز يۇرتۇم توقماققا قايتىپ كەلدىم. قارىسام، سايىسىدىن قورققان توشقاندەك ھەر يەردە قېچىپ يۈرۈپ، كۆن كەچۈرۈۋاتقان بىچارە ئىنسانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇلار قاتارىدا مەنمۇ شەھەردىن يىراقراق شور تۆپە دېگەن يەردە تۇڭگانلار قىشلىقىدا تۇرۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈش خىيالىغا كەلدىم. مەرھۇم ئاتىمىز نەسىھەت قىلىپ: «ئىمام بولۇشتىن ساقلىنىڭلار!» دەيتتى. شۇ نەسىھەتكە ئاساسەن بىر - ئىككى يىل ئۆز ئىشىم بىلەن يوشۇرۇنچە

جان ساقلىدىم. لېكىن بۇ ئۆلكىدىكى مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلىۋاتقان كىشىلەر قاراساۋات ياكى چالا ساۋات كىشىلەر بولۇپ، دىنىي بىلىمنى چۈشىنەلىگۈدەك بىرەر ئىلمىي ئالىم يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، بولشېۋىك ھۆكۈمىتى دىنسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بولغانلىقتىن، دىنغا قارشى تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، دىندارلارغا ھۇجۇم قىلىنىۋاتقان بىر زامان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئالىمنىڭ سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشى، ئۆز دىنىغا قىلىنغان خىيانەت ئىدى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ: «ئىمام بولماڭلار!» دېگەن ۋەسىيىتىگە قارىماي، خەلق تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، توقماق شەھىرىنىڭ كاتتا مەسچىتىگە ئىمام بولدۇم. شۇ بىرىنچى كۈنى جامەئەدە، ياق، مۇنبەر ئۈستىدە ئاز دېگەندە بىرەر مىڭ كىشىلىك جامائەت ئالدىدا، ئەقلىي ـ نەقلىي پىكىر يۈرگۈزۈپ، دىنسىزلىققا قارشى ئۆتكۈر بىر ۋەز سۆزلىدىم. مەسچىت خەلقى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ دىللىرى ئېرىپ، كۆزلىرى ياشقا توشتى. ھەر تەرەپتىن «ئاھ خۇدا» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، يىغا ـ زارىلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ھەممە يەردە بولشېۋىكلارنىڭ رەھىمسىز جاللاتلىرى ئۈچ ھەرپلىك «گ پ ئۇ» كۆز ـ قۇلاق جاسۇسلىرى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىرەر تەرەپتىن بۇ ئىشقا ئاچچىق رەۋىشتە توسقۇنلۇق بولمىغاچ، دىنىي روھ قىزغىنلىقى بىلەن ئۆز ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردۇم. شۇ ئارىدا (1922 ـ يىلى)، ئاتباش، نارىن، قازاق دېگەن يەردىكى رۇسلار بوندۇرۇپ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا بىر بۆلۈك ياللانما، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈر دېسە، ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغان قارا تۈرك ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن كېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا باشلىدى. سىرتتىن ياردەم كۈچى بولمىغان بۇ قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا قارشى تۇرالماي كاشغەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى.

بۇلارنىڭ كاساپىتىدە توقماق، بىشكەكتىكى باي سودىگەرلەر ياكى خەلق ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم - مەرىپەتلىك كىشىلەردىن سەكسەندەك كىشى بىر كېچىدىلا تۇتقۇن قىلىنىپ، ھېچ قانداق سوراقسىز، گۇناھى بار - يوق ھەممىسىنىڭ قولى سىم تانا بىلەن باغلىنىپ، شەھەر سىرتىدىكى قارا ياغاچلىق باغقا ئېلىپ بېرىلىپ، ئېتىپ تاشلاندى. بۇ گۇناھسىز بىچارىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قېزىلغان چوڭقۇر ئازگالغا كەلتۈرۈلۈپ ئېتىپ، چاناپ تاشلىغانلىقتىن بەزىلىرى چالا ئۆلۈك بولۇپ، ئازگالغا چۈشكەن ئىكەن. شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنى شۇ پېتى كۆمگەچكە ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە تۇپراق يۈزى لۆمشىپ تۇرغان ئىكەن. بۇنداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، رەھىمسىز، ۋەھشىي ھادىسىلەرنى سادىر قىلغان بۇ كىشىلەر، شۇ زامانىنىڭ مەدەنىي يىرتقۇچ ھايۋانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ۋەھشىيلىكلىرىنى يېزىپ تاماملاش بەكمۇ تەس ئىدى. چۈنكى تارىختا كۆرۈنگەن ئىشلارنىڭ ياخشى - يامىنىنى قالدۇرماي ئۆز پېتى يېزىپ قالدۇرۇش، تارىخچى ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر. بۇ دىنسىز دەھرىيلەر ھاكىمىيىتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلىرىدە يېڭىدىن بولۇۋاتقان تراگېدىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، گوياكى خاماندىن بىر ئۈچۈم دان، دېڭىزدىن بىر چۆمۈچ سۇ ئالغاندەكلا بىر دەلىلدۇر.

بۇنىڭدىكى مەقسەت قۇرۇق سۆز بىلەن داستان توقۇپ، توقۇلما ھېكايە يېزىش ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ۋەتەن بالىلىرى ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ، كېلەچەكتە قانداق ياشاشنىڭ يولىنى تاللىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈندۇر.

تارىخچىلار، ۋەتىنىمىز ئۆزبېكستان ئۆلكىسىنى شەرقتىن، شىمالدىن كەلگەن باسمىچىلارنىڭ نەچچە قېتىم بېسىۋالغانلىقىنى ۋە بۇ ئەزىز تۇپراقنى خانىۋەيران قىلغانلىقىنى يازىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىلگىرىكى پارلاق مەدەنىيىتىمىز ۋەيرانىلىققا ئۇچراپ، ئەۋلادلىرىمىز تەبىئىي ئۆسۈشتىن توختىغانلىقى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بىزگە چېگرىداش خىتاي نوپۇسى ئاخىرقى ھېسابتا يەتتە يۈز مىليونغا يەتكەندە، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا زامانداش بولغان بىز تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى ھازىرغا قەدەر ئون مىليوندىن ئاشمايدۇ؟ تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى نەچچە خىل بولۇپ چىقتى. لېكىن ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيلاسوپلارنىڭ ئېيتىشىچە ۋە تارىخىي تەجرىبىلەردە كۆرستىلىشىچە، قايسى بىر مىللەت ئۆز مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى يوقىلىدىكەن، بۇ دۆلەت ئىگىسى بولغان يەرلىك خەلق ئەۋلادلىرى يىلسېرى ئازىيىپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي يۇتۇلۇپ كېتىش خەۋپىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئۆز ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلدى دېمەك — ئىنقىراز دېمەكتۇر. شۇ سەۋەبلىك دۇنيادىكى ئاڭلىق مەدەنىي مىللەتلەر ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، نەچچە مىليونلاپ قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرغان. ھالبۇكى، ھەر مىللەت ئىمان ـ ئىسلامنى ساقلاش، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئىش قىلىش قانداق پەرز قىلىنغان بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزلۈكنى ۋە ئۆز مىللىتىنى ساقلاش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم پەرزدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قايسى بىر كىشى ئۆز ئاتىسىنى تاشلاپ، ئۆزىنى باشقا بىراۋنىڭ بالىسى دەۋالسا ياكى بىر مىللەت تىلى، دىنى، ئۆرپ ـ ئادىتى باشقىچە، ئىككىنچى بىر مىللەتكە ئۆتسە، ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ لەنەت ئوقۇغان ئىدى. مىللىي ھېسسىياتنى يوقىتىپ، ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈش قۇرئان ھۆكۈمى بويىچە ھارامدۇر.

تەبىئىي بايلىقى دۇنياغا تونۇلغان، جەننەت كەبى نازۇ ـ نېمەتلىك، ئاقار سۇلىرى مول، كەڭ يايلاقلىق، باغۇ ـ بوستانلىق گۈزەل ۋەتىنىمىز ئۆزبېكىستان ئۆلكىسى ئەتراپىمىزدىكى ئاچ كۆز مەلئۇنلار تەرىپىدىن ھەر زامان بۇلاڭ ـ تالاڭ

قىلىنىپ تۇرغانلىقى مەشھۇر تارىخىي كىتابلاردا بايان قىلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى كۈنىمىزدىن يەتتە يۈز سەكسەن يىل ئىلگىرى (بۇ كىتاب 1966 ـ يىلى يېزىلغان)، پۈتۈن دۇنياغا دەھشەت سالغان ئوتتۇرا ئەسىر يىرتقۇچلىرىدىن چىڭگىزخاننىڭ بىرىنچى تاجاۋۇزى بىز تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، 20 ـ ئەسىردە ئىنسانىيەت ئالىمگە «بەخت» يارىتىمىز دېگەن كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ زەربىسىمۇ، بىرىنچى قەدەمدە يەنە بىز تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلدى. بۇ ئاتالمىش بەختتىن پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇ ئارقىلىق ئىلىم، مەدەنىيەت، ھۈنەر ـ سەنئەت تارقىلىپ ئافرىقا چۆللىرىگىچە بېرىپ يەتتى.

پەقەت بىزدىن باشقا ھەر يەردىكى مىللەتلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر ۋەتەن باسقۇنچىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئەركىنلىكىگە، مىللىي ھۆكۈمەتلىرىگە ئېرىشەلىدى. بىز بولساق، ھەقىقەتتە بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھەممە نەرسىمىزدىن قۇرۇق قالدۇق. مىللىي، دىنىي، ۋەتەن ھەقلىرىمىز ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ھەقلىرىمىزدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، ھېچ بىر ئەركىنلىكى بولمىغان ھايۋان قاتارىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇق. ئۆز ھوقۇقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىشقا مۇيەسسەر بولمىغاچ «ئۆزبېكستان خەلقى»، «ئۆزبېكستان» دېگەن نام قەغەز يۈزىگە يېزىلىش بىلەن ياكى باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرگەن، ھارۋىسىنى تارتقان ئېشەك ـ ئاتلاردەك بىر مۇنچە ئۆزبېك نامىدىكى ۋىجدانسىز قۇرۇق ھەيكەللەرنى ئۆز مەقسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندۇق ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش بىلەن، ئۇ مىللەتنى قانداقمۇ ئازادلىققا چىقتى دېيىش مۇمكىن! بەلكى بۇنداق مىللەتلەر بۇ كەبى خىيانەت پەردىلىرى ئاستىدا پۈتۈن ھېسسىياتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەم بولۇپ يۇتۇلۇپ، ئاخىرى ئىنقىراز پاتقىقىغا پېتىپ ھالاك بولۇشى ھېچ شۈبھىسىزدۇر.

مىڭ نەچچە يۈز يىللاپ داۋام قىلغان مۇستەقىل دۆلىتىمىز 1865 - يىلى چار رۇسىيە باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلالايدىغان بۇخارا، خىۋە خانلىقىنى قۇرۇپ، 1920 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىغىچە ھۆكۈمەتنى ساقلاپ كېلەلىگەن ئىدى. پۈتۈن شارائىت قولىدا تۇرۇپمۇ، ئاڭسىزلىق ئاپىتى، سىياسىي كورلۇقىنىڭ كاساپىتىدىن يۈز يىللاپ كۈتۈۋاتقان بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. بولمىسا، بۇ ئىككى ئۆلكە بىرلەشسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق بايلىقى ۋە يەر بايلىقى قوشۇلسا، ۋەتىنىمىز تۈركىستاندا مىللىي ۋە مەدەنىي، كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى. بىراق بەختىمىزگە بىزدە مۇداپىئە قۇۋۋىتى يوقلۇقىدىن ئۆز يېرىمىزدە غېرىپ - مىسكىن بولۇپ، ئۆز نېسىۋىمىزگە ئىگە بولالمىدۇق.

بۇ ئورۇندا مۇداپىئە قۇۋۋىتىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم! چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇداپىئە قۇۋۋىتى، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن، قورال - ياراغ، جابدۇقلا ئوخشاش قورالغا ئىگە بولۇش دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇلارغا يالۋۇرۇپ شەپقەت، مەرھەمەت تىلەش، شەيتاندىن ئىنساپ تەۋپىق - ئۈمىد قىلماق بىلەن باراۋەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن پەرزەنتلىرى، ئالدىمىزدىكى كېلەچەك كۈنلەرنى ئەسكە ئېلىپ، زامانىۋى ئىلىم - پەن ئوقۇشقا چىن ئىخلاس بىلەن كىرىشىپ، ھالال مىراس ئۆز ۋەتىنىمىزنى ئىگىلەش ئۈچۈن مۇداپىئە قۇۋۋىتى تەييارلاشقا تىرىششى لازىم.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، كاشغەر سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەرھۇم ئاتىمىز شاكىرخان تۆرە ھاجىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، يازدا دېھقانچىلىق قىلىپ، قىشتا تۇڭگانلار ئارىسىدا ئىلمىي خىزمەت بىلەن

شۇغۇللاندىم. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسساﻻمنىڭ: «ھەر بىر ئەقىللىق ئادەم ئۆز زامانىسىنى ياخشى چۈشىنىشى، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، زامانىمىزدا يېڭىدىن چىقىشقا باشلىغان كوممۇنىزم ئاساسلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بۇ مەسىلەكىنىڭ پۈتۈن دۇنيا بويىچە بارلىق دىنلارغا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا قارشى ئوت بىلەن سۇدەك، تۈن بىلەن كۈندەك چىقىشالمايدىغان، تۈپتىن قارىمۇ قارشى ئېقىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ دەسلەپكى كۈنلەردە راست سۆزلەپ، توغرا چۈشەنچە بىلەن ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن باشلانغۇچ دەۋرنىڭ ئالدامچىلىق سىياسەتلىرىنى راست چاغلاپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئىكەنمەن. تەخمىنەن 1922 ـ يىلى، ئولىيانوپ لېنىن تىلىدا يېزىلغان: «ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن قۇرئان ھۆكۈمىنى ئىشلەتسە بولىدۇ. قۇرئان رەھبەرلىكى ئاستىدا ياشاشنى خالىسا، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمىز» دېگەن سۆزلەر مۇسۇلمانلارغا يېقىملىق تۇيۇلۇپ، گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغانلىقتىن ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئىدى. مەنمۇ «ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلسا بولىدىكەن» دېگەن قاراش بىلەن، ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن توقماقتىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، مىڭلىغان جامائەت يىغىلغان جامىئەدە ۋەز ئېيتىپ دىنسىزلىققا قارشى كۈرەش باشلىغان ئىدىم. يۇقىرىدا ئېيتىلغان لېنىن سۆزىدىن پايدىلىنىپ، قىلغان دىنىي ئىشىمنى ئۈچ ـ تۆت يىل داۋاملاشتۇردۇم. بۇ ئىشتىن كۆزلىگەن مەقسىتىم، ئىبراھىم خەلىيۇللاھنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ياققان نەمرۇدنىڭ يېنىۋاتقان ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، تۇمشۇقىدا سۇ توشۇغان قارلىغاچتەك روھ بىلەن ئىلاھىي قانۇندا ئۆزۈم ئىشەنگەن ئىسلام دىنىغا كۆڭلۈمدىكى ساداقىتىمنى ئىزھار قىلماقچى ئىدىم. «چىن كۆڭۈلدىن چىققان سۆز يۈرەككە بېرىپ يېتىدۇ» دېگەندەك،

مېنىڭ بۇ دىنىي ۋەزلىرىم خەلق كۆڭلىگە تولۇق تەسىر قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن تۆمۈر قوللۇق دۈشمەن دائىرىلىرى رەزىل سىياستىنى ئىشقا سېلىپ، مېنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى قاتارىغا ئالغان ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ھەر ئېيتقان سۆزۈم تەقىپكە ئېلىندى. ئاخىرى 1922 ـ يىلى، «گ پ ئۇ» جاللاتلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ھازىرقى قىرغىزىستان مەركىزى بىشكەك شەھىرىنىڭ يەر ئاستى قاماقخانىسىغا سولاندىم. بۇ يەردە كۆپ ياتمىغان بولساممۇ، بۇنداق دەھشەتلىك ئىشنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ، دۈشمەنگە بولغان نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى كۆڭۈل پىغانىمدا ئۇرغۇدى. لېنىننىڭ گېزىت يۈزىدە دېگەن سۆزلىرىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق ساختا سۆز ئىكەنلىكى ۋە ئالدامچىلىق تۇزىقى ئىكەنلىكى كېيىن بىلىندى.

ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋەزىرىنىڭ خوتۇنى زۇلەيخا باشلىق مىسىر خوتۇنلىرىنىڭ پىتنىلىرى بىلەن بىر رىۋايەتتە يەتتە يىل، يەنە بىر رىۋايەتتە ئون ئىككى يىل زىنداندا ياتقان ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە مىسىر پادىشاھى پىرئەۋن بىر چۈش كۆرۈپ، چۈشىگە تەبىر بېرىدىغان كىشى تاپالمىغاندا، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ، يەتتە يىل توقچىلىق، يەتتە يىل ئاچارچىلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر ئۆزىگە ۋەزىرلىك خىزمىتىنى بېرىدىغان بولسا، بۇ بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ باھانە بىلەن زىنداندىن قۇتۇلۇپ، چىقىدىغان چاغدا زىندان ئىشىكى ئۈستىگە: «بۇ جاي — تىرىكلەر قەبرىسىدۇر، دۈشمەنلەرنى سۆيۈندۈرۈپ، دوستلارنى سىنايدۇ.» دېگەن ئىككى ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى يېزىپ قالدۇرغان ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مۇسۇلمانلارنى قاماققا ئالماسلىققا بۇيرۇغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىدە جازا مۇددىتى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق بولۇشىغا يول قويمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن كۆپ

ئۆزىراپ كەتسە، ئىنسانلار ھەر تەرەپتىن زەھەرلىنىپ، بولۇپمۇ ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، خانىۋەيران بولۇشى شۈبھىسىزدۇر. ئەگەر بىر كىشى: «مەن بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ زىندانغا كىرىپ قالسا، شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلمايدۇ. يەنى زىندان ئىچى شەرىئەت ئالدىدا دۇنيا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام قانۇنى ھۆكۈمىدە پۈتۈن دۇنيا دۆلىتى ناھەق تۆكۈلگەن بىر كىشىنىڭ قېنىغا ئەرزىمەيدۇ. ھازىرقى دىنسىزلار مەدەنىيىتى ئالدىدا كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ، ئېشەك ئۆلۈمىدەك قەدىر - قىممىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۆزلىرىچە سىياسىي جىنايەت ھېسابلانغان بىر ئېغىز سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بويىندا تۇرسۇن، ئاغزىدىن چىقار - چىقماس جازاغا تارتىلىپ، جاللاتلار قولىدا يوقالغان كىشىلەر ھېسابسىزدۇر. شۇنداق قىلىپ، بۇلارنىڭ مېنى قاماشتىكى مەقسىتى، مېنى قورقۇتۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش مەجبۇرىي خىزمەتكە سېلىش ئىدى. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە خەلق كۆزىگە كۆرۈنگەن ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە شۇنداق سىياسەت قوللىنىپ ياكى ئۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغان. ئۇلار ئۆزى بەلگىلىگەن ئىشلارنى قىلدۇرماقچى ئىدى، قىلمىغان تەقدىردە ئۇلارغا ئېغىر جازا بېرىپ مەجبۇرىي بولسىمۇ قىلدۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئايغا توشماي تۇرۇپ، تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىپ ئۇلار ئويلىغاندەك قىلماي، ئەكسىچە ئۆز ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى زادى قىلمىدىم. بەلكى بالدۇرقىدىنمۇ قاتتىقراق ئىشلىدىم. دۇنياغا كېلىۋاتقان بۇ دىنسىزلىق بالايىئاپىتى كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقان بولسىمۇ، تاكى 30 - يىللارغا كەلگۈچە دىنسىزلىققا قارشى دىنىي تەشۋىقاتنى ھەر ۋاقىت يۈرگۈزۈپ كەلدىم. تەجرىبىسىزلىكتىن بولسا كېرەك، ئۆز كۆڭلۈمدە: «ھېچبىر مۇسۇلمان دۇنيالىق شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئاخىرىتىنى بۇزۇپ ئۆز دىنىغا خىيانەت قىلمايدۇ» دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كېيىن مەلۇم

بولىدىكى، بۇنداق ئادەملەر مىللەت ئىچىدە قول بىلەن سانىسا تېپىلمايدىغان ھالەتتە ئىكەن. ھازىرقى مەدەنىيەت ئالىمىدە ھەر مىللەتنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش شەرىپى ئۇنىڭ قورال كۈچىگە باغلىق ئىكەن. مانا شۇنداق مۇداپىئە كۈچىگە ئىگە بولالمىغان بىر مىللەت، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، ھايۋانلار قاتارىدا خارلىق بىلەن ياشاشقا مەجبۇردۇر. بولۇپمۇ، دىنسىزلىق ئالەمنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان بىر ھۆكۈمەتكە چېگرىداش بولغان ھەر مىللەتنىڭ ئۆز ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ، زامانىۋى ئىلىمنى قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا چارىسى يوقتۇر.

ئەمدى، بۈگۈنكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ۋەتەن بالىلىرىغا بۇ ھەقتە ئەڭ مۇھىم چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. شۇنى بىلىشى كېرەككى، مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ نېمىلەردىن ئىبارەت بولغاندا ئۇنى مەدەنىيەت دەيمىز؟ مانا بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىتى بىلەن جاۋابىنى كىم چۈشىنەلىسە، ئۇ ھالدا توغرا مەدەنىيەتنى زىيانداش مەدەنىيەتتىن ئېنىق ئايرىيالايدۇ. ئەگەر كۆرۈنۈشتە گۈللەنگەن، ئەمەلىيەتتە خاراب بولغان ئەخلاقسىز نەرسىنى مەدەنىيەت دېسە، ئۇنداقتا چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئىنسان تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. بۇزۇق مەدەنىيەت بولسا، ئىنسانلارنى قۇربان قىلىدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن چىقىۋاتقان يېڭىلىقلىرى ئىنسان ھاياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىمدۇر. ئىنساننىڭ دۇنيادا يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ئۇلۇغى ئىكەنلىكىنى تەلۋىلەردىن باشقا ھەممە كىشى ئەلۋەتتە چۈشىنەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە قوغداش ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر تارمىقىدۇر.

مەلۇمكى دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشىنىڭ جان تىكىپ قوغدايدىغان بەش نەرسىسى بار. يەنى جېنى، دىنى، مېلى، ئائىلىسى، ئانا ۋەتىنىدۇر. مانا بۇ بەش نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاڭلىق ئىنسانلار قانداق جانبازلىق قىلدى؟ دۇنيانىڭ ھەر بىر يېرىدە تۆكۈلگەن ۋە تۆكۈلۈۋاتقان قانلار كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەرسىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. شۇنداق بولغاچ مەدەنىيەت قەيەردە ياكى قايسى مىللەتتە بولسۇن، ھۆكۈمەت قولىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئادالەت قورالى بولۇپ تۇرىدىكەن، ئەنە شۇ چاغدا، پۈتۈن خەلق ھەقىقىي مەدەنىيەتكە ئېرىشىپ، تىنچلىق بىلەن راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىنسانىيەت خۇسۇسىيىتى بولغان ھەر كىمنىڭ ئەركىنلىكى ئۆز قولىدا بولىدۇ. يەر يۈزىنىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، ھېچ قانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر مەدەنىيەت يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك پايدىلىق بولسا، شەرق پەيلاسوپى فارابى ئېيتقاندەك، بۇنداق مەدەنىيەت «مەدەنىيەت ئىسلامىيە ياكى مەدەنىيەت پازىلە» بولىدۇ. مانا شۇنداق بولغاندىلا، پۈتۈن مەدەنىي تەرەققىياتلارنى ئىنسان پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بولمىسا، ھازىرقى ئۈستىمىزدىكى مەدەنىيەتكە ئوخشاش، بۇنى قوللانغۇچىلار خاتا كەتكەندە يالغۇز جىنايەتچىلەرنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسان ئالەمنى ھالاكەت ھاڭغا چۈشۈرۈشى شۈبھىسىزدۇر. چۈنكى بۇ كۆنلەردىكى دىنسىزلار مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى پۈتۈنلەي بۇزۇلغانلىقتىن، ماددىي ياكى مەنىۋى بولسۇن، ھەر ياقلىما زىيان كۆرۈۋاتقانلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇۋاتىدۇ. بۇلار ئۆز مەسىلەكلىرىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ تۈزىلىش - بۇزۇلۇشلىرى، ھەر قانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچراشلىرى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. بەلكى پۈتۈن قورال كۈچىنى ئىشلىتىپ، ھەرقانداق مەجبۇرىيەت ئاستىدا بولسىمۇ خەلقنى ئۆز يوللىرىغا

كىرگۈزۈۋالسا مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىرىلىشى ۋە خانىۋەيران بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. مەدەنىيەتنى ئىلىم، پەزىلەت، ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى ئىنسانلار ھاجىتىدىن چىقىش، ئۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىش ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قارىغۇلارچە يېپىشىۋالغان بۇزۇق يوللىرىغا كىرگۈزۈش قورالى قىلىدۇ. مانا بۇنداق مەدەنىيەتكە بىر پىرقە بۇزۇق ئادەملەر ئىگە بولۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ قولىدا پۈتۈن خەلق ئەركىن - ئىختىيارلىقىدىن ئايرىلىپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھايۋانلار قاتارىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاقىل، پەيلاسوپلار بۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەتلەرنى «زالالەت»، «پاسىق مەدەنىيەت»، يەنى «كورلار، ئاداشقانلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ ئۈچۈق كۆرۈنگەن شەكلى بۇ كۈنلەردە ئۈستىمىزدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ شەرمەندە مەدەنىيەتتۇر. چۈنكى ئەللىك يىلدىن بېرى مۇستەبىت ئايىغى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئون ئالتە يالغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان مۇسۇلمانلىرى مىللىي، دىنىي، ۋەتەن ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى. يەر يارىتىلغاندىن بېرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ھالال مىراس، گۈل - گۈلىستان باغۇ - بوستانلىق ئانا ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، چەتتىن كەلگەن باسقۇنچىلارغا بۆلۈپ بېرىلمەكتە. مانا بۇلارنىڭ كەلتۈرگەن ئىپلاس باسقۇنچىلار مەدەنىيىتىدىن بىز ئۆزبېكىستان مۇسۇلمانلىرى ئالغان ھاسىلاتىمىز ھازىرچە بۇ دەرىجىگە يەتتى. يەنە كەلگۈسى كۈنلەردە قانداق پىلانلار قۇرۇلۇپ، ئۈستىمىزدىن قانداق چارىلەر ئويلىنىۋاتقانلىقىنى زامانى ياخشى چۈشەنگەن ۋەتەن ئەھلى ياخشى بىلسە كېرەك. يۇقىرىدىن باشلاپ يازغانلىرىمىزنىڭ ئىنسانلارغا ھازىرقى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتلىكى ھەر قانداق ئادەمگە چۈشىنەرلىك بولغاندۇ دەپ ئويلايمىز.

# باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىرىلىدىغان دەرسلەر

دەھرىيلەر دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى — 1917 - يىلى بىلەن 1925 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، پۈتۈن ئۆزبېكىستان زېمىنىدا باسمىچىلار دەپ ئاتالغان قوزغىلاڭچىلار كۆپەيگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى قوقەندىن چىققان ئىرغاش، مەرغىلاندىن چىققان مەدىمىنبەگ، شىرمەتكور، ئەنجان، ئوش، ئۆزگەن تەرەپتىن چىققان خالخوجا، ئاخۇنجان، ئابدۇراززاق، نەمەنگاندىن ئامان پالۋان ۋە باشقىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىققان قارا باتۇرلار بولۇپ، «ئورۇس كاپىرلىرىنى يوقىتىپ ئىسلام تارقىتىمىز» دېگەندىن باشقىنى بىلمەيتتى. يۇقىرىدا ناملىرى زىكىر قىلىنغان قۇرباشىلارنىڭ قول ئاستىدا يېنىۋاتقان ئوتتەك باتۇر يۈرەكلىك، جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدىغان يىگىتلەردىن ئاز دېگەندە ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار ئىدى. ئەپسۇس، بۇ قەھرىمان باللىرىمىزنىڭ ئاق - سەۋىيىسىنى ئاچقۇدەك، ھەر كىشىگە ياراملىق سىياسىي رەھبەرلىك قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ۋە تەشكىلىي جەھەتتە مۇئەييەن بىر مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىش ئېلىپ بارالمىغانلىقتىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئاشۇ باتۇر ئوغلانلىرى دۈشمەن قولىدا ئېتىلىپ، چېپىلىپ، پىداكارلارچە يوقىتىلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلگىرى - كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - قايغۇ ئىشلىرىمىزنىڭ بارلىق سەۋەبلىرى بولسا، ئىسلام دىنىنى تۈپ نېگىزى بىلەن چۈشەنمەستىن، زامانىۋى ئىلىم - ھۈنەرلەردىن قۇرۇق قالغانلىقىمىزدىن بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نادانلىق، چۈشەنمەسلىك كاپىردىن يامانراقتۇر» دېگەن ئىدى. قۇرئان ھۆكمىچە ئىمان - ئىسلامنى بىلىپ ئالغاندىن كېيىن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئۆز

زامانىسىنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىپ، چۈشىنىشى ۋە زامانىۋى ھۈنەر ـ سانائەتنى ئۆگىنىشى ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر.

يۇقىرىدا يېزىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوقەنىد مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىگە ئۈن ئىككى كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەزا سايلاش نامزاتى بېرىلگەن بولۇپ، مەرھۇم ئالىمخان تۆرە ئاكىمىز شۇلاردىن بىرسى ئىدى. بۇ ئىش باشلىنىپ ئالتە ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەي ئۈچۈق ۋاگونلارغا توپ ـ زەمبىرەك قاچىلىغان ھالدا يېتىپ كەلگەن بولشېۋىكلار قوقەندنى توپقا تۇتۇپ، ناھايىتى ئېغىر ھالدا خاراب قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەلۋەتتە، مۇنداق كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر قورقۇنچلۇق ئىشلىرى ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۈستىدە بولۇشى ھەممىگە مەلۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكىمىزدىن ئۈچۈق بىر خەۋەر كەلمىگەچ، ئىنىلىق بۇرچىمىزغا چىداپ تۇرالماي، جان پىدا دوستلىرىمىزدىن مەرھۇم تۇڭگان ئىبىل ئاخۇننى ھەمرا قىلىپ  ئەنجان سەپىرىگە چىقتىم. ئۇ كۈنلىرى ئىنقىلابنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلىرى بولغانلىقتىن سەپەر يولىمىزمۇ  خېلىلا قورقۇنچلۇق ئىدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تائەت سەپىرى بولغاچ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، يولغا چىقتۇق. بىشكەك، سوقولۇق، ئاقسۇ، قارا پالتا، ئاشمارادىن ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى مىركىغا كەلدۇق. ئوتتۇرىدىكى ئايلانما خارابىلىرىدىن بۇ يەرنىڭمۇ بالاساغۇن شەھىرىگە ئوخشاش ئىسلامدىن ئىلگىرى ـ كېيىن تۈركىستان تۇپرىقىدا ياشىغۇچى مەدەنىي ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ شەھىرى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئوغۇز تۈركلىرى ياشىغان ئانا ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ، بېشى ئىسسىق كۆل، ئايىغى ئوترارىدىن ئۆتۈپ، سىر دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە يەرلىك خەلقتىن كۆپرەك، ئورۇسلار ئېگىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مىركىدا بىر قونۇپ، ئەتىسى تاغ يولى بىلەن يۈرمەكچى بولۇپ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى تەڭرىتاغلىرى ئىچىدىكى جارغات داۋىنىغا قاراپ يول ئالدۇق. بۇ داۋان، ئارقا

تۈركىستان بىلەن پەرغانە ۋادىسى ئارىلىقىدىكى ئالاتاۋ تاغلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېگىز داۋانلاردىن ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن ئېشىپ، ئىككى تەرىپى تىك تاغلار بىلەن قورشالغان قىلىن توقايلىق «ساچقان ساي» دېگەن تار ئۆزەنگە چۈشتۇق. بۇ تاغلىق يايلاقلار ئىچىدە تۈرك ئۇرۇقى خەلقلىرىدىن  ساياق، جىبىتگەن قىرغىزلىرى ياشايدىكەن. خەلق يايلاقتىن كۆچۈپ قىشلاققا چۈشكەن كۈنلەرگە توغرا كەلگەنلىكىمىزدىن ئۇلاردىن ئارىلاپ يۈرۈشكە توغرا كېلىپ، ھەپتە يول مېڭىپ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتتۇق. بۇ يەردە يولۇچىلار ئۆچۈن بەلگىلەنگەن بىر يەر يوق ئىكەن. كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشكەن، قاش قارايغان ۋاقىتتا يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، ئەتراپى ئوچۇق بىر تاغ بويىدا ياتتۇق. چۈنكى كەچقۇرۇن يولدا كېلىۋاتقىنىمىزدا كۆرۈنگەن كۆچمەنلەرنىڭ كۆزى بىزگە چۈشۈپ، بۇ يېقىن ئارىدا قونۇپ قېلىشىمىزنى بايقىغان ئىدى. ھەر ئىككى تەرىپى ئاسما تاغ بىلەن قاپلانغان تاغ ئىچى بولغانلىقى ئۈچۈن مىنگەن ياخشى ئاتلىرىمىزغا كۆزى چۈشۈپ قورالسىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بۇ تاغ بۆرىلىرىنىڭ قىزىقىشىغا چۈشۈپ قالمايلى دەپ، ئۇ كېچىنى ئۇيقۇسىزلىق بىلەن سەگەك ئۆتكۈزدۇق. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، ئاتلىرىمىزنى قالماقچە ئېلىشتۇرۇپ باغلاپ، ئاياغلىرىغا زەنجىر سالغان ھالدا كۆز ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلىپ قويدۇق. شۇ كۈنى تۈن قاراڭغۇسىدا ئۆزۈم كۆزەتچىلىككە تۇرغان ئىدىم. بىراق يولدىشىم ئىبىل ئاخۇن مېنى ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئۆزى كۆزەتچىلىككە تۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا كۆپ ئىشەنمەي، تۈن يېرىم بولغاندا مېنى ئويغىتىپ، ئۆزى ئۇخلاش شەرتى بىلەن ماقۇل بولدۇم. ئات ئۈستىدە ئون سائەتلەپ يول مېڭىپ، چارچىغانلىقىم ئۈچۈن تەكىگە باش قويۇپلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ئىبىل ئاخۇن داڭ قېتىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئاتلارنىڭ ھەر ئىككىسى يوق. «ھاي، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ قاتتىق ۋارقىرىشىم بىلەن ئۇمۇ ئويغاندى. نېمە

قىلىشىمىزنى بىلمەي بەكمۇ ئالدىراپ قالدۇق. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى پىيادە مېڭىشقا ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك خەتەرلىك يول ئىدى. خۇرجۇن ـ خالتىلىرىمىزنى يۈدۈپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر خەتىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋە ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا، سەپەر نامىزى نىيىتى بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئەلھەمدۇ سۈرىسىدىن كېيىن ئايەتۇلكۇرسى ياكى ئىككى قۇلئەئۇزۇ سۈرىسىنى ئوقۇپ نامازدىن كېيىن بۇ دۇئانى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى:

«ئى بارا خۇدايا، سەپەر خەتىرىدىن ساقلا، قايتىپ كېلىشتە مال ـ جان ياكى ئائىلە ئىچىدە كۆڭۈلسىز يامان ئىشلارنىڭ  چىقىشىدىن ئاسرا!»

قارىسام، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ئىكەن. بىزگە كۆزلىرى چۈشكەن كۆچمەنلەر قەستلەپ كېلىپ ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتىمۇ ياكى بولمىسا يول يۈرۈپ ئاچ قالغان ئاتلار يەيدىغانغا بىر نېمە ئىزدەپ بىر تەرەپكە كېتىپ قالدىمۇ دېگەن گۇمان بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا ئاتنى ئىزدەپ قېلىن توقايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. بۇ يەردە بۆرە، ئېيىققا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. مۇھاپىزەت يۈزىسىدىن قولۇمغا پىچاقنى ئېلىپ، توقاي ئىچىدە ئىككى سائەتتەك ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاتنىڭ شەپىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن قايتىپ چىقتىم. ئۇ كېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جېنىمغا راسا تەگدى. ھەر ئىككىمىز  زورىغا ئولتۇرۇپ تىلىگىنىمىز بويىچە تاڭنى مىڭ تەسلىكتە ئۆتكۈزدۇق. ھەمراھىم ئىبىل ئاخۇن ئۆز قىلمىشىدىن خىجىل بولغان ئىدى. ئۇيغۇرلار: «موللامنى دۇئاغا زورلاڭ» دېگەندەك، مەنمۇ ئۆز ئادىتىم بويىچە دۇئاغا كىرىشىپ، «دۇرۇت نىجات»نى ئوقۇش بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇم. تاڭ ئېتىشى بىلەن نامىزىمىزنى ئوقۇپ يەنە ئىزدەشكە كىرىشتۇق. كۈن كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. چوڭقۇر ساي بويىدىكى قېلىن توقاي ئىچىدە ھەمرىيىمنىڭ: «ئات بۇ يەردە ئىكەن» دەپ توۋلىغان ئاۋازى

ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن، بىردەمدە بېشىمىزدىن غەم ـ قايغۇ كۆتۈرۈلۈپ، بۇ قورقۇنچلۇق يەردە سەپەر خەتىرىنىڭ قايغۇلۇق قاراڭغۇ تۈنى قاپلىغان تۇتۇق كۆڭلىمىز بىردەمدىلا ئېچىلدى. ياخشى ئاللاھ ساقلاپ، باشقا هارام قول تەگمەپتۇ. تېزدىن ئاتلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىپ يەم بېرىپ، يەنە يولىمىزغا راۋان بولدۇق. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كەتمەن تۆپە تەرەپتىن قېچىپ كېلىۋاتقان بالا ـ چاقىلىق رۇسلار مەنزىلگە يەتكۈچە ئالدىمىزدىن ئۈزۈلمەي ئۆتكىلى تۇردى. نېمە بولدىكىن دېسەك، ئوش ئەتراپىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان خالخوجا دېگەن باسمىچى قوراللىق ـ قورالسىز يۈزچە يىگىت بىلەن كېلىپ، كەتمەن تۆپە دېگەن قىشلاقتا تىنچ ياتقان رۇسلارنى قاماپ قورقۇتقان ئىكەن.

ئاردا بىر قونۇپ، ئەتىسى كەتمەن تۆپىگە كەلدۇق. بۇ يەر ئارقا تۈركىستان بىلەن پەرغانە تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا تۇتاشقان ئارا يايلىقى بولۇپ، ئابى هاۋاسى، مەشھۇر سۇسامىر يايلىقى، يېرى كەڭ، سۈيى ئەلۋەك، گۈزەل يەر ئىدى. تېرىقچىلىق ئىشلىرى بۇ يەردە بەك قۇلاي ئىدى. بولۇپمۇ، هەر تۈرلۈك دان مەهسۇلاتلىرى باشقا يەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە تولۇق يېتىشىدىكەن. بۇغداي نانلىرى بەك تەملىك بولغانلىقتىن چەت ياقىدىن كېلىدىغان يولۇچىلارمۇ بۇ يەرگە ئاسانلا كۆنۈپ قالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، چار هۆكۈمىتى زاماندا بۇ يەرگە قىزىقىپ قالغان يەرلىك قىرغىزلار ۋە رۇس كەلگىندىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. بىز بىر ئاتۇشلۇق سودىگەرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، بىر قونۇپ ئاندىن بۇ يەردىن ماڭغىنىمىزچە «ئىيىشنىڭ سېيى» دېگەن چەكسىز بىر تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدۇق. چېكى يوق بۇ ساينىڭ ئىچىدە پىستە، بادام، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەر تولۇپ تاشقان ئىكەن. بۇ مېۋىلىك دەرەخلىكنىڭ ئىچىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ، نارىن دەرياسى بويىغا چىقتۇق. بۇ دەريا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، تاغ چوققىسىدىكى تار قاپچىغايدىن ئاتلىق ئۆتۈش خېلىلا تەس

ئىدى. قونالغۇدىن ئۆتۈپ ئارا دەپنىدە يەنە بىر قونۇپ، نارىن سۈيىدىن خوجام كۆۋرۈكى ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئۈچ قورغان يېزىسىغا كەلدۇق. بۇ يەردىن ماڭىدىغان يولۇچىلار شىمالىي تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ پەرغانە ۋادىسىغا چۈشكەندە، بىرىنچى نۆۋەتتە مۇشۇ يېزىلارغا دۇچ كېلەتتى. نەمەنگان، قوقەنت، ئەنجان ۋە باشقا پەرغانە شەھەرلىرىگە شۇ يەردىن ئۆتمەي بولمايتتى. بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىز 1921 ـ يىلىدا بولغان بولۇپ، «باسمىچى» لار نامىدىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچىيىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. بىر يېزىدا بولشېۋىكلار، يەنە بىر يېزىدا «باسمىچىلار بولۇپ»، بۇلار ئۆز ئارا تازا ئېتىشىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بىزنىڭ مىنگەن ئاتلىرىمىزنى كۆرگەن كىشىلەر: «هەي قانداق بولاركىن؟ بۇنداق ياخشى ئاتلارغا كۆزى چۈشكەندە، هېچ قاچان قۇتۇلالمايسىز. ئورۇق ئاتلىرىنى بېرىپ، بۇ ئاتلىرىڭىزنى تارتىۋالماسمۇ؟» دەپ بىزنى ۋەهىمىگە سالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەنجان شەھىرىگە يەتكۈچە بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان قېلىن دەرەخلىكلەرنى ئارىلاپ ماڭدۇق. كوچىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇشقان ئادەملەر بىزدىن: «هازىر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن باسمىچىلار سىلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. «بىز ئۇلارنى هېچ يەردە كۆرمىدۇق» دەپ ياخشى ـ يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي ئۆز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۆرگەنچ يېزىسىدىن چىقىپ ئەنجانغا يېقىنلاشقانسېرى، يول ـ يولدا ئۇرۇشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەپسۇس، ئەنجان ۋە نەمەنگان پويىزلىرى پۈتۈنلەي توختىغان، تۆمۈر يول بۇزۇلۇپ، ئىستانسا كۆيدۈرۈلگەن ئىكەن. شۇنداق ئالامەتلەر ئىچىدە هېچبىر خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقماي ئەنجانغا ساق كېلىۋالدۇق. شەهەر ئىچىگە كىرىپ قارىساق، پۈتۈن كوچىلاردا پاختا تايلىرى چېچىلىپ ياتقان ئىكەن. سورىساق، بىز كېلىشتىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىلگىرى مەدىمىنبەگ شەهەرگە هۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، هەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرى تاي پاختىلارنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىپ سوقۇشقان

ئىكەن. شەھەرگە كىرىۋالغان ئەسكەرلەرنى قەلئەدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن بولشېۋىك ئەسكەرلىرى توپ - زەمبىرەك ئېتىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى، دۇكان - رەستىلىرىنى خانىۋەيران قىلغان ئىكەن. نەق شۇ ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەتتا رۇسىيىدىمۇ خەلق بولشېۋىكلارغا قارشى قوزغالغان ئىدى. ئىچكى رۇسىيىدە كالچاك، ۋارانگىلغا ئوخشاش ھەربىي ئادەملەر، ئورۇنبۇرغ كازاكلىرىدىن دوتۇپ، ئاننىكوفقا ئوخشاش گېنېراللار باش كۆتۈرگەن ئىدى. مەملىكەت بويىچە قوراللانغان ھەربىي كۈچلەر ۋە ئىقتىسادىي ئىشلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، ھەر تەرەپتىن ئېھتىياجغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. ياقىدىغان يېقىلغۇ يېتىشمەي، تۆمۈر يول پاراۋوزلىرىغا كۆمۈر يوق، ئوتۇن يېقىشقا مەجبۇر ئىدى. يەنە ئۇ كۈنلەردە، پۈتۈن ئۆزبېكىستاندىكى رۇسلارنىڭ سانى ھازىرقى كۈنلەردىكى پۈتۈن ئۆزبېكىستاندىكى رۇسلارنىڭ ساندىن يۈزدە بىرگىمۇ تەڭ كەلمەيتتى. بۈنىڭ ئۈستىگە، ئۈزۈن دەشت - قىپچاق چۆللىرى ئارقىلىق ئارىلىقىمىز ئايرىلىپ تۇرغانلىقتىن، ۋەتىنىمىز ئۆزبېكىستاننىڭ ياۋروپا باسقۇنچىلىرى مەركىزىدىن يىراق تۇرۇشى ۋە بۈگۈنگە قارىغاندا ئازدۇر - كۆپتۇر دىنىي ھېسسىياتىمىزنىڭ بولغانلىقى ئاشۇ كۈنلەردە بىزگە كېرەكلىك پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى قۇلايلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. قىسقىسى، ۋەتىنىمىز ئۆزبېكىستاننى باسقۇنچى رۇسلار قولىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش شارائىتى شۇ چاغدا تۇغۇلغان ئىدى.

خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرىنى تاپمىدى؟ بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، ئۇ كۈنلەردە خەلقىمىز ئىچىدە سىياسەت ئالىمنى ئاز - تولا چۈشىنىدىغانلار بار بولسىمۇ، زامانىۋى ئىلمنى ئوقۇپ بىلگەن كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇنىڭ مىسالى شۇكى، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تاپالىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى لايىھىلەپ سالالايدىغان ئىنژېنېرلار، تەجرىبىلىك ئىشچىلار بولمىسا، ئۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. - ئەلۋەتتە! شۇنىڭغا

ئوخشاش بىر مىللەت ئۆز مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن شۇ زامانغا لايىق پۈتۈن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، شۇ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان مىللىي ھېسسىياتلىق سىياسىي ئەربابلارغا موھتاج ئىدى. ئەگەر ھازىرقى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ۋەتەن باللىرىمىزدا مىللىي ھېسسىيات بولمىسا، ئۇنداق كىشلەرنىڭ بىزنىڭ مىللىتىمىزگە پايدىسىنىڭ يېتىشى ناتايىن. بەلكى ئۇنداق كىشلەر پالتىنىڭ سېپى بولۇپ، يىلتىزىمىزنى كېسىدىغان كىشلەردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا، بۇ: «ئۆزلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈلگەن ۋەتەن ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرى بىلەن ۋەتەن ئەھلىنى كۆمۈشكە چوڭقۇر ئازگال قېزىلدى» دېگەنلىك بولىدۇ. مىللىي ھېسسىياتلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە بىرى دىن، يەنە بىرى ئانا تىلنىڭ بولۇشى شەرتتۇر.

بولشېۋىكلار ھاكىمىيتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، دىنىي مۇراسىملىرىمىزنى ئاساسىي بىلەن يوقىتىشقا كىرىشكەنلىكتىن، ھازىرقى باللىرىمىزنىڭ دىنىي ھېسسىياتلىرى يوق دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۆز ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ چاغدا دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ئۇزاققا بارماي رۇسلارغا يەم بولۇپ يۇتۇلۇپ كېتىلىشى مۇمكىن. بۇ: «ئاتا ـ بالىنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن قۇرۇلغان گۈزەل ئۆزبېكىستان ئانا ۋەتىنىنى باسقۇنچىلارغا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىنقىراز پاتقىقىغا پېتىپ، تارىخ يۈزىدىن ئەبەدىي ئۆچۈرۈلدى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر شۇ مىللەت ئالدىدا ئەڭ چوڭ جىنايەتچى، پەسكەش ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارغا قوشۇلغان بۇنداق كىشلەر ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نارازىلىق بىلدۈرۈپ، لەنەتلەر ئوقۇغان ئىدى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ روھى ئۆچكەن كىشلەرنى، خانىۋەيران كوچىلارنى ئارىلاپ، خوتەن ئېرىق بويى ئاتام

مەھەللىمىزدىكى باجىمىز ئابدۇللاھ ھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ئۇ كېچە دەم ئېلىپ، ئەتىسى ئالىم خان تۆرە ئاكىمىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ھەپتە ـ ئون كۈن تۇرۇپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ مۇددەت ئىچىدە، كۆپ كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەن بولسامۇ، دۈشمەنىنىڭ سىياسىي بېسىمىدىن قورقۇپ بىرەر كىشىمۇ مەن بىلەن يېقىنلىشىپ سۆزلىششكە پېتىنالمىدى. شۇ ۋاقىتتىكى موسكۋا دائىرىلىرى «باسمىچى» نامىدا چىققان قوزغىلاڭچىلارنى ھېچكىمگە تۈيدۇرماي، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن قورallىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئۆلاردىن پايدىلانماقتا ئىدى. چۈنكى ئىنسان نەسلى يەر ئۈستىگە تارالغاندىن بېرى ھېچبىر دەۋردە كۆرۈلمىگەن بۇزۇق، يىرگىنچلىك تۈزۈملەرنى ھېچكىمگە قوبۇل قىلدۇرالمىغاچ، ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا زۆرۈر بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك نەرسىلەردىن تارتىپ يىغىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشىدىغان بىر دەۋر ئىدى. شۇ ئارقىلىق، خەلقنى ئاچ ئۆلتۈرۈش قورقۇنچىسى بىلەن ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشنى سۈيىئىستېمال قىلغان ئىدى. لېكىن بۇ زۇلۇملارنى شەھەر ئىچىدە ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرالىغان بولسىمۇ، شەھەر ئەتراپىي رايونلاردا شارائىتى توغرا كەلمىگەچكە، بۇ دەرىجىدە قىلالمىغان ئىدى. چۈنكى خەلقنى بۇنداق تۈيۇق، قاراڭغۇ كوچىغا كىرگۈزۈش ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىن مەجبۇرلاش بىلەن ئىشقا ئاشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بولشېۋىكلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئۆزلىرىگە قارشى باش كۆتۈرگەن كىشىلەرنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ئۆلكە بويىچە ئون مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى قوشۇننى توپلاپ، ئۇنىڭغا باش بولغۇدەك بىرەر ئادەم چىقمىغانلىقتىن، بۇ قارا باتۇرلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئۆزلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن خەلق بايلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىغان ئىدى. نەتىجىدە، پۈتۈن خەلق بارلىق بايلىقىدىن ئايرىلىپ قىلىپ، قانات قۇيرۇقى يۇلۇنغان قارغىدەك

يالىڭاچ، بىر چىشلەم نانغا زار ھالغا كەلدى. بۇنى چۈشەنمىگەن خەلق بۇ قارا باتۇرلارغا نەپرەتلىنىدىغان بولدى. ھەمدە ئۇلارنى «باسمىچى» دەپ ئاتىدى. خەلق ئىچىدە بىر ئاز بولسىمۇ، خەلق قەھرىمانى مەدىمىنبەگنى ھۆرمەتكە لايىق، ئىشەنچلىك كىشى دەپ تەشۋىق قىلىشقا توغرا كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، مەيلى قانداق بولمىسۇن مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھىيلە - مىكىر بىلەن ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپقان ئىدى. شۇڭلاشقا تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ئاستىدا بىر بىتىم تۈزۈلگەن ئىدى.

1 - پەرغانە مۇختارىيىتىنى تەستىقلاش.

2 - شارائىتقا قاراپ مەدىمىنبەگ قوماندانلىقىدا ئون مىڭدىن قىرىق مىڭغىچە قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇش ۋە بۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى مەركىزى ھۆكۈمەت تەمىنلەش.

3 - ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت ئىختىيارىدا بولۇش ۋە ئانا تىلنى قوللىنىش.

4 - مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئۆز ئارا ھەل قىلىدىغان ئىچكى ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئۆز قولىدا بولۇش ۋە شەرىئەت بويىچە يۈرگۈزۈش.

كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا بىر يۈرۈش كېلىشىملەر تۈزۈلگەن بولسىمۇ، 1920 - يىللىرى مەدىمىنبەگ تاشكەنتكە چاقىرتىلىپ، خۇددى چەتئەللىك مېھماندەك كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىنغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ روھلىرى كۆتۈرۈلۈپ، تارىخىي ئەنئەنىلىرى قوزغالغانلىقتىن مىللىي ئازادلىق ئۈمىدى بىلەن مىللىي ھۆكۈمەتلىرىنى ئەسلەشكەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن «باسقۇنچى» كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى سىياسەت بەلگىلىدى. ئەگەر بۇ رەزىل ھۆكۈمەت ئۆزى قىلغان توختامغا رىئايە قىلىدىغان

بولسا، پۈتۈن ماددىلارنى خەلقئارا قانۇن بويىچە بىرمۇ بىر ئەمەلگە ئاشۇرسا بولاتتى. ئۇنداق قىلماي، مەدىمىنبەگكە ئىلتىماس قىلىپ، پەرغانىدە قالغان شىرمەتكور، خالخوجا قاتارلىق قوزغىلاڭچى كۆچلەرنىڭ باشلىقىنى تاشكەنتكە چاقىرىپ كېلىپ، ئالدىن تەييارلىغان تۇزاققا دەسسىتىپ: «سىلەر ئىشەنگەن مەدىمىنبەگ كاپىرلارغا سېتىلىپ، سىلەرنى تاشكەنتكە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن سىلەرنى تۇتۇپ بەردى» دەپ تەشۋىق قىلدى. نەتىجىدە، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن، ئات چاپتۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئۆلۈم دېسە ھېچ نېمىگە قارىماي كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان بۇ قارا باتۇرلار ھېچ گەپ يوق: «سەن بىزنى بولشېۋىك كاپىرلارغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇپسەن» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ چوڭ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقان كىشلەر ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇمىدلىرى ئۈزۈلدى. ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەندى. باسقۇنچىلارغا ھەيۋە كۆرسەتكەن مەدىمىنبەگنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىدا ئۆلۈشى ھەرھالدا يەرلىك خەلق ئۈچۈن پايدىلىق كۆرۈنگەن بىلەن، يۇقىرىقى بېتىمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى كېلەچەكتە كۈتۈلگەن يەرلىك خەلقلەر پايدىسىغا قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى. بۇ پاجىئەلىك ۋەقەدىن رۇس باسقۇنچىلىرى ئۆزلىرى كۆزلىگەندەك ھەر ئىككى تەرەپتىن پايدىلىنىپ، خىيانەت مەقسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى.

مانا بۇ پاجىئەدىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكىگە تارقالغان قوزغىلاڭچىلار باشسىز قېلىپ، تەرتىپلىرى بۇزۇلغان ئىدى. روھلىرى چۈشۈپ، قوشۇنلىرى تارقىلىشقا باشلىدى. يالغۇز بولشېۋىكلار ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى ئالدىدىمۇ «ئوغرى باسمىچىلار» دېگەن نامنى ئالدى. بۇ ئىشتا پىلانى توغرا چىققان رۇسىيە باسقۇنچىلىرى يەنە قانچە تەرەپتىن پايدىلانغىلى تۇردى. خەلقنى بۇلاش - تالاشتا، ئۆلتۈرۈشتە، كۆيدۈرۈشتە باسمىچى نامىدا چىققانلار ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوراللىق ئەسكىرى خىزمىتىنى ئىشلىدى. كۆزلىگەن مەقسەتلىرى قولغا

كېلىپ، پىلانلىرى ئىشقا ئاشۇرۇلغۇچە يەرلىك خەلق ئۇستىدە ئۆتكۈزمەكچى بولغان ھەر تۈرلۈك ۋەھشىيلىكلەرنى نادان باسمىچىلار قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش سىياستىنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ قورالىلىرى بۇلار تەرىپىدىن تەمىنلىنىپ تۇردى. ئىشنىڭ ئارقىسىنى ئويلىمىغان، دوست ـ دۈشمەننىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن بىر توپ «ياسالما ۋەھشىيلەر» ئارقىلىق ئويلىغان پىلانلىرى پۈتۈپ، كۆزلىگەن ئىشلىرى بېجىرىلىپ بولغۇچە، پۈتۈن يەرلىك خەلق جانلىرىدىن تويۇپ، قانات ـ قۇيرۇقى يۇلۇنۇپ، تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرىگەن قۇشقا ئوخشاش نېمە دېسە، ماقۇل دەپ بويۇن سۇنۇشقا تەييار بولغان ئىدى.

مەككار، ھىيلىگەر موسكۋا سېھىرگەرلىرىنىڭ تۈپكى سىياستى پۈتۈن خەلقلەرنى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئۆزىنىڭ قولى بىلەن بوغۇزلاپ، ئىقتىسادىي كرىزىسقا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى كەلگۈسدە ئەبەدىي قۇللۇقتا قالدۇرۇش ئىدى. تەلۋە مەجنۇنلارنىڭ قوللىرىغا قورال تۇتقۇزۇپ، نېمە دېسە، بويسۇنۇشقا ماقۇل ھالغا كەلتۈرگەندى. دەل شۇنداق ھالەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئىبلىس لېنىن موسكۋادىن كەلدى. بۇنىڭ كېلىشى يەرلىك خەلق ئۈچۈن بىر زۇلۇم بولدى، يەرلىك ھاكىمىيەت بىچارە خەلقنى ئارام ئالدۇرماي مەجبۇرىي ھالدا ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىقاردى. ھەقىقەتتە بۇ جاللاتلارنىڭ مەقستى بۆرە ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ، ئۆزلىرىگە قۇربان قىلىش ئىدى. يەنى باسمىچىلارنى جازالاش سىياستى تۈزۈلۈپ، ھە دېسە، ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن باسمىچىلار ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىتىلدى. شۇ باھانە بىلەن بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمىغان كىشىلەر قايغۇرغان ھالدا باشقا يەرلەرگە كەتتى ياكى سۈرگۈن قىلىندى. «دۈشمەن قولى بىلەن يىلان بېشىنى يانجىش» دېگەن ماقالە ئۆز ئىچىمىزدە ئىشلىتىلىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئالتە ـ يەتتە يىل داۋام قىلغان

**قوزغىلاڭچىلار ھەرىكىتى ئاغلىق رەۋىشتە، ئىلمىي، سىياسىي ئاساسقا قۇرۇلمىغانلىقتىن ئاخىرى ئېچىنارلىق ھالغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ئىشلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. بولمىسا، بۇنچىۋالا خەلقنىڭ قانلىرى ئورۇنسىز تۆكۈلگەننىڭ ئۈستىگە، نى ـ نى قەھرىمان ۋەتەن ئوغلانلىرىمىز بۇ يولدا بىكاردىن قۇربان بولمىغان بولاتتى.**

**ئاڭلىشىمىزچە، 1923 ـ ۋە 1926 ـ يىللىرى لېنىن ئۆزبېكىستان ۋە تۈركىستاندىكى پۈتۈن ئىشلىرنى بېجىرىپ بولۇپ، موسكۋاغا قايتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ شەرىپىگە 20 مىڭدەك ئادەم چىقىپ قارشى ئالغانلىقى مەلۇم. لېنىننىڭ قارشى ئېلىشقا چىققانلارغا ئېيتقان بىرىنچى سۆزى: «يولداشلار! پارتىيىمىز باغۇ بوستانغا ئورالغان، نازۇ نېمەتكە تولغان ئۆزبېكىستاندىن سىلەر ئۈچۈن، پۈتۈن رۇس خەلقى ئۈچۈن ئالىي جاي تەييارلىدى. مەن شۇنىڭ بىلەن سىلەرنى تەبرىكلەيمەن!» دېگەن ئىكەن. ئۇنىڭ بۇندىن قىرىق يىل بۇرۇن ئېيتقان بۇ سوغۇق سۆزى، راست دېگەندەك ئۇزاققا قالماي كۈنسېرى ئەمەلگە ئاشقانلىقتىن، ئۇ كۈنلەردە 10% گە يەتمىگەن رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ سانى بۈگۈنكى كۈندە 80% دىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى، باشتىن ـ ئاياق بۇ كەبى پاجىئەلىك تارىخى سۆزلەرنى يېزىشىمدىن مەقسەت قۇرۇق داستانچىلىق ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ئېتىلگەن، ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ غېرىب بولغان تۈركىستان خەلقىنى، بولۇپمۇ ھازىرقى ۋە كېلەچەكتىكى ۋەتەن ياشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆلۈم ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشتۇر.**

**كۆڭلۈمدىكى مۇڭلۇق قايغۇلىرىمنى قەلەم بۇلىقىدىن تۆكۈپ يازغان بۇ كىتابىمنى ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى ۋەتەن پەرزەنتلىرى، مىللەتسۆيەر قەھرىمان باللىرىمغا مېنىڭ ۋەسىيىتىم شۇكى، تىلىم ئۈچۈن ئەمەس، دەردلىك دىلىم ئىچىدىن چىقىرىپ يازغان يالقۇنلۇق سۆزلىرىمنى تىل ئۈچۈنلا ئوقۇپ**

ئۆتمەستىن، ھەر بىر ئېغىز سۆزنى چۈشىنىپ، ياخشى پىكىر قىلىڭلار! ئىنسان تەرەققىياتى ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان 20 - ئەسىردىكى ئىنسانلار، مىللىي ۋەتىنى، دىنىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قايسى نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشى كېرەك. ھەقىقەتتە ئەركىن ۋەتەن ھاكىمىيتى قولىمىزدا بولمىغاچ، پۈتۈن ھوقۇقلىرىمىز ئاياق ئاستىغا چۈشۈپ، دەپسەندە بولماقتا. لېكىن ھوقۇقلار ھمايىسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى ھېسابلانغان ئىلىم - ھۈنەر، مائارىپ ئىشكلىرى ئىنسان ئالىمگە پۈتۈنلەي ئوچۇقتۇر. ئۇنى چۈشەنگەن ۋەتەن بالىلىرى زامانىۋى ئىلىم - ھۈنەرنى ئاساسى بىلەن ياخشى چۈشىنىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىلىم ئۆزلەشتۈرۈشكە باشقىلاردىن ئارتۇقراق كىرىشىشى لازىم. چۈنكى «ئىش بىلگەننىڭ، قىلىچ ئۇرغاننىڭ» دېگەن ھېكمەتلىك ئاتا سۆزى ئەمەلگە ئاشسا، ئەلۋەتتە ۋەتەن ئەھلى، بولۇپمۇ، زامانىۋى ئوقۇشنى باشلىغان، پىشىپ - يېتىلگەن ئوغۇل - قىزلىرىمىز ئۆز ئىشلىرىنى بېجىرىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر قولىدا شارائىتى بولۇپ تۇرۇپ، بىر قانۇنىي مەملىكەتتە ئۆز قانۇنىي ھەققىگە ئىگە بولالمىغانلار كىشىلىك شەرىپىدىن ئايرىلغان، ئىنسانىيەت ھەققىنى تونۇمىغان، ئادەم سۈرەتلىك ھايۋاندۇر. چۈنكى شارائىتى بولىسىمۇ، ئۆز ھەققىگە يېتەلمەسلىك ئاجىزلىق ئۈستىگە، ئىشقا يارىماسلىق دېمەكتۇر. بۇنداق ئادەملەرنى ئۆتكەن دانىشمەنلىرىمىز مىسال كەلتۈرۈپ، ئاغزىدىكى ناننى ئىتقا تارتقۇزۇپ قويغان، قول - ئايىغى ساق، ئەمما يارامسىز كىشىگە ئوخشىتىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئاجىزلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇغان.

شارائىتى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆز ھەققىگە ئىگە بولالمىغان كىشىنى ئەرەبچىدە «ئاجىز» دەيدۇ. كىشى نېمىدىن قورقسا، شۇ نەرسە، قورقۇنچاقلىق بالاسى بولۇپ،

بېــشىغا كېلــىپ، ئــۇنى مەغلــۇبىيەتكە ئېلــىپ بارــدۇ. قورقۇنچــاقلار كــۆپ ياخشىلىقلاردىن قۇرۇق قالىدۇ.

ھۇرۇنلــۇق ـ ئــىشچانلىققا قارشــى بىرخــىل نەرســە بولــۇپ، ھايــات ئالــمــدە ئىنــسانلار ئۇچــۇن ئەڭ زىيــانلىق، يامــان نەرســە ھېــسابلىنىدۇ. شــۇنىڭ ئۇچــۇن، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تېنى ساق، ئەمما بىكارچى، ھــۇرۇن ئادەملەردىن خۇدا بىزار» دېگەن ئىدى. بەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىشچە، ئەقلى بار ھەر بىر كىشى ئۆز ھاللىرىنى تەكشۇرۇپ تۇرۇشلىرى، ئــۆز زامانىــسىنى ياخشى چۈشىنىشى لازىم. ھەقىقەتتە ئىنسان نەسلى يارىتىلىپ، يەر ئۈستىگە قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆزبېكىستان ئۆلكىسىدە ياشاپ، بۇ كۈنلەرگىچە تىرىكلىرىمىزنى بويىندا كۆتۈرۈپ، ئۆلۈكلىرىمىزنى قويىندا ساقلاپ كەلــدى. ۋەتىنىمــىز ئۆزبېكــستاننىڭ ھەر بىــر غــۇلاچ يېــرى بىــز ئۆزبېكــستان خەلقىنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن قوپۇرۇلۇپ پۈتتى. دېمەك، بويىندا كۆتۈرۈپ، قويىندا ساقلاپ، ئاق سۈت بىلەن تەربىيىلەپ ئۈستۈرگەن بۇ ئۆزبېكىستان ـــ تۈركىستان ـــ بىزنىڭ ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزدۇر.

ئەمدى يۇقىرىقى سۆزدىن قارىغاندا، بىز ئــۆزبېكلەر شــۇ كۈنــدىكى ھــالىمىزنى يۈزەكى ئەمەس، چوڭقۇرراق تەكشۇرۇپ كۆرسەك، قايسى ھالدا تۇرۇۋېتىمىز؟ قانداق خــارلىق ئاســتىدا ياشــاۋېتىپتىمىز، پۈتــۈن ھايــاتىمىز ئۈســتىدىن كىمــلەر ھۆكــۈم يۈرگــۈزۈپ، تەقــدىرىمىز كىمــلەر قولىغــا تاپــشۇرۇلۇپتۇ؟ جەنــنەت كەبــى بــاغۇ بوستانلىق، نــازۇ نېمەتلىــك ۋەتەنلىرىمــىزگە كىمــلەر ئــگە بولــۇپ، ئــۇ جــايلاردا كىمــلەر ئولتۇرۇۋاتــدۇ؟ بىزنــى ۋەتىنىمــىزدىن، مــال ـ دۇنيــالىرىمىزدىن، ئەدەپ ـ ئەخلاقىمــىزدىن كىم ئايرىــدى؟ پۈتــۈن ھايــات ـ مامــات ئەرك ـ ئىختىيــارىمىزنى كىمــلەر قــولىمىزدىن تارتىــپ ئالــدى؟ ئۆزبېكــستان، بولۇپمــۇ قىرغىزىــستان، قازاقــستان ئۆلكىلىرىــدە ئەســلىدىكى نوپۇســتىن نەچچە ھەســسە ئــارتۇق ھالــدا

باسقۇنچىلار كۆپىيىپ، پۈتۈن يەرلىرىمىز رۇسلاشتۇرۇلدى. باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن يالغاندىن ئۆزبېكىستان، پالانىستان دېگەن يالغان نام بېرىپ، ئىش يۈرگۈزۈشتە موسكۋا تەيىنلىگەن بىر قانچە ۋەتەن خائىنلىرى، رۇس يالاقچىلىرى، ئەمەلپەرەس، ۋىجدانسىز، مەسلەكسىز ئادەملەر يەرلىك خەلق نامىدىن قويغان بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ئىشلارنى ئۆز قوللىرىدا تۇتۇۋاتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۆز مېھنەتلىرى بىلەن تاپقان ئىقتىسادىي بايلىقلىرىنى ۋە ۋەتىنىمىزدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆياتسىزلارچە تالان ـ تاراج قىلماقتا. ھازىر يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا پۈتۈن دۇنيا بويىچە مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋشىغا قارىماي، بىز تۈركىستان خەلقى رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاجايىپ بىر مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدۇق. خەلقىمىز رۇسلاشتۇرۇلۇپ، يۇتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز پۈتۈن ھوقۇقلىرىمىزدىن ئايرىلغان ھالدا باغۇ بوستان، نازۇ نېمەتلىك ۋەتىنىمىز، ئاتا مىراس ھالال ماللىرىمىز كۆز ئالدىمىزدا ناله ـ پەريادقا قارىماي، دۈشمەنلىرىمىزگە تارقىتىپ بېرىلمەكتە. مۇنبەت ۋەتەندىن نەچچە مىليون تونىلاپ ئاق ئالتۇن ـــ پاختا ئىشلەپچىقىرىپ بېرىۋاتقان بەختسىز دېھقانلىرىمىزنىڭ مال ـ مۈلكى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، قانداق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلەش بەكمۇ تەس. ئۆز ئۆيى، ئۆز ۋەتىنىدە غېرىپ بولغان بۇ بىچارىلەرگە غەمخورلۇق قىلغۇچىلار، بۇلار ئۈچۈن قايغۇرغۇچىلار بارمۇ؟ بۇ ئۆياتسىزلار: «ئېتىڭنى ئاچ قويساڭ، ئارقاڭدىن ئەگىشىدۇ» دېگەن تەمسىل بويىچە ئىش قىلىشتى. ھازىرقى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى باشلىقلىرىدەك، بىر نەچچە مەنسەپپەرەس، ئاچ كۆز ئىتلارنى ئارقىغا ئەگەشتۈرۈپ، شۇلار ئارقىلىق ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ. يەر تەۋرەش باھانىسى بىلەن (1966 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل تاشكەنتتىكى يەر تەۋرەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بىزگە ياردەم بەرمەكچى

بولۇپ، سەلدەك كەلگەن بۇ باسقۇنچىلار كىملەر ھېسابىغا يايرىشىپ، كىملەرنىڭ ۋەتىنىگە ئىگە بولدى؟ يەرلىك خەلقلەرنى شەھەردىن چەتكە ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قەۋەتلەپ ئىمارەتلەر سېلىپ، ئۇ ئىمارەتلەرگە پۈتۈنلەي رۇسلارنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۆيلىرىدىن ئايرىلغان بىچارە يەرلىك خەلق كىچىك باللىرى بىلەن كوچىلاردا تېنەپ يۈرۈپ، ئارانلا بىر باش تىققۇدەك يەرگە ئىگە بولدى. مانا بۇ پاجىئەلەرگە ئومۇمىي ۋەتەن ئاھالىلىرى، ئۆزىبېك خەلقىمىز، بولۇپمۇ يېڭى ھايات ئىگىلىرى زامانىۋى ئوقۇمۇشلۇق ۋەتەن باللىرىمىز، سىياسەتشۇناس، ۋەتەنپەرۋەر، زامانىۋى بۈيۈك ئالىملىرىمىز ئەھمىيەت بېرىپ قاتتىق قايغۇرۇشلىرىغا توغرا كېلىدۇ! چۈنكى بىر مىللەتنىڭ ۋەتىنىگە چۈشكەن ئاپەتلىرى شۇ مىللەتنىڭ تېنىگە چاپلاشقان ۋابا مىكروپلىرىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى چارە كۆرۈلمىسە، كۆپ ئۇزاققا بارماي ھايات ئالىمىدىن ئايرىلىپ، تۈپ يىلتىزى بىلەن يۇلۇنۇپ تاشلىنىدۇ. ھازىرقى كۈندە بىزگە قويۇلغان باسقۇنچىلار كۈچى، دەسلەپكى دەۋرگە قارىغاندا يۈز ھەسسە ئاشقانلىقتىن، بىز ۋەتەن ئاھالىلىرى ئۇلار ئالدىدا تاغ ئاستىدا قالغان چېكەتكىچىلىك كۈچكە ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن ئۇلارغا قارشى تاغنى ئاغدۇرغۇدەك كۈچكە ئىگە بولغان دۈشمەنلىرى پەيت كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا قاراپ تۇرماقتا. ئەمدى بىزگە ئۇلارنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن زامانىۋى ئىلىم - پەن، ھۈنەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋاقىت كۈتۈپ تەييار تۇرۇشىمىز لازىم.

**بېيىت**

سەۋرى قىل! باغلار زامان دۈشمەن قولىن ئارقاسىغا،
ۋاقىت ئۆتكەزمە، ئۇر شۇ چاغدا دۈشمەن باشىغا.

چۈنكى بىر دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، بىر زاۋۇت قۇرغانغا ئوخشاش ھەممە تەييارلىقلارنى ئالدىن تەييارلاش لازىم. ئۈنىڭغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇلۇش ئۈستىلىرى ئالدىن تەييارلايدۇ. ئىشچىلار، باشقۇرغۇچى خادىملار، ئىنژېنېرلار ھازىرلىنىپ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە، دۆلەت بىناسى شەكسىز قۇرۇلىدى دېمەكتۇر. بۇ مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زامانىۋى ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر تولۇق پىشىپ يېتىلىشى لازىم. بۇنىڭدا تارىخي خەزىنىمىزدىن ئايرىلماي، دىنىي روھىمىز، مىللىي ھېسسىياتىمىزنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز بىرىنچى شەرتتۇر.

## توقماقتا قايتقاندىن كېيىن يۈزبەرگەن ۋەقەلەر

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئاكىمىز باشلىق قېرىنداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، زامان ئەھۋالى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۆز جايىمىز بالاساغۇنغا (توقماق) شەھىرىگە قايتماقچى بولدۇق. كەلگەن يولىمىز تاغ يولى تولىمۇ خەتەرلىك بولغانلىقتىن پويىز بىلەن تاشكەنت ئارقىلىق كەتمەكچى بولدۇق. ئۇ كۈنلەردە جەمئىيەت تەرتىپى بەكمۇ قالايمىقان بولغانلىقتىن، بىر ھەپتە، ئون كۈنلەپ ساقلاپ، پويىز بېلىتى ئالالماي، ئاخىرى يەنە تاغ يولى بىلەن قايتىشقا توغرا كەلدى.

قايتىش يولىمىزدا باسمىچىلار جايلاشقان يېزىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن ئاتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچى بىلەن خەتەرلىك بولسىمۇ، تاغ ئىچىدىكى يوللاردىن كېسىپ ئۆتتۇق. كەتمەن دېۋىدىن ئۆتۈپ يولغا چىققىنىمىزدا، باسمىچىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يول بويى تەكشۈرۈشكە ساقچى ئەسكەرلەر قويۇلغان ئىكەن. ئۇلارغا ئۇچرىشىش ياكى ئۇچراشماسلىق خەتىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۈشمەنگە ئىلاجى بار يولۇقماسلىق چارىسىنى

ئىزدەپ، ئەگرى يوللار بىلەن ئارىلاپ مېڭىپ قۇتۇلدۇق. ئۇلارمۇ بىزنى قانداق قىلىپ كۆزلىرىدىن يوقىتىپ قويغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئۇزاپ تۈز يولغا چىققاندىن كېيىن، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تازا قويۇۋېتىپ چاپقىنىمىزچە كەڭ بىر يايلاققا چىقىۋالدۇق. شۇ كېچىسى تازا ئايدىڭ بىر كېچە بولغانلىقتىن، يىراقتىن بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئالدىمدا ئاتلىق كېتىۋاتقان ئىبلا ئاخۇن ماڭا قاراپ: «قانداق قىلارمىز؟» دېگىلى تۇردى. مەن: «شۇ يۈرۈشۈڭ بويىچە مېڭىۋەر، يولدىن چىقما!» دېدىم. ئارىمىز بىر يېرىم چاقىرىمچە قالغان ئىدى. بىز ئۇيان ـ بۇيانغا قارىماي ئۇدۇل مېڭىۋەرگەن ئىدۇق. يېقىنلاشقاندا ئۇلار بىزدىن تەپ تارتتى بولغاي، يولنى تاشلاپ باشقا يولغا كىرىپ كەتتى. پەرەز قىلىشىمىزچە، ئۇلار قىرغىزىستاندىن تاشكەنتكە چىقىپ، ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان سودىگەرلەر بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئارىدا بىر قونۇپ، داۋان ئارقىلىق مىركى شەھىرىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردە ئۈچ قونۇپ توقماققا كەلدۇق. بۇ سەپىرىمىزنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى تەخمىنەن بىر ئاي چامىسىدا بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، توقماققا كېلىپ مىڭ تۈرلۈك تەشۋىشلەر بىلەن بىرەر يىل تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئارىدا نامى چىققان «لولى قارى» لەقەملىك روزى قارى دېگەن داموللام داڭلىق شاگىرتلىرىدىن ئۇن نەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەندىجاندىن كېلىپ قالدى. بۇ كىشى بىز بىلەن بۇخارادا بىر ئۇستازدىن بىلىم ئالغان ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى ئىدى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بەش ـ ئون كۈن مېھمان قىلدىم. بۇ يەرنىڭ ئابى ھاۋاسى مىجەزىگە يېقىپ قېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئەسلى مەقسىتى قارا قول ئارقىلىق يەركەنتكە، ئاندىن غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىكەن. يول باشلىغۇچىسى ئۇ تەرەپتىن خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچە شۇ يەردە تۇرماقچى بولدى. يول باشلىغۇچىسى كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىستەكلىرى بويىچە توقماقتىن ئۇن

ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ ئېچىدىكى بېكتاش ئاتا مازىرىغا چىقىرىپ قويدۇم. بېكتاش ئاتا مازىرى ھازىرقى كۈندىن توققۇز يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن تۈركىستان خاقانلىرىدىن جانبۇلدىكى «ئەۋلىيا ئاتا» لەقەملىك قارا خان پادىشاھ بىلەن زاماننداشتۇر. بېكتاش ئاتا ئۇ كىشىنىڭ لەقىمى بولۇپ، ھەقىقىي ئىسمى ئابدۇلئەزىز باب ئىدى. تۈركىستان ـ تۈركىستاننىڭ بۆشۈكى دەپ ئاتالغان ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ خان بالىقى ئورنىدىكى بالاساغۇن شەھىرى شۇ چاغدا گۈللەنگەن بولۇپ، يەرلىك تۈركلەرنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىناتتى.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر كوراگان، ئۆزىنىڭ كىتابىدا بالا ساغۇندىن ئۆز دەۋرىدە ھەر تۈرلۈك ئىلىم ئۈستىدە كىتاب يازغان  يۈز نەچچە ئالىم، يازغۇچىلارنىڭ چىققانلىقىنى يازىدۇ.

كونا تۈرك تىلىنى ساقلاپ قالغۇچى «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى يازغان يۈسۈف خاس ھاجىپمۇ بالاساغۇنلۇق ئىدى. بۇنىڭدىن ھاڭ ـ تاڭ قالارلىق يەنە بىر ئىش ئەرەب تىلىنىڭ بىرىنچى لۇغىتى سانالغان «سىھاھ جەۋھەرى»نىڭ يازغۇچىسى فاراب تۈركلىرىدىن بولغىنىدەك، ئۇنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى  جامال قارشىمۇ يەنە شۇ بالاساغۇنلۇق ئوغۇز تۈركلىرىدىندۇر. بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان مەنكى ئەلخان ساغۇنىمۇ شۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، شۇ تۇپراقتا ئۆسكەن بولغانلىقىم ئۈچۈن شېئىرىي كىتابلىرىمدا تەخەللۇسۇمنى «ساغۇنىي» دەپ ئاتىغانمەن.

بۇ قۇتلۇق خانلىقتىن قالغان ئەسەرلەر ئۆز خارابىسى ئاستىدا قانداق كۆمۈلۈپ ياتقان بولسا، بۇنىڭ تارىخىي مەلۇماتىمۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش يوقالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ توغرىدا ئۇزۇن يىللار داۋامىدا توپلىغان مەلۇماتلىرىمنى بۇ كىتابىمنىڭ بېشىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. قىزىققان ئوقۇرمەنلەر شۇ بەتكە قارىسا بولىدۇ.

مېھمانلىرىمىزنى ئۇ يەرگە ئۇزاتقىلى چىققانىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار قولىدىن كېلىدىغان ياردەملەرنى ئايىماي قىلدىم. ئارىدىن ئۇتتۇز - قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى غۇلجىغا ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇ ۋاقىتتا ھەممە يەردە يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشى بولغانلىقتىن «ك پ ئۇ» جاللاتلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇلار كېتىپ بەش - ئون كۈن ئۆتەر - ئۆتمەي مېنى بىشكەككە چاقىرتىپ ئېلىپ كەتتى. سوراققا تارتقاندىن كېيىن، تۈرمىگە تاشلىدى. غۇلجىغا كەتكەنلەر توغرۇلۇق تەكرار سوراق سوراپ بىرەر نەرسە ئىلىندۇرەلمەي، ئۈچ ئاي بولغاندا ئامالسىزلىقتىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مېنىڭ تۆتىنچى قېتىم تۈرمىگە چۈشۈشۈم ئىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، توقماقتىن ئىككى يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراقول شەھىرىگە بارماقچى بولۇپ، توقماقتا تۇرغان ئاتۇشلۇق ئابدۇرەھمان تۆگىچى دېگەن كىشى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ يولغا چىقتىم. ئۆيدىن چىقىپ بىر قونۇپ ئىسسىق كۆلگە كەلدۇق. كۆلنى بويلاپ ھاۋا يەپ، ساياھەت قىلغاچ بەشىنچى كۈنى شەھەرگە كەلدۇق. قاراقول شەھىرىنىڭ قۇرۇلغان ئورنى ئەڭ كۆركەم، ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىك، باغۇ بوستانلىق، شېشىدەك كۆكىرىپ تۇرغان كۆل قولتۇقى، ئىككىنچى تەرىپى تۈپ - تۈز كوچىلار بولۇپ، شۇ سوزۇلغىنىچە بېرىپ ياپپېشىل قاراغايلىق تاغقا تۇتاشقان ئىدى.

بىز بارغان كۈنلىرى ماي ئېيىغا توغرا كەلگەنلىكتىن ھاۋانىڭ ئوچۇقىدا كۆل سۈيى كۆپكۆك، دەل - دەرەخلىرى، تاغۇ تاشلىرى ياپپېشىل بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەھەرگە كىرىپ مەرھۇم ئاتىمىز، قەدىردانلىرىمىزدىن ئاتۇشلۇق رۇزى ئاخۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. قاراقول شەھىرى نەچچە تەرەپتىن تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يەرگە قۇرۇلغان ئىدى.

بىرىنچىدىن، بۇ جايلار پۈتۈن تارىخ كىتابلىرىدا تۈركىستاننىڭ بۆشۈكى، تۈرك ئاتىسى «ئوغۇزخان پايتەختى» دەپ ئاتىلاتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىسلامدىن ئىلگىرى مەدەنىيەتلىك يەرلىك ئوغۇز تۈركلىرى ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ۋەتىنى بولۇپ، بالاساغۇن بولسا، پۈتكۈل تۈرك خاقانلىرىنىڭ پايتەختى ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ماۋەرائۇننەھر تۇران مەملىكەتلىرىدە موغۇللار ھاكىمىيتى تۆمۈر سۇلتان تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ، تۇغلۇق تۆمۈر ئوغلى ئىلياس خوجا قوشۇنىنى تەشكىللەپ يۈز مىڭ ئەسكىرى بىلەن كېلىۋاتقاندا، ئىسسىق كۆلنى بويلاپ قاراقول، قارقىرا، تېكەس، كۆكسۇ، ئاغىياز ئارقىلىق ئۆتۈپ چوڭ يۇلدۇزغا چۈشكەن ئىكەن. ئۇ يەردىكى موغۇل قالدۇقلىرىمۇ يېغىلىگەچ ئىلياس خوجا، ئوغلى ئوغلانخان ئەسكىرى بىلەن ئالتاي ئارقىلىق قاراقۇرۇم موغۇلىيىگە قاچقان ئىدى. بۇلار ئارقىسىدىن مىرزا ئۇلۇغ بەگ، بوۋىسى تۆمۈر سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئېلىپ قوغلىغان بولسىمۇ، قاچقانلارغا يېتەلمەي، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەندە قوغلاشنى توختىتىپ قايتىپ كەلگەن ئىكەن. ئاندىن ئۇلۇغ بەگكە يېتەرلىك ئەسكەر قوشۇپ، مۇزداۋان ئارقىلىق ئالتىشەھەرگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى موغۇللار ھاكىمىيتىنى يوقىتىپ، كاشغەر ئارقىلىق ئەندىجانغا بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا، لاۋۇ لەشكەرلىرى بىلەن زەپەر بايرىقىنى كۆتۈرگىنىچە يۇلدۇزدىن قايتىپ، تاي داۋان، داغۇت، كۈنەس ئارقىلىق تۇغلۇق تۆمۈر پايتەختى ئالمىلىقتا (ھازىرقى قورغاستا) كىرگەن.

بۇ يەردىكى خان خەزىنىلىرىدىن قالدۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، خاقان ئائىلىسىگە ئىگە بولۇپ، خان قىزىنى ئۆز نىكاھىغا ئالغاچ، موغۇللار ئۇنى كوراگان (كۈيئوغۇل) دەپ ئاتاشقان ۋە ئۆز رەسمىي ئادەتلىرى بويىچە ئۇلۇغلاپ، خان قىزى تاغىقىنى، يۈز موغۇل سىرغىسىنى يەنە يۈز موغۇلچە ئالتۇن قۇتىغا

سىلىپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە سەمەرقەنتكە كەلگەن. شۇلار ئۇرۇقىدىن تاراقچى ئىسرغالى نامىدىكى ئىككى قەبىلە ئۆزبېكلىشىپ، ھازىرقى كۈنگىچە سەمەرقەنت، شەھرى سەبىز ئەتراپىدا ياشاپ كەلمەكتە. سەمەرقەنت شەھرىگە كىرىۋاتقاندا، كىشى كۆزىگە يىراقتىن يالتىراپ كۆرۈنىدىغان تاغدەك كاھىشلىق پەشتاق، تۇغلۇق تۆمۈرخان قىزى، تۆمۈر سۇلتان خوتۇنى نامىغا سېلىنغان بى بى خانىم مەدرىسىسى» نىڭ خارابىسىدۇر.

تۆمۈر سۇلتان شۇ سەپەردە، موغۇللارغا ئەڭ ئاخىرقى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، تۇران، تۈركىستان ئېلىدىن ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلىغان ئىدى ۋە چىڭگىزخان دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خەزىنىسىنى ئالمىلىقتىن سەمەرقەنتكە كەلتۈرگەن ئىدى. بۇلار ئىچىدە يېشىل تاشتىن ياسالغان بىرى كۆك (كىچىكرەك)، ئىككىنچىسى ئاق رەڭلىك (چوڭراق) تەخت تاشلىرىمۇ بار ئىدى. سەمەرقەنت خەلقى ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن: «خىتايدىن كەلگەن كۆك تاش» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن. كۆرگەنلەردىن ئاڭلىشىمىزچە، بۇ تاشلارنىڭ تۆت بۇرجىكىدە كاسا ئاغزىدەك تۆت ئويۇقى بار ئىكەن. تۈركىستان خەلقى بىر كىشىنى ئۆزىگە خان قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولسا، قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە، شۇ ئويۇقلارغا ئالتۇن تولدۇرۇپ قويىدىكەن، ئاندىن يۈز كىشى ئولتۇرالىغۇدەك كاتتا ئاق كىگىز ئۈستىگە خان بولىدىغان كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ، توقسان قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى تۈرك ئۇرۇقىدىن كەلگەن توقسان ئىككى ئۇلۇس بەگلىرى كۆتۈرۈشۈپ تەخت تېشى ئۈستىگە قويىدىكەن. «پالانچى خاننى بىز كۆتۈردۇق» دېگەن سۆز شۇ مۇراسىمدىن قالغان ئىدى. بۇ ئىش پۈتۈن خەلق ئۇ كىشىنىڭ خانلىقىغا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا بەرگەن بەيئەتلىرى ئورنىدا قوللىنىلىپ كەلگەن تۈرك تۈزۈلمىسىنىڭ بىرسىدۇر. كېيىن تەخت تېشى بۇرجەكلىرىدىكى

ھېلىقى ئويۇقتا تاشلانغان تىللارنى ئەتراپتىن كەلگەن ئۆلۈش ۋەكىللىرى، بەگلىرى بۆلۈشۈپ ئېلىشىدىكەن.

مانا مەدەنىيەت ۋەھشىلىرى ۋەتىنىمىزگە قەدەم قويماستىن ئىلگىرى، تۇران ئەھلىنىڭ خان سايلاش ئۇسۇللىرى شۇ ئاساستا قۇرۇلغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، پۈتۈن خەلق رازىلىقىنى ئالغان ئاساستا سايلام قىلىش شەرت قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مانا ھەقىقىي سايلام شۇنداق خەلق رازىلىقى بىلەن بولۇشى كېرەك. ئۆزلىرىنى «خەلق ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتىۋالغان مەدەنىيەت ۋەھشىلىرى كۆز بويامچى، يالغان سايلاملىرىنى ئەللىك يىللاردىن بېرى كىنو كۆرسەتكەندەك قىلىپ ئۆتكۈزمەكتە. «ئاشكارا ئاۋاز بەردۇق» دېگەننى باھانە قىلىپ، بىلەتنى بىر تۈشۈكتىن سېلىپ، يەنە بىر تۈشۈكتىن ئېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كىشلەرنى ئالداپ كەلمەكتە.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ قاراقول شەھىرىدە بىر ئاي ئەتراپىدا تۇرۇپ قالدىم. بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ، قالغانلىرى ئۆزبېك، نوغاي، تۇڭگان ۋە سارت قالماقلىرى (موڭغۇل مۇسۇلمانلىرى) ئىدى. بارغان كۈنۈمدىن باشلاپ كېچە ـ كۈندۈز خەلق بېسىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ دىنىي مەسىلە، ئەخلاقىي ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاشقا بەكمۇ قىزىقاتتى. بىرىنچى جۈمە كۈنى نوغاي مەسچىتىدە، ئىككىنچى جۈمە كۈنى تۇڭگان مەسچىتىدە ئايەت، ھەدىسلەردىن مەنىلىك قىلىپ ئىمان ـ ئىسلام ئاساسلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، دەردلىك كۆڭلۈمدىن چىققان روھانىي تەسىرلىك ۋەزلەرنى سۆزلىگىنىمدە، جامئە بىناسى نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمانلاردىن چىققان يىغا ئاۋازى بىلەن لەرزىگە كەلگەن ئىدى. بۇ كەبى روھانىي تەرەپتىن لەززەتلىنىپ، كىشىلەرنىڭ قوزغىلىش خۇسۇسىيەتلىرى كۆپىنچە دىنىي ۋەز مەجلىسلىرىدىلا كۆرۈلىدۇ. ئادەم ئوغلىنىڭ

ياخشىلىرى پەرىشتىلەردىنمۇ ئارتۇقتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشلىق ئۆتكەن بارلىق ئەلچى — پەيغەمبەرلەر بۇ سۆزنىڭ چىنلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىرى بولسا، يىرتقۇچلارنى يولدا قالدۇرۇپ، شەيتاننى شەرمەندە قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى (1966 ـ يىل) غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان باسقۇنچىلىرىنىڭ قىلىۋاتقان زورلۇق ۋە زۇلۇملىرى بۇنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر. ھازىرقى بىزنىڭ دەۋرىمىز (1967 ـ يىلى) ئىنسان يارىتىلغاندىن بېرى ئىككى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بۇ كەبى زىيىنى تۈگىمەس، زەربىسى ئۈزۈلمەس، ئۇزۇن ئاپەت قىزىل بالا ھېچ ۋاقىت، ھېچ قاچان كۆرۈلمىگەن ئىدى. دۇنيا بارلىقىقا كېلىپ، خۇداسىز، دىنسىزلار قولىغا قورال ئۆتۈپ، ھاكىمىيەت ئۈستىگە مىنگەندىن كېيىن، بۇ يىرتقۇچلار ئىنسانلارنى يالغۇزغىنا دىنى، ۋەتىنى، شەخسىي ھوقۇقلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىنمۇ پۈتۈنلەي ئايرىپ، ھايۋانلار قاتارىدا ئىشلەتمەكتە. تەخمىنەن 1907 ـ، 1908 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، دۇنياغا تونۇلغان سىياسىي ئەربابلاردىن بىرسى شۇ زاماندا چىقىدىغان سىياسىي پىرقىلەر ھەققىدە يازغان بىر كىتابىدا: «بۇلار ئىچىدە كوممۇنىزم كەبى ئەقىلدىن يىراق، خىيالىي بىر مەسلەك ئەھلى، كوممۇنىست تونىنى كىيىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېگەن ئىدى. مانا شۇ خىيالىي مەسلەك ئىگىلىرى ئەللىك يىللاردىن بېرى ئەقىلدىن تاشقىرى تۈزۈملەرنى قورال كۈچى بىلەن خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، قىيامەت ئالامەتلىرى ھەققىدە سورىغاندا: «ھارامزادىلەرنىڭ ئوغلى ھارامزادىلەر ھۆكۈمەت ئىگىسى بولۇپ، خەلق ئۈستىدە زۇلۇم ھۆكۈمىنى يۈرگۈزىدۇ» دېگەن ئىدى. ھازىر مانا نەق شۇ ھارامزادىلەر دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ پىرقىلەردىن قانچىلىك ياخشىلىق ئالامەتلىرى كۆردىلەر؟ چۈنكى بۇلارنىڭ ئاساسى تۈزۈملىرى

خۇداسىزلىق، دىنسىزلىقتا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىكتە قۇرۇلغان. دىنسىزلىق بارلىق يامانلىقتا يول ئاچىدۇ. ئىنسانىي ئىنسانلىق سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرىدىغان، ياخشىلىقتا باشلايدىغان نەرسە — دىندۇر.

قاراقول شەھرىدە شۇنچە ئۇزۇن تۇرغان بولسامىمۇ، ئۇيغۇر ۋاقتلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا كەلدى ـ كەتتى مېھمانلاردىن بوشىنالمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ۋاقىت تېپىپ مەشھۇر شېۋىد سەيياھى سۋېن ھېدىنىنىڭ تەكلىماكان ۋە تىبەت ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلاردىن كۆپ پايدىلاندىم. كوممۇنىستلار كېلىشتىن بۇرۇن (بۇلاڭ ـ تالان قىلىنىشتىن بۇرۇن)، قاراقول كۇتۇپخانىسى تاتارچە ۋە ئوسمانىي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئىنقىلابنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە قانۇنسىز، قارا كۈچ، نادان ئادەملەر ھاكىمىيتى قۇرۇلۇپ، شەھەرلەردىكى كىتابخانىلار ۋە باشقا مەدەنىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلىرى زايە بولغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىر ۋەھشىيلىرى (موڭغۇل ئەسكەرلىرى)، شۇ ۋاقىتتا ئىسلام مەركىزى بولغان باغداد شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندە، «ئۇلجىغا ئەرزىمەيدۇ» دەپ نەقەدەر قىممەت باھالىق، نەپىس، نادىر كىتابلارنى دەجلە دەرياسىغا تاشلىغانلىقتىن، دەريا سۈيىنىڭ ئالتە ئايغىچە قارىيىپ ئاققانلىقى تارىخىي رىۋايەتلەردە يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يىرگىنچلىك يەنە بىر ئىش، يىگىرمىنچى ئەسىر مەدەنىي يىرتقۇچلىرى ھېسابلانغان كوممۇنىست ھاكىمىيتى دەۋرىگە كەلگەندە، خەلق قولىدا ساقلىنىپ ياتقان كۆپلىگەن قىممەت باھالىق نادىر ئەسەرلەر بار ئىدى. بۇ قىممەت باھالىق نادىر قول يازما كىتابلىرىمىزنى ئۆز ئىگىلىرى قورققىنىدىن ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، سۇدا ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. يالغۇز مېنىڭ توقماق، سوقولۇقتىكى ئۆيۈمدە بىرەر ھارۋا كەلگۈدەك ھەر تۈرلۈك كىتابلىرىم شۇ كۆمۈلگىنىچە يەر ئاستىدا قالدى. بۇنداق پاجىئەلەر يالغۇز چەت

مەملىكەتتە ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت مەركىزى بولغان پېتىرگرات كۇتۇبخانىسىدىمۇ بولغان ئىدى. شۇنداقكى، پۈتۈن ئىسلام ئالىمى كۆز تىككەن مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخىي شەرەپكە ئىگە بولغان مۇسھەف ئوسمانىي، يەنى ھەزرىتى ئوسمان ئۈستىدە شاھادەت تاپقان قۇرئان، شۇ كۇتۇبخانىدا ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. ئېتى مۇسۇلمان بىر نەچچە ئىپلاسلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. مەرھۇم تاتارىستان مۇفتىسى ھەزرىتى رىزا پەخرى باشلىق مۇسا ھەزرەت ۋە باشقا ئالىملار بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۇنىڭ چارىسىغا كىرىشىپ، بۇ ئۇلۇغ تارىخىي قۇرئاننىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن! ھازىر بۇ قۇرئان مۇقاۋىلىنىپ مۇزېيخانىدا ساقلىنىپ، خىتايدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەك ئەھمىيەتلىك تارىخىي ئەسەر ھېسابىدا كۆرسىتىلىۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قاراقول شەھىرىدە بىر ئاي - قىرىق كۈن تۇرۇپ ئاخىرى ئۇ يەردىن قايتىپ توقماققا كەلدىم. ئۇ يەردە مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك يەنە بىر زور ۋەقە تۇغۇلدى. يەنى ھازىرقى ئەرەبىستاندا تۇرۇۋاتقان ئالتۇنخان، مۇبەششىرخانلارنىڭ ئۇستازى، ئەسلى كاسان زادىگانلىرىدىن پەرغانە ۋىلايىتىدە ئابرۇيى يۇقىرى بولغان، ئاتىقى چىققان، شۇ زاماننىڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن ھېسابلانغان ناسىرخان تۆرە، كوممۇنىستلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي سۇدا ئاققان كىشىدەك ھەيرانلىقتا تۇرغان مۇسۇلمانلار، ئۆز دىنىي ئالىملىرىنى «ئىلاھىي كۈچتىن خالىي بولمىسا كېرەك» دەپ ئىشەنگەنلىكلىرىدىن، مال - جېنىنى ئايىماي بۇ كىشىگە قوشۇلۇپ، ئۆلكە بويىلاپ كۆپەيمەكتە ئىدى. بىراق ئىش ۋاقتىدىن ئۆتكەن، ئۇنۇملۇك پۇرسەتلەر قولدىن كەتكەن ئىدى. يىراق - يېقىنلاردىكى بولشېۋىكلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن

قوزغىلاڭلار پۈتۈنلەي باستۇرۇلۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك مەركەز تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرقانداق كىشى ئۆز زامانىسىنى چۈشەنگەن بولۇشى كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ 23 يىللىق ئىسلامغا دەۋەت قىلىش دەۋرىدىكى سىياسىتىدىن، پۈتۈن ئۈممەتلەرگە ئۈلگە بولغۇدەك ئىبرەتلىك تەرجىمھالىدىن خەۋەردار بولۇشى، ھەممىدىن بەكرەك ئىسلام ئالىملىرىغا لازىم ئىدى. زامانىۋى سىياسەت ئالىمىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن پۈتۈن ئىشلىرى تەتۈرسىگە ئايلاندى. يالغۇز قوزغىلاڭچىلار ئەمەس، شۇ باھانىدا ئۆزلىرىگە ياقمىغان ۋە ئىككى كىشىنىڭ ئالدىدا تۆت ئېغىز سۆز قىلالايدىغان بارلىق كىشلەرنى نەمەنگان، كاسان ئەتراپلىرىدا ئىزدەپ يۈرۈپ تۇتۇپ بىرنىمۇ قالدۇرماي ئېتىپ، چېپىپ ئۆلتۈردى. ئاز بىر قىسمى تۈرمىگە قامالدى ياكى ئۇزاق جايغا سۈرگۈن قىلىنىپ يوقىتىلدى. قوزغىلاڭ باشچىسى مەرھۇم قېچىپ يۈرگەندە، ئىككى ئوغلى بىلەن قولغا چۈشۈپ تاشكەنتكە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، يەر ئاستى قاراڭغۇ تۈرمىدە ياتقانلىقنى ئاڭلىغان ئىدىم. كېيىن ئىككى ئوغلى بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ يوقىتىلىپتۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا سىياسەت ئالىمىدىن خەۋىرى بار بىرەر كىشى بولغان بولسا ئىدى، ئىشنى باشقىچە، تەشكىلىي رەۋىشتە ئېلىپ بارغان بولاتتى. بۇ قەدەر چوڭ قوزغىلاڭ جەريانىدا تۆكۈلگەن بىگۇناھ خەلقنىڭ قانلىرى بىكارغا كەتمىگەن بولاتتى. چۈنكى جەنۇبىي تەرەپتىكى ئافغانىستان، ھىندىستان چېگرىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇ تەرەپتىن ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئاڭسىزلىق شۇملۇقىدىن ئۇ ئىشنى بېجىرەلمىدى. بۇ ئىشنى باشلاشنىڭ ئالدىدا قىرغىزىستان ئەتراپىغا ۋە باشقا جايلارغا مەخسۇس كىشلەر ئەۋەتكەن ئىكەن. خۇدا ساقلاپ، ئۇ كۈنلىرى مېنىڭ

قاراقولدا بولغىنىم ئۈچۈن ھېچ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن كېلىپ ھەپتە ئۆتمەي ئۇ جايدىكى «ك پ ئۇ» جاللاتلىرى تامدىن چۈشۈپ مېنى تۇتۇۋالدى. كېچە قاراڭغۇسدا قوراللىق كىشىلەرنى كۆرۈپ قورقىقان خوتۇن - بالىلىرىم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي دەھشەتلىك قارا سۈرگە چۆمۈشكە باشلىدى. بالىلىرىم يىغا - زارە ئىچىدە ئۆيدە قالدى، مېنى باغلىغان پېتى ھېچنېمىنى سورىماستىنلا قولغا چىققاننى ئېلىپ، شۇ ھەيدىگىنىچە فىرۇنزىغا ئېلىپ كېلىپ، گەپ سورىماستىن يەر ئاستى ئۆيىگە سولاپ قويدى. ئۇلار مېنى ئاشۇ ئىشقا چېتىشلىقى بار دەپ گۇمان قىلىپ ئۈچ ئايغىچە ھېچ تەرەپتىن بىر نېمە تاپالماي ئاخىرى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، غايىبانە كۆچىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ دەھشەتلىك قاماق جازاسىدىن ئامان - ئېسەن چىقتىم.

## يېڭىدىن ھىجرەت يولىدا

ئەمدى بۇندىن بۇيان بۇ يەردە تۇرۇشۇم ئۆز ئامانلىقىم ۋە دىنىم ئۈچۈن خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كېتىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلجا تەرەپكە كەتمەكچى بولۇۋاتقان دوستلىرىمدىن ئابىش دېگەن قىرغىز كىشىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سەپەر تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپ ۋەدىلىشىپ، قول بېرىشتۇق.

ھەر قايسىمىز سەپەر ھازىرلىقىنى قىلىپ ئات - ئۇلاغ، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلىدۇق. 1930 - يىلى سېنتەبىر ئېيىنىڭ بېشىدا، ئابىش ۋەدىسى بويىچە جابدۇنۇپ كەلدى. مەن ئۇ كۈنلەردە، توقماقتىن ئالتە چاقىرىم يىراقتىكى شورتۆپە دېگەن يەردە دېھقانچىلىق قىلىۋاتاتتىم. ئىشلىرىم چالا بولسىمۇ، ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ بارلىقىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ شام نامىزىنى ئوقۇپ، چەلە قازاق تېغىدىكى ئابدۇررەشىد غوجا، تۇڭگان ماكىمىر، يولباشلىغۇچى قىرغىز ئابىش قاتارلىق تۆت

يولداش ئاتلىنىپ، ئەل ياتاردا توقماقتىكى قورۇغا كەلدۇق. سۆزۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزۈم ياشلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى بۈگۈن يۇقىرىقى يولداشلىرىمدىن مەن بىلەن دەرقەمدە تۇرۇپ بۇ ھايات ئالەمدە مۇڭداشقۇدەك بىرەر كىشىمۇ قالمىدى. ياشلىق، يىگىتلىك چاغلىرىمدىن بېرى خەلق ئۈچۈن باشلانغان غەم ـ قايغۇلۇق كۈنلىرىم تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆتمۈشنى ئەسلىسەم، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى سان ـ ساناقسىز ۋەتەن بالىلىرىنىڭ تۆككەن مۇقەددەس ياش ـ قانلىرى ھېسابىغا قولغا كەلگەن ئىدى. نېمە چارە بولسۇن؟ «ئۆزلىرىنى ئېزىلگەن خەلقلەرنى زالىملار قولىدىن قۇتقۇزغۇچى، دۇنيادىكى ھەقسىز كىشىلەرگە ياردەم بەرگۈچى» دەپ ئاتىۋالغان ئالدامچى، كاززاپ سوۋېت ھۆكۈمىتى، ئالتە مىليون ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلدى.

بېيىت

قوينى بۆرە ئاغزىدىن قۇتقۇزدى، لېكىن كەچقۇرۇن،
قول ـ ئاياغىنى باغلاپ يان قاسساپقا تاپشۇردى، كۆرۈڭ!

1967 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ بىچارە قېرىنداشلىرىمىز، خىتاي باسقۇنچىلىرى، يىرتقۇچ كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ چىش ـ تىرناقلىرى ئاستىدا چايىنىلىپ، دىنىي، مىللىي ھوقۇقلىرى بۇيانىدا تۇرسۇن، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىنمۇ پۈتۈنلەي ئايرىلىپ يۈتۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەر باھانە بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولمىسا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئاھالىلىرى كۆپ ئۇزاققا بارماي باسقۇنچىلار قولىدا كۆمۈلۈپ كېتىشلىرى مۇمكىن.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇ كېچە ئائىلەم ئۇستىگە تۆيۇقسىزدىن كېلىپ ئۆلاردىن ئۆزۈلۈپ چىقىشىمدىكى تارتقان روھىي، ۋىجدانىي ئازابلىرىمنى ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەگەر شائىرانە تەسۋىرلىمەكچى بولسام، ئاشۇ پاجىئە زەربىسىدىن كۆڭلۈم يارىسى ھېلىھەم ساقايمىغانلىقتىن قەلىمىم ئۇچىدىن چىققان قارا سىيا، ئۇ كۈننى ئەسلىتىپ قانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق مەرھۇم ئانام باشلىق ئوغۇل ـ قىز باللىرىم، تۇن قاراڭغۇسىدا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن جالدۇر ـ جۇلدۇر جاللاتلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ئىدى. مەن ئۇلارغا: «سىلەرنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، يەر يۈزى تار كېلىپ، ھېچ جايغا سىغمىدىم، يولداشلىرىم كوچىدا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى، ئامىن دەڭلەر، غۇلجا سەپىرىگە نىيەت قىلىپ چىقتىم» دېيىشىم بىلەن، چوڭ ـ كىچىك قالماي، چۇقان سېلىشقىنىچە، پۇت ـ قوللىرىمنى قۇچاقلاپ: «بىزنى كىمگە تاشلاپ كېتىسىز؟» دەپ يىغلاشقىلى تۇرۇشتى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، بېشىمغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، داڭقېتىپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، «رەھمەتەن لىلئالەمىن» پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بىر ئاز ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ياخشى سۆز بىلەن ئۇلارنى بەزلىگىلى تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا بىلگەن ۋەسىيەت ـ نەسىھەتلىرىمنى ئېيتىپ، قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ يولغا چىقتىم. شۇ كېچىلەپ يۈرگىنىمىزچە سەھەرگە يېقىن قارا بۇلاققا يېتىپ، كۈن بويى كىشىگە كۆرۈنمەي بىر ئۆي ئىچىگە كىرىپ ياتتۇق. چۈنكى بۇ تۆت يولداش ئوتتۇرىمىزدا بىر بەش ئاتار مىلتىق، ئۈچ بەردەنكە ۋە باشقا قوراللىرىمىز بولغانلىقتىن كۈندۈز كۈنى باشقىلارغا كۆرۈنۈشىمىز خەتەرلىك ئىدى. ھەر كۈنى شام نامىزىنى ئوقۇپ ئاخشىمى قاراڭغۇدا يول ماڭدۇق. ئىچىمىزدىكى يول باشچىمىز ئابىش قىرغىز

بولغاندەك، تۇڭگان ماكىمر ياۋ يۇرەك، باھادىر يىگىتىمىز ئىدى. ئەگەر دۇشمەن توسۇقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى قورال كۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا تاپىلاپ، قورال ئىشلىتىش ئىشىنى ئۇلارغا تاپشۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن، كېمىن دەرياسىنى بويلاپ يۇرۇپ تاڭغا يېقىن شادىمان باتۇر ھاجىنىڭ قىشلىقى چوڭ كېمىن كۆۋرۇكى ئاستىغا كەلدۇق.

## قىرغىزلارنىڭ كاتتىسى شادىمان باتۇر

بۇ كىشى قىرغىزلار ئىچىدە ئاتا ـ بوۋىسىدىن باشلاپ يۇرت سوراپ، يۇرت كېزىپ كەلگەن شادىمان باتۇر جانتاي باتۇر ئوغلى، قارا بېك باتۇر ئوغلى، ئاتاكە باتۇر ئوغلى، تىيناي باتۇر ئوغلى بولۇپ، توققۇز ئاتا ـ بالىغىچە ئەل ئۇستىدە ئۆتكەن، ئۆز زامانىسىدا قازاق، قىرغىز خانى ئاتالغان زورماناپ (ئاقسۆڭەك) لەردىن ئىدى. ئاتىمىز مەرھۇم بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى بولغانلىقتىن ئۆزى بىلەن ھاياتلىقىدا كۆرۈشۈپ، خىزمىتىدە بولغان ئىدىم. بۇ كىشى يېقىملىق، پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭ شۇ كۇنلەرگىچە كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قىلغان باھادىرلىقلىرىنى داۋۇر قىرغىزلىرى ھازىرغا قەدەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆزئارا داستان قىلىشىدۇ. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەننىڭ، ئاڭلىغاننىڭ سىرتىدا بىر ئىككىسىنى خاتىرە بولسۇن ئۇچۇن بۇ ئورۇندا سۆزلەپ ئۆتۇشنى لايىق كۆردۇم.

باتۇر ھاجىنىڭ ئىلگىرىدىن بېرى ئېگىلىپ كەلگەن قىشلاق يەر ـ زېمىنلىرىنى چوڭ كەمىن ۋە كىچىك كەمىن دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى. بۇلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ قېلىن تارماقلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كىچىك كەمىننى «باتۇر ھاجىم قىشلىقى» دەپ ئاتايتتى. ئۆز دەۋرىدە ئىدىقۇت ئېلى بالاساغۇن ئۆلكىسىنى سۇغا قاندۇرغان چۇ دەرياسىنىڭ يېرىمى مۇشۇ قىشلاق ئوتتۇرىسىدىن

ئېقىپ ئۆتەتتى. سۇ تاشقىن ۋاقىتلىرىدا ئات ـ ئۇلاغ بىلەن بۇ دەريادىن كېسىپ ئۆتكىلى بولمايتتى. سۇنىڭ كېلىش تەرىپى يۇقىرى، سۇنىڭ ئېقىشى تېز، ئاستى قۇرۇم تاشلار بىلەن تولۇپ تاشقاچقا كېچىش تەس ئىدى. مانا شۇنداق تاشقىن كۈنلەردە، سۇ شارقىراپ ئېقىۋاتقاندا مال بېقىپ يۈرگەن بىر قىرغىز بوۋاي ئېقىپ كېتىپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا سۇ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سۇدا ئېقىپ كېتىشكە ئاز قالدى، ئەتراپتىكى قىرغىز يىگىتلەردىن ھېچبىرى بۇ قېرى بوۋاينى سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بۇنى كۆرگەن باتۇر شادىمان ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي، قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى ئاتايدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا: «خىزىر نەزەر سالغان كىشى» دەپ ئاتالغان بۇ كىشى دەرھال قول ئاستىدىكىلەرگە: «تۇر ئايغىر ئېتىمنى ئېلىپ كەل!» دېگىنىچە ئېتىنى مىنىپ سۇغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى. بۇنى كۆرگەن چوڭلار ۋە يىراق ـ يېقىندىكى تەڭتۇش كىشىلەر: «ھەي باتۇر! تىلىسىز ياۋغا قارشى چىقىپ باتۇرلۇق قىلىشنىڭ قانداق بولىدۇ؟ كۆپچىلىك يىغىلسا باشقا بىر ئامالىنى قىلاتتۇق» دېيىشىپ ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ ئۇنىماي، سۇغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. بۇنى كۆرگەنلەر بىر نېمە دېيەلمەي، يا ئۇنى بۇ ئىشتىن قايتۇرۇپ ئالالماي قايغۇغا چۆشتى. مۆكۈش، كامال دېگەن ئاتاقلىق ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەل ئىچىدە قەدرى ئۇلۇغ شاكە بايۋەچچە دېگەن خوتۇنى يىغلاپ يالۋۇرۇپ: «باتۇرۇم بۇ ئىشنى بولدى قىلىڭ، كەينىڭىزگە قايتىڭ» دەپ مىنگەن ئېتىنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىپ توسقىنىغا قارىماي، سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئېتىنى قويۇۋېتىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر: «شۇنداق دەھشەتلىك ئۆلۈم، خەتەرلىك تىلسىز ياۋ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ رەڭگى ـ رۇيىدا ھېچقانداق بىر قورقۇش ئالامىتى سېزىلمىگەن ئىدى» دېيىشىدۇ. بەلكى ئۇ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھتىن پانا تىلىگەن كۆزىسىز، تىلسىز سۇ بالاسى ئالدىدا

تۇرغاننى كۆرۈپ، بۇ كەبى دەھشەتلىك قارا ئەجدىھا ئاغزىغا چۈشكەن بىچارىنى قۇتقۇزۇشقا ھىممەت قىلغانلىقنى بىلگەچ، ئىجازەت بەردى بولغاي، قىلىچە ئىككىلەنمەي سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، سۇ ئوتتۇرىسىدىكى تاش ئۈستىدە پاقىدەك چاپلىشىپ ياتقان چالنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ: «ئاللاھ!» دەپ ئات سالغان ئىدى. ئۆركەشلەپ كۆپۈپ ئېقىۋاتقان دەھشەتلىك سۇ دولقۇنى ئىچىدە، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان باتۇر ھاجىنى سۇ بويىدا كۆرۈپ تۇرغان سانسىز خەلق: «ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا!» دەپ ئاللاھقا نالە قىلماقتا ئىدى. ئۆي، ئائىلە، جان كۆيەرلىرى ھەرياقتىن: «ئاھ خۇدا!» دەپ توۋلىشاتتى. شۇنداق ھەيۋەتلىك، دەھشەتلىك سۇ ئىچىدە جان تالاشقان ھالدا چاپلىشىپ ياتقان چالا ئۆلۈك بوۋاي ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ: «جېنىڭ بولسا، قولۇڭنى ئۇزات!» دەپ قاتتىق توۋلىغان بولسىمۇ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان بوۋاي قول ئۇزىتالماي، باتۇرنىڭ قولى ئۇنىڭغا ئىلىنماي، ئوقتەك ئېقىۋاتقان سۇ ئىچىدە ياندىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن پۈتۈن خەلق سۈرەن سېلىشىپ: «ئەمدى ئىش تۈگىدى، باھادىرىمىز ئۆز جېنىدىن ئايرىلىدىغان بولدى، ئۇنداق كىشى بىزگە قەيەردىن تېپىلىدۇ؟ بۇنداق بوۋاينىڭ نەچچە مىڭى ئۇنىڭ بىر تال تىرنىقىغىمۇ تەڭ كەلمەيتتى» دېيىشىپ توۋلىغان بولسىمۇ، بۇلارغا قاراپمۇ قويماي سۇدىن چىقىشى بىلەن يەنە «ئاللاھ!» ساداسىنى توۋلاپ، ئىككىنچى قېتىم سۇغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «باھادىرلارنى ئاللاھ دوست تۇتقاي، تىلىكىمنى خۇدا قايتۇرمىغاي، ھەر ئىشتا چىداملىق ـ ساباتلىقلار مەقسەتلىرىگە يەتكەي!» دېگىنىدەك، ئاللاھنىڭ ياردىمى يەتتى بولغاي، ئۇ چالا ئۆلۈك بوۋاينى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ، ئات ئالدىغا مىنگەشتۈرگىنىچە بۇ دەھشەتلىك سۇدىن سالامەت چىقارغان ئىدى.

يەنە بىر كۈنى، ئاق ئۆركەۋدا يىقىنلىرى بىلەن قىمىز ئىچىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن، يىراقتىن شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلىنىپتۇ. «بۇ نېمە ئىكەن؟» دەپ سورىسا، «هاي باتۇر! سۇ ياقىسىدىكى قىلىن ئورمانلىق ئىچىدە بىر يولۋاس ياتقان ئىكەن، ئەل بىلىپ قىلىپ، مەرگەنلەر بىلەن خەلق ئۇنى ياتقان يېرىدىن قوزغاپ ئىلىپ چىقىرالماپتۇ» دېگەندە: «كۆپچىلىك هېچ ئىش قىلالمايدۇ، هەر ۋاقىت خەلق ئارىسدا تۇرغان باهادىرلىك يەنە بىر ئىش قىلىپ كۆرسۇنچۇ؟!» دەپ ئۇۋ كۈنلىرى كىيىدىغان كىيىملىرىنى كىيىپ، قىلىچ ئاسقان هالدا ئاتلىنىدۇ. باتۇرنىڭ كىرىشكەن ئىشىدىن قايتماسلىق ئادىتىنى، ئەل ئىچىدە هەممە بىلگەنلىكتىن، بۇ ئىشتىن قايتۇرۇۋىلىش توغرىسىدا هېچ كىم ئېغىز ئاچالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يەر يۈزى هايۋانلىرى ئىچىدە ئېتى ئۇلۇغ، هەيۋىتى زور، قورقۇنچلۇق يىرتقۇچ يولۋاسنى قانداق قىلغاندا مەغلۇپ قىلىش مەسلىسىنى نەزەرگە ئىلىپ، هەر ئېهتىمالغا قارشى، كۆزى ئىلناشىسا تەگكۈزەلەيدىغان مەرگەن ئىنىسى مامۇتنى هەمرا قىلىپ ئىلىۋالغان ئىدى. شۇ يۈرگىنچە ئەگەشكەن تاماشىچى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قىلىن چاتقاللىق يېنىغا كەلدى. «هاي جانىۋار! سەن هايۋاندىن چىققان يولۋاس بولساڭ، مەن ئىنساندىن تۇغۇلغان ئارسلانمەن» دەپ بېرىپ، يالاڭ قىلىچى بىلەن يولۋاس ئۇستىگە ئېتىلغان ئىكەن، يولۋاس باتۇرنىڭ هۇجۇمىغا چىديالماي ياتقان يېرىدىن قىچىپ چىقىۋاتقاندا، ئىنىسى مامۇتنىڭ ئاتقان ئوقىدىن قاتتىق يارىلىنىدۇ، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر: «ئەمدى ئۇ يارىلاندى، يارىلانغان ياۋغا چىقىلسا بولمايدۇ» دەپ ئۆيىگە قايتىشىدۇ.

ئۈچىنچى ۋەقە، هەج سەپىرىگە كېتىۋاتقاندا مازارلارنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ، سەمەرقەنتكە چۈشكەن ئىكەن. ئەمىر تۆمۈر قەبرىسىگە كىرگەندە، قارىسا ساياهەت ئۈچۈن كەلگەن رۇس ئوفىتسېرلىرىدىن بىرسى تۆمۈر سۇلتان قەبرىسىگە ئايىغىنى تىرەپ خەت يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزىپى قوزغىلىپ:

«ھەي، ئەر قەدرىنى بىلمىگەن، پۈتۈك كېسىلگۈر يۈگۈۋاش! پۈتۈڭنى تارت!» دەپ تووۋلىغان ئىكەن، ئوفتىسېر قورققىنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، كەچۈرۈم سورىغان ھالدا كېتىپ قاپتۇ.

باللىق كۈنلىرىدىن باشلاپ كۆرسەتكەن بۇ باھادىرنىڭ شۇنداق كىشى ھەيران قالارلىق ئىشلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. بۇنىڭ باھادىرلىقى، سېخىيلىقى ھەققىدە باشقىلار ئەمەس، مەن بىلىدىغانلىرىمنى يازىدىغان بولسام، بىر كىتاب پۈتۈشى مۇمكىن.

ئىنسان ياخشىلىقى كۆمۈلۈپ كەتمىسۇن، خۇدا خۇش كۆرگەن پەزىلەتلىك بولغان، تۇرك ئۇلۇسىنىڭ باھادىرلىرىدىن كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز ئۈرنەك ئالسۇن، بەزى يەرلەردىن ئىبرەت ئالسۇن دەپ، بۇ ئورۇندا يۇقىرىقىلارنى نەقىل كەلتۈردۇم.

بېيىت

تەلىم تۇرك خەلقىگە كۆپ ئاپىرىن قىل،
قانداقلا ماختىساڭ ئازدۇر ئېنىق بىل!
تىنچلىق چېغىدا مېھماندەك ئوتتۇرغاي،
ئۇرۇش كۈنلەردە ئارسلاندەك ئېتىلغاي!

بىراق پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك، ھەر ئادەم ئۆز زامانىسىنى ياخشى چۈشىنىشى كېرەك. ئۆتمۈشتىكى كۆكرەك كېرىپ ئات چاپتۇرغان، نەيزە سانجىپ ياۋ ئالغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئۈستىگە يۈكلەنگەن دىنىي، مىللىي بۇرچىنى ئۆتىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ۋەتىنىنى باسقۇنچىلار قولىدىن ساقلاپ ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قولىدىن چىقارمىغان ئىدى.

كېيىنكى ئۈچيۈز يىللىق تارىخ بويىچە جاھالەت ۋە خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ، نادانلىق، چۈشەنمەسلىك ئاپىتىگە يولۇقۇش نەتىجىسىدە، رۇس باسقۇنچىلىرى قورال كۈچى ئىشلىتىپ ۋەتىنىمىزگە زورلۇق بىلەن كىرىۋالدى ھەمدە ئۆز قولىمىزدىكى ھاكىمىيىتىمىزنى تارتىپ ئالغىلى يۈز يىل بولدى.

ۋەتىنىمىزگە بىرىنچى قېتىم باستۇرۇپ كىرگەن شۇم ئاياق چار ھۆكۈمىتى تۈركىستان خەلقىنى ئەللىك يىل پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇقتا، ئىلىم ـ مەرىپەتتىن مەھرۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، رۇسلارنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى. يەرلىك خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۆزىدە، ۋەتىنى قولىدا بولۇپ، دىنىي مىراسلىرى، مەكتەپ ـ مەدرىسلىرى، ھەرتۈرلۈك جامائەت ئىشلىرى ئۆز ئىختىيارىدا ئىدى.

قاچانكى خەلق غېمىغا قايغۇرغان بولۇپ كۆرۈنگەن يالغانچى، ئالدامچى ئۇستەل ئاشىقى، مەنسەپپەرەس كومۇنىستلار، قورال كۈچى بىلەن ۋە ئوت ـ سولىنى بىلمەيدىغان، پايدا ـ زىياننى ئايرىشنى بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ۋىجدانسىز، قارا كۆسەيلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىپ ئالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشتى. شۇنداقكى، بۇلارنىڭ ھاكىمىيەتلىرى دىنسىزلىق، خۇداسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقتىن، بىرىنچى كۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئىشلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى يوققا چىقىرىپ، مەكتەپ ـ مەدرىسلەر، مەسچىت ـ خانىقالاردىن تارتىپ بۇزۇلماي قالغانلىرىنى چايخانا، ئويۇنخانىلارغا ئوخشاش ئۆزلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك ئورۇنلارغا ئايلاندۇردى.

ھەممىگە مەلۇم، دۇنيا يارىتىلغاندىن تارتىپ يەر ئۈستىدىكى ئىنسانلار ئۆز ئەركىنلىكلىرى بويىچە خالىغان يەردە ياشاپ، خالىغان يەردە ھايات كەچۈرۈپ

كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئىنسان بالىسى ئەسلى يارىتىلىشىدا، ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن ياشىشى، ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىشى، تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ، ئىنسانلارنىڭ هايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئىدى.

هايات ئالىمى ئىچىدە هېچبىر زامان، هېچ بىر مەملىكەتتە، ئىنسانلارنى ئەرك ـ ئىختىيارىدىن ئايرىپ، تىلسىز هايۋانلار قاتارىدا مەجبۇرىي ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر خىيالىي تۈزۈمنى قوللىغۇچى خىيالپەرەس ئەمەلدارلار قورال كۈچى بىلەن ئاشۇنداق شەرمەندىچىلىكلەرنى قىلىپ، ئەللىك يىلدىن بېرى پۈتۈن خەلقنى بېسىپ كەلدى.

بېيىت

قايغۇلۇق تۈنلەر ئۆزاردى تاڭ ئاتار كۈن بارمىكىن؟
بىز قامالدۇق بۇ تۆمۈر قورغان ئىچىدە ئىڭرىنىپ،
بۇ زۇلۇم قۇرغان قەپەسنى سۇندۇرار كۈن بارمىكىن؟
بارچە ئالەم يوللىرى ئوچۇق ئىرۇر بىزگە يېپىق.
ئەي خۇدا! هەج يولى ئېچىلار كۈن بىزگە بارمىكىن؟
بارچە ئالەم ئەهلى ئۆز مەقسەتلىرىنى تاپدىلەر،
ئۆزبېكىستان خەلقىگە بۇ ئىش بولار كۈن بار مىكىن؟
رۇسلار باستى ۋەتەننى قاپلىدى سەلدەك كېلىپ،
بۇ پالاكەتتىن خۇدايا قۇتىلار كۈن بارمىكىن؟
ساغۇنىي باغرى ئېزىلدى بۇ ۋەتەننىڭ دەردىدە،
كىم بىلۇر، بۇدەردىمە دەرمان تاپار كۈن بارمىكىن؟

قەغەز ئۈستىدە «ئون ئالتە ئەركىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىدە ھەققانىيەت قىلچىلىك يوق ئىدى. بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئاساسىي ئىشلىرى موسكۋاغا باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭسىز چوڭ ـ كىچىك ھېچ قانداق بىر ئىشنى ئۆز ئالدىغا قىلالماس ئىدى.

بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە قارىغاندا ھەر بىر ئىش توغرۇلۇق ئەڭ تۆۋەنكى ھالغا چۈشكەنلىكتىن دىنىي، مىللىي، شەخسىي، ھەتتا ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئىدى. «خەلق دۈشمىنى» دېگەن يالغان تۆھمەتنى توقۇپ، 1936 ـ، 1937 ـ يىللىرى نەچچە مىڭلىغان ۋەتەن زىيالىيلىرى، سىياسەتنى چۈشەنگەن ۋەتەن بالىلىرىنى تۇتۇپ يوقاتقاندىن باشلاپ، موسكۋا نېمە دېسە، «باش ئۈستىگە» دەيدىغان، خەلق تونۇمايدىغان، سۆيمەيدىغان بولسىمۇ، موسكۋانىڭ ۋىجدانسىز ئىپلاسلىرىدىن بىرى، شەراپ راشىدىننى ئۆز مەيلى بويىچە ئۆزبېكىستان قورچاق ھۆكۈمىتى باشلىقى قىلىپ بەلگىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز مەقسەتلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، 1966 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېلدا، تاشكەنتتە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش باھانىسى بىلەن ئۆيلىرى بۇزۇلغان ئۆزبېكلەرگە ياردەم بېرىش باھانىسى بىلەن پۈتۈن جۇمھۇرىيەتلەردىن ئادەم يۆتكىدى. ھەقىقەتتە يەر تەۋرەشتىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان مەركەز — يېڭى شەھەر بىنالىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن كۆپرەكى بۇ ئاپەتتىن ساق قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى باھانە قىلىپ، نەچچە مىڭلىغان ئۆزبېكلەرنى مەجبۇرىي شەھەر سىرتىغا كۆچۈرۈپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا رۇسلارنى ئورۇنلاشتۇردى. بولۇپمۇ، تارىخىي شەھەر ھېسابلانغان «شەيخان تەھۇر مەھەللىسى» پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ نام ـ ئەسىرىمۇ قالمىدى. بۇ شەھەردىن تاشقىرىغا ھەيدەپ چىقىرىلغان بىچارىلەرنى «قۇرباقا ئاباد» دېگەن يەرگە ئاپىرىپ قويدى. بۇزۇلغان ۋە يېڭى سالدىغان ئۆيلىرىگە ھېچقانداق بىر

ياردەم بەرمىدى. بۇ بىچارىلەر گۆدەك بالىلىرى بىلەن شۇ كۈنلەردە تازا قىينالدى ۋە يىگىرمىنچى ئەسىرگە كېلىپ ئۆز ۋەتىنىدە ئۆزلىرى خارلان ئىدى.

باسقۇنچىلارنىڭ دەسلەپكىسى بولغان چار ھۆكۈمىتى دەۋرىدىن ئەللىك يىل ئۆتۈپ، كاپىرلار ئارىسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۈنلەردە دىنىي ۋە مىللىي جەھەتتە، بولۇپمۇ تىل جەھەتتە ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى.

ئەمدى بولسا، بۇ دىنسىز ھۆكۈمەت دەۋرىدىن باشلاپ ئۈنىڭغا يەنە ئەللىك يىل قوشۇلۇپ، رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ كەلگىنىگە يۈز يىل توشتى. بۇلارنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرى پۈتۈن دۇنياغا دىنسىزلىق تارقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق سىياسەتلىرىنى ئورنىتىش بولغانلىقتىن، پۈتكۈل ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق سىياسىتىگە باغلاپ، ھەربىر نەرسىنىڭ رۇسلار ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇشىنى مەجبۇرىي رەۋىشتە شەرت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇلار ھەر ئىشقا ئارىلىشىۋېلىپ، ھۇشيارلارغا ساراڭلار، ساقلارغا تەلۋىلەر يولباشچىلىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە بۇ مەجنۇنلارنىڭ ئارىلاشمىغان ئىشلىرى قالمىدى. خەلق ئىختىيارى ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقىدىن ئايرىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ جان بېقىش ھالال مېھنەتلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، يەردىن چىققان ھالال مەھسۇلاتنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ ئۆزىگە تەگمىگەن ئىدى. ئوزۇق - تۈلۈك، يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ئامبىرىغا چۈشكەنلىكتىن، خەلق تىلەمچى ھالىتىگە چۈشتى. ئۆزلىرى خالىغان ئۆلچەمدە بېرىپ، خەلقنى نورمىلىق يېمەك بىلەن تەمىنلەش ئۇلارنىڭ توپ قانۇنى ئىدى. ئەگەر خەلققە ئۈچ كۈن يېمەك بەرمىسە، خەلق بېشىغا قىيامەت يىغىپ، شۇ كۈنى ئاچ قالاتتى. مانا شۇنداق بولۇپ ھازىرقى كۈندە ئىلگىرى تارىخلاردا پارقىراپ كۆرۈنگەن، تىللاردا داستان بولغان تۈرك خەلقى، تۇران مۇسۇلمانلىرى يالغۇز دىنىي ھوقۇقلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ يۇتۇلۇش گىردابىغا يېقىنلاشتى.

كېلەچەكتە بىز ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش، يوق باھانىلەر بىلەن ئون مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ سەلدەك كېلىۋاتقان باسقۇنچىلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئورۇنلىشىۋېلىشىدۇر. بەزى بىر مىللىي ھېسسىياتى يوق، ۋىجدانسىز كىشىلەر ئۇلارنىڭ بىزنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا يۇتۇۋېلىش خام چوتىنى سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزبېكىستان ھۆكۈمەت باشلىقى ھېسابلانغان شەراپ راشىدىنغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ قىزىنى ئورۇسقا بېرىپ، ئوغلىنى ئورۇستىن ئۆيلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇلاردىن بولغان بالىنىڭ كىم بولۇشى ھەممىگە ئايانغۇ؟! بۇ رۇسپەرەس ئەۋلادلار ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئەڭ ئېغىر جىنايەتچىدۇر. تارىختا باسقۇنچىلار دائىم شۇنداق ئەمەلپەرەس ساتقۇنلاردىن كەڭ رەۋىشتە پايدىلىنىپ كەلدى. ھازىرقى كۈنلەردە ئىنتېرناتسىئونال نىقابى ئاستىدىكى خىتاي باسقۇنچىلىرى سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھانغا ئوخشاش ۋىجدانسىزلاردىن پايدىلانماقتا.

## قۇتۇلۇش يولى

بۇ بالادىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەش ھەر بىر ۋەتەن ئوغلىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەر دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتلىرىمىزنى ساقلاش بىلەن بىر قاتاردا، بىرلىك ـ ئىتتىپاقىمىزنى كۈچەيتىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئىلىم قورالىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىمدۇر.

بۇ مەلئۇنلار ھاۋادىن باشقا ئوت، سۇدىن باشلاپ ئىنسان ھاياتىغا كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۆز ئامبىرىغا سولىدى. ئادەم بالىسىنىڭ مىڭ تۈرلۈك ھۈنەر ـ تەدبىرلىرى، ھەر ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان بېيىت ـ غەزەللىرى ۋاقتى كەلگەندە بىر پارچە نان ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. قازاق شائىرىنىڭ بۇندىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى: «ئۆلتۈرمەي ئالار جېنىڭنى،

بوغۇزلىماي ئىچەر قېنىڭنى، ئۆلچەپ بېرەر نېنىڭنى» دەپ ئېيتقان سۆزى ھازىر بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىپ ئورناشتى. دىنسىزلىق تۈپەيلى ئوغرىلىق، ئەخلاقسىزلىق، بىر - بىرىگە ھۆرمەتسىزلىك، ۋىجدانسىزلىقلار كۆپەيدى. «ھازىرقى مەدەنىيەت دەۋرىدە، دىيانەت بىلەن تەرەققىيات بىرگە ياشيالمايدۇ» دېگەن خاتا پىكىر ئاقىللار ئالدىدا ئەمەس، جاھان بويىچە ئەخمەقلەر ئارىسىدا تارقالماقتا. ھەقىقەتتە ھازىرقى تەرەققىيات ئىسلام دىنى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلسا، ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق مەدەنىيەت بولۇشىدا شەك يوق ئىدى. ئىنسان ئالىمىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرى ھەممە خەلق ئالدىدا، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالدىدا قانۇنىي رەۋىشتە ساقلانسا، شۇ چاغدىلا، مەدەنىيەت پەزىلىتىگە ئىگە بولغان بولاتتى.

ئۈستىمىزدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دىنسىزلار مەدەنىيىتى پاسىق (يولدىن چىققان، ئاداشقان) مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق مەدەنىيەت ئىنسانلارنى ئەخلاقىي ۋە روھانىي پەزىلەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىيدۇ. رۇسىيىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىيەت ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، ھايۋانلار قاتارىدا ئەركىسىز ئىشلەۋاتقانلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز. ھازىرقى دەۋردە، مەيلى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنى كۆرگەن بەزى ئىنسانلار قانداقتۇر «كوممۇنىستلارنىڭ ئاپىتىدىن قۇتۇلارمىزمۇ؟» دېگەن خام خىياللاردا بولۇۋاتىدۇ. لېكىن مەركىزى ھۆكۈمەت ئەربابلىرىدىن باشلاپ تۆۋەن تەبىقىغىچە ھەممە ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، شەخسىيەتچى، ۋىجدانسىز بولغانلىقتىن، بۇ ئۈمىدنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەگەر ئىلمىغا ئەقىللىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان بولسا ئىدى، ھەركىم ئۇنى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ھەق يولدا ئىشلەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھوقۇق

يامان ئادەملەر قولىدا بولغانلىقتىن ئۇلاردىن ھېچ ۋاقىت ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، كۆپىنچە ئىش بېشىدا ئولتۇرغانلار، بىرىنچىدىن، يېتەكچىسى ئارقىسىدىن قارىغۇلارچە كېتىۋاتقان، قىزىل تەشۋىقاتتىن باشقىسىنى ئاڭلىمىغان، مەنسەپپەرەس كوممۇنىستلار؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پەنلەردىن يېتەرلىك خەۋىرى يوق، ئىلمىي جەھەتتىن خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشنى قىلىشنى خالىمايدىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلىدىغان ئادەملەر، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلىگەن ئاشۇ ۋىجدانسىز ئادەملەردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھتىن تەركىب تاپقان كىشىلەر بولغانلىقىدىندۇر.

ئىلىم ـ مەرىپەت راۋاجلانغانسېرى پىكىرلەر ئۆزگىرىپ ئۆز ئىچىدىن ئۆگىشىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولۇش خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا: «ھۆكۈمەت ئىشلىرى يامان ئادەملەر قولىغا ئۆتكەندە بولىدۇ. مەن كۆرسەتكەن ئايدىڭ، يورۇق يولدىن ئۈممەتلىرىم چەتنىگەن چاغدا، خەلق بېشىغا شۇنداق پىتنىلەر كېلىدۇكى، شۇ زاماننىڭ دانالىرى ھېچ چارە تاپالماي ھەيرانلىقتا قالىدۇ» دېگەن ئىدى.

بۇنىدىن مىڭ ئۈچيۈز سەكسەن يىل ئىلگىرى بەرگەن خەۋىرىنى ھازىرقى كۈندە كۆرۈۋاتىمىز. قۇرئان نېمە دېگەن بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە خەۋەر بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەق ـ راستلىقىغا ھېچ ۋاقىت گۇمان قىلماسلىقىمىز لازىم. كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەنلەر كۆزى بىلەن كۆرگەندە ئاندىن چۈشىنىدۇ.

ئىنسان يارىتىلغاندىن بېرى، يەر يۈزىدە ھەر تۈرلۈك ئاپەت ـ بالالارنىڭ بولغانلىقىنى يالغۇز تارىختا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈپ بىزگە يەتكەن تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان كەبى ئىلاھىي كىتابلاردىمۇ خەۋەر بېرىلگەن ئىدى. لېكىن بۇ دۇنيا ئەھلى قانچىلىك كۆپ بالايىئاپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ كۈنلەردە بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن دىنسىزلىق بالاسىنى كۆرمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ بالالاردىن باشقىلارغا قارىغاندا، ئەڭ قاتتىق زىيان تارتقانلار يەنىلا بىز تۇران — تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بولدۇق. چۈنكى رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ شۇم قەدەملىرى يەتكەن كۈندىن باشلاپ ھۆكۈمىتىمىزدىن ئايرىلغان بولساقمۇ، دىنىي، مىللىي، ۋەتەن ھوقۇقلىرىمىز ئۆز قولىمىزدا ئىدى. قاچانكى بۇ مەدەنىي ۋەھشىيلەر قولىغا ھۆكۈمەت ئۆتتى، شۇ كۈندىن باشلاپ، يۇقىرىقى ھوقۇقلىرىمىزدىن ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانىي ھوقۇقىمىز، ئەرك ـ ئىختىيارىمىزدىنمۇ ئايرىلدۇق. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولدۇق؟ دېگىنىمىزدە، قۇرئاننىڭ ئېيتىشىچە، بەندىگە بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ زاۋالىغا ئۆزى سەۋەبچى بولىدۇ. خۇدا بەرگەن نېمەتلەرنى ھېچ ۋاقىت قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. بەرگەننى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئاللاھ ئۆزى بەندىلەرگە نەھىي قىلىپ، ئۇلارغا بۇ ئىشنى لايىق كۆرمىگەن ئىكەن، ئۆزىگە قانداق لايىق كۆرگەي؟!

ئاللاھ قۇرئاندا: «سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلىرىمگە قانچىلىك شۈكۈر قىلساڭلار، مەنمۇ شۇنچىلىك ئارتتۇرىمەن. ئەگەر قەدرىگە يەتمىسەڭلەر، ئۇ نېمەتتىن ئايرىلىسلەر، يەنە قاتتىق ئازابلىق جاۋابقا تارتىلىسلەر» دېدى.

ۋەتىنىمىزنى، دىنىمىزنى دۈشمەنلەردىن ساقلاش قۇرئان ھۆكۈمى بويىچە ھەممە مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا: «دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ئىمكانىيەتىڭ بېرىچە قورال تەييارلاڭلار!» دېدى.

رەسۇلۇللاھ زامانىدىكى مۇسۇلمانلارغا شۇ زامان قوراللىرىنى تەييارلاش پەرز بولغان ئىدى. بىزدە بولسا، ئۆز ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن ھازىرقى زامانغا يارىشا قورال ـ ياراقلارنى تەييارلىشىمىز، زامانىۋى قورال ـ ياراقلارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان بىلىمنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇنى قىلمىساق، ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئەمرىنى چۈشەنمىگەن بولىمىز. ۋەتىنىمىزنى ساقلاش، ئۆز دۆلىتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا سەۋەبلىرىنى قىلىشنى قۇرئاندا ئېيتىلغان ئاللاھ ئەمرى دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

بەزى بىر جاھىللارنىڭ ئېيتقىنىدەك، قۇرئاندا: «بۇ دۇنيا كاپىرلارنىڭكى، ئاخىرەت سىلەرنىڭكى» دېيىلگەن ئەمەس، «بەلكى ئىسلام ھەممىنى يېڭىدۇكى، ھېچ كىمگە يېڭىلمەيدۇ. ھەممىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇكى، باشقىلارنىڭ ئاستىغا چۈشمەيدۇ. ھەر ئىككى دۇنيا ياخشىلىقىنى ئاللاھتىن سوراڭلار» دېيىلگەن ۋە بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش چارىلىرى كۆرسىتىلىپ، پۈتۈن سەۋەبلەرنى تولۇقلاشقا بۇيرۇغان.

ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىدە ھېچ شەك يوقتۇر. نېمە بولغۇلۇق، كۆرگۈلۈكلەر بېشىمىزغا چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، كېلەچەكىمىزنى ئويلىشىشىمىزدىن باشقا چارە يوق.

## ھىجرىتىمىزنىڭ توختىتىلىشى

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك شادىمان باتۇر قىشلىقى (كىچىك كەمىن) گە كەلگىنىمىزدە، كۈتۈپ تۇرغان قىرغىزلار بىزنى قارشى ئالدى. ئۇلار بىلەن قېتىلىپ تۈن بويى يۈرۈپ، تاڭغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. بىر ئاز ئۇخلاپ دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ كۈن بويى يۈرۈپ كەچتە قېلىن قارىغايلىق ئىچىدىكى بىز بىلەن بىللە سەپەرگە

چىققان بىر قىرغىزنىڭ قېلىن قارىغايلىق ئېچىدىكى ئۆيىگە كەلدۇق. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى نەزەر قۇل بولۇپ، بىزنىڭ سەپەر باشلىقىمىز ئىدى. بىزنى بۇ يەرگە قوندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئارقىدا قالغان ئۆي - جايلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۇچ - تۆت يىگىت بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ كەتتى. ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغدا، بىرەر يۈز ئائىلىلىك قىرغىز بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، يەڭگىل يۈك - تاقلىرى بىلەن، باشقا مال - چارۋا، ئۆي - جايلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۆي، كالا بىلەن، يىلقىلىرىنى ھەيدىگىنىچە يېتىپ كەلدى. خىتاي يېرىدە پۇل بولغۇدەك نەرسىلەر بىلەن خۇرجۇن - قاچىلىرى تولدۇرۇلغان ئىدى. كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ خوتۇن بالا ــ چاقا، قىزلىرى ئىدى.

پۈتۈن يول بويى نەزەر قولنى باشلىق قىلىپ سايلاپ، مەن باشلىق يەنە ئالتىمىز كېڭەش ھەيئىتى بولۇپ يولغا چىقتۇق. ئالدى - كەينىمىزگە ياراملىق، مەرگەن يىگىتلەردىن مۇھاپىزەتچى بەلگىلەپ يولغا راۋان بولدۇق. قولىمىزدا ئىككى دانە بەش ئاتار، ئۈچ ــ تۆت باردەنگى، قالغىنى ئوۋ مىلتىقلىرى بولۇپ، يىگىرمىدىن ئارتۇقراق قورالىمىز بار ئىدى. شۇ يۈرگىنىمىزچە كۆك ئويراق ئۆزەننى بويلاپ، ئۈچ قونۇپ چۇ دەرياسىنىڭ بېشى ئاقسۇ، چېلەك دېگەن ئىككى داۋاننىڭ ئايرىلمىسىغا كەلدۇق. مېڭىۋاتقان يولىمىز بۆرىمۇ ماڭمايدىغان، تاغۇ تاشلىق، ئەگرى يول بولغاچقا تاغدىن ئاشىدىغانغا يول بىلىدىغان، پىشقان يول باشچى كېرەك ئىدى. بەختىمىزگە قارشى ۋەدىلەشكەن قالاۋۇز (يولباشچى) كىشىمىز كەلمەي قالدى. يولدا كېلىۋاتقىنىمىزدا، بىز بىلەن قاچقان قىرغىزلارنىڭ قورۇدا ياتقان قويلىرىنى، ئىگىسىز قالغان مال - تاۋارلىرىنى، تىكىلگەن ئۆيلىرىنى، كۆرپە - تۆشەكلىرىنى، ئەسۋاب ئۈسكۈنىلىرىنى كۆردۇق. ئىنسان ھاياتىغا كوممۇنىستلارنىڭ شۇنداق زۇلۇم سېلىپ، خارابىلىق كەلتۈرگىنىنى كۆرۈپ ئىچىمىز ئاغرىپ، كۆزلىرىمىزدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى.

بىزنىڭ قاچقان خەۋىرىمىز ئەل ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن، بىزنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىمىزدىن چېگرا ساقچىلىرىنى توشقۇزۇپ، ئارقىمىزدىن قوراللىق قىرغىز كوممۇنىست ئەترەتلىرىنى ئەۋەتكەن ئىكەن. بىز قاچقۇنچىلار ئۈچ كۈن ئۈزەن بويلاپ يۈرۈپ ئاقسۇ داۋىنى ئاستىغا كەلگەندە كەينىمىزدىن ئەۋەتكەن قىرغىز كوممۇنىستلارنىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈپ قالدى. ئارىمىزدا بىر ئاز مەرگەنلەر بار ئىدى، ئۇ كېچىنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق. ياتقان يېرىمىز ئاسمان پەلەك تاغلارغا تاقالغان، ئۇڭ قولىمىز ئاقسۇ، سول قولىمىز چېلەك داۋىنى ئىدى. لېكىن يولنى بىلىدىغان باشچىمىز بولمىغانلىقتىن، بۇ داۋانلاردىن ئېشىپ قايسى تەرەپكە مېڭىشىمىزنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ قالدۇق. دەل شۇ پەيتتە، ئالدى ـ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا دۇچ كەلدۇق. ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ: « ئىككى يول ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمىگەن كىشى ئوڭ قول تەرەپكە ماڭسۇن» دېگەن سۆزىنى ئېيتىپ مەسلىھەت بەردىم. ئەمما ئۇلار باشقا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ماقۇل بولمىدى. سول قولدىكى چېلەك داۋىنىنى ئاشساق قازاق يېرىگە چۈشۈپ، بۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزنى ئويلاپ، شۇ يولغا مېڭىشقا قارار قىلدۇق. ئەتىسى سەھەرلەپ ئاستىدىن بىر دەريا سۈيى تېشىپ چىقىۋاتقان ئېگىز تاغ بەل ئۈستىگە چىقىپ، ئۇ يەرگە ئۈچ ـ تۆت بالىنى قوراللىق قاراۋۇللۇققا قويدۇق.

ئۆزىمىز ئۇلاغلىرىمىز بىلەن بەل ئېشىپ، يالغۇز تۇياق كىيىك ماڭىدىغان يول بىلەن كىيىك ئىزىنى بويلاپ بۇلۇتقا تاقاشقان تۆت تاغ ئارىسىدىكى سۇغەزنىسى ـ چوڭقۇر سۇ (كۆك كۆل) دېگەن جايغا چۈشتۇق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كۆك مۇز، ئاق قاردىن باشقا ھېچ نىمە كۆرۈنمەيدىغان باش ـ ئايىغى بۇلۇتلار بىلەن ئورالغان چېلەك داۋىنى ئاستىغا كېلىپ قوندۇق. كۈز ھاۋاسى سوغۇق، قار ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. قار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان قارا تاش ئارىسىدا بېشى چىقىپ تۇرغان

ئۆسۈملۈكتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. قىرغىز ئاياللىرىنىڭ ئاشۇنداق قىسچىلىق، ھېچ نەرسە تېپىلمايدىغان يەردە تاماق ھازىرلىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر كىم بىر نەرسىگە باغلىنىپ يارىتىلغاچقا ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا ئاسانلىشىدۇ. ھەر ئىشنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار، ئىشىڭلار يەڭگىللىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ سىرىنى شۇ چاغدا چۈشەنگەن ئىدىم. بولۇپمۇ، ئۆز دوستلىرىمىزدىن ئايىش، ھەيدەر ئەلى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ خوتۇنلىرى تاماق ئېتىشكە ھەممىدىن چەبدەس ئىدى. بۇ ئەر - خوتۇنلارنىڭ بۇ كەبى ئېغىر يوللارنى مېڭىپمۇ ئارام ئالماستىن بىزگە قىلغان شەپقىتىدىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ، ھازىرغىچە ئۇلارنى ئەسلىسەم ھۆرمىتىم ئاشىدۇ. ئۇلارغا رەھمەتلەر ئېيتىپ، دۇئا قىلىمەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياتقان يەرلىرىنى جەننەتتىن قىلسۇن، ئامىن!

قانداقلا بولمىسۇن، شۇ كېچىنى قار - مۇز ئۈستىدە يېتىپ بولسىمۇ، تاڭنى ئاتقۇزدۇق. ئەتىسى بەختىمىزگە يارىشا قار - مۇز ئۈستىگە يالتىراپ تۇرغان قۇياش نۇرى چۈشۈشكە باشلىدى. يول بىلگەن، ئىز كۆرگەن يولباشچىمىز بولمىغاچ نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي، ئامالسىزلىقتىن خوتۇن - بالىلىرىمىزدىن باشقا ياش - قېرى دېمەي پۈتۈن ئەر كىشىلەر ئاتلىنىپ تاغقا ياماشتۇق. مىڭ مۇشەققەت بىلەن تاغ تۆپىسىگە چىقىپ قارىساق، تەخمىنەن ئۈچ چاقىرىم كەلگۈدەك تاغ تەسكىينى قېلىن قار - مۇز قاپلىغان ئىكەن. مانا شۇ يەردە بىز ئىلگىرى قاچقان بىرەر يۈز كىشى پىيادە - ئاتلىق كىشىنىڭ ماڭغان ئىزى تېپىلارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆن بويى يول كۆرۈپ، ئىز ئىزدىگەن بولساقمۇ، بەختىمىزگە قارشى بىرەر نېمىنىڭ ئىزىمۇ چىقمىدى. كەچتە بوران - چاپقۇنىنىڭ سوغۇقىدا قالمايلى دەپ  ئامالسىزلىقتىن ئارقىمىزغا قايتتۇق. خۇداغا شۈكرى، كۆك كۆل بېلى

ئۈستىگە قوراللىق ئۈچ ـ تۆت قاراۋۇل قويۇپتىكەنمىز، بولمىسا ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلگەنلەر ئىزىمىزغا چۈشۈپ، ئۈستىمىزدىن باسار ئىكەن. ئىز قوغلاپ كەلگەنلەر بەل ئۈستىگە چىققاندا، بىزنىڭ قاراۋۇللىرىمىز قارشىلىق كۆرسىتىپ ئوق ئۈزگەن بولغاچقا، ئۇلار قايتقان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى كۈنلەپ مۇز تاغلار ئارىسىدا يول تاپالماي ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، يەنە ئارقىمىزغا قايتىپ كەتتۇق. ئات ـ ئۇلاغلىرىمىز چارچاپ ئۆزىمىز قىينالغانلىقى ئۈستىگە، بەل ئۈستىدە بىر ـ ئىككى كۈن قېلىپ، ئىككى كىشىنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاقسۇ داۋىنى تەرەپكە يولغا سالدۇق. ئەۋەتكەن كىشىلىرىمىز ئىككىنچى كۈنى ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن يول يۈرسەك يايلاققا چىققىلى بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئېل يايلىقىدىن ئۆتۈپ، ئامان ـ ئېسەن ئاقسۇ داۋىنىنى ئېشىپ، كەڭ كەتكەن بىر يايلاققا كېلىپ چۈشتۇق. بۇ يەرگە كېلىپ خىيال قۇشۇم مېنى ئۆتمۈشتىكى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئوغۇز ئۇرۇقى — ئىدىقۇت ئېلىنى سەيلە قىلدۇرۇپ، ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا، بۇ سايدىن ئۇ سايغا  كۆچۈپ يۈرگەن تۈرك ئوغلانلىرىنى، كۈمزەك، كەڭ ساپال ھىجىردە ئىچىۋاتقان قىمىزلىرىنىڭ قىزىل كېكىرتەكتىن ئۆتىۋاتقان ھاللىرىنى، قوي ـ قوزا گۆشلىرىدىن كاۋاپ ئېتىپ، قۇلۇن سويۇپ يەۋاتقان بەختىيار ھاياتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بىر دەملىك بولسىمۇ، ئەركىنلىك ئالىمىگە چىققاندەك بولۇپ، ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن بۇ ئورۇندا ئىككى كۈن دەم ئېلىپ توختىغاندىن كېيىن، تاي ساۋرۇن، باي ساۋرۇن دېگەن يايلاقلاردىن ئۆتۈپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ، تۈن قاراڭغۇسىدا جىلە قارىغاي داۋىنى ئاستىدىكى قېلىن قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ قوندۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يوللىرىمىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ «تۈركىستان بۆشۈكى»، «ئوغۇزخان پايتەختى» ئاتالغان ئىسسىق كۆل ئۆلكىسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى

تارماقلىرى ئىدى. بۇ يەرگە كېلىش ئالدىدا يېغىشقا باشلىغان قار - يامغۇر تۈن بويى توختىماي ياغقان بولسىمۇ، ھەر تۈپ قارىغاي بىر قىرغىزنىڭ ئۆيىدەك بولۇپ، ئۇنىڭ دالدىسىدا ياتقان ھەر بىر قىرغىزنى ئۆيىگە چۈشكەن مۇساپىر مېھمىنىنى قار - يامغۇر ھۇجۇمىدىن ساقلىغاندەك ئاسرىماقتا ئىدى. ئەتىسى ھاۋا ئېچىلىپ كۈن كۆتۈرۈلگەندە، بۇ يەردىن كۆچۈپ شىمال تەرەپكە قاراپ، تاغدىن - تاغقا ئېشىپ يۈرگىنىمىزچە تۈمان بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغ تۆپىسىگە يەتتۇق. ئۇ يەرگە كەلگەندە ھاۋا بۇزۇلۇپ، قار كۈچىيىپ مېڭىۋاتقان يولىمىزنى قار قاپلاپ، قاياقتا يۈرۈشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. قىرغىز يىگىتلىرى پىيادە تاغ ئۈستىگە يامىشىپ يول ئىزدەشكە كىرىشتى. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قار قېتىشىپ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇماندا يول ئىزدەپ كەتكەن يىگىتلىرىمىز بىر - بىرىنى كۆرەلمەي قالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، يالغۇز ئاياق يول ئۈستىدە ئۈزۈنىدىن ئۈزۈن تۇرۇپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئاتلىرىمىزنىڭ بېلى تېلىپ يېتىۋېلىشقا باشلىدى. قارىساق، كۈن چۈشتىن ئېشىپ كەتتى، ئەگەر شۇ ئوتتۇرىدا كەچلەپ قالىدىغان بولساق، ئۆزىمىز ۋە ئات - ئۇلاغلىرىمىز ئۈچۈن قاتتىق قىيىنچىلىقلار تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئامالسىزلىقتىن ئارقىمىزغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ماڭغان ئىزىمىز بويىچە قايتىپ، قار - بوران ئىچىدە ئالتە سائەت ئەتراپىدا يول بېسىپ، گۇگۇم چۈشكەندە ھېرىپ - چارچاپ، ھېلىقى قېلىن قارىغايلىق ئىچىگە ئامان - ئېسەن كېلىۋالدۇق.

بۇنداق مۇشكۈل، خەتەرلىك داۋان يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن پىششىق يول بىلىدىغان باشلامچى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق ئادەمنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن شۇ يەرلىك كىشىدىن بىرسىنى يولغا سالدۇق. ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان تاغلار بىر - بىردىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا، يول باشچى تېپىپ كېلىندى. شۇندىلا كۆڭلىمىز جايىغا چۈشتى. يولباشچىنىڭ

كەينىدىن ئات تىزىغىچە قارغا پاتقان هالدا كېچىدە ئاداشقان يولىمىزدىن ئايلىنىپ ئۆتتۇق. يول باشچىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم. شۇنداق قىلىپ، جىلە قارىغاي داۋىنىدىكى قار تاغلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، تالغار يايلاقلىرىغا چۈشۈپ ئىككى كۈن دەم ئالدۇق. شۇ يەرگە كەلگىنىمىزدە، ئاتاقلىق يول باشچىلىرىمىزدىن قىرغىز قۇرچى باتۇرنىڭ قاچاقلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن غۇلجىدىن چىقىپ، ئالدىمىزدىكى ئىككى كۈنلۈك قۇدۇرغۇ دېگەن يەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇ كىشى بەش ـ ئون قوراللىق يىگىت بىلەن يول تاپالماي يۈرگەن قاچقۇنلارنى غۇلجا تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ، شۇ كەسىپ بىلەن پۇل تاپىدىغان قارا باتۇر ئىكەن. قاراقول شەھەر ساقچىلىرى خەۋەر تاپقىچە چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ: «كېچىككەننىڭ خەتىرى كۆپ، تېزدىن ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ، قوراللىق ئىككى يىگىتنى بىزگە ئەۋەتكەن ئىكەن. يولدا قوشۇلغان قىرغىز يولداشلىرىمىزنىڭ ئارقىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۈتۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنىڭغا قاراپ قۇرچى باتۇردىن بىز بارغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، تارتۇق يوسۇنىدا ئۇنىڭغا بىر سېمىز كالا ئەۋەتتۇق. بۇ ئىككى يىگىت قۇدۇرغۇ تېغى تۈپ قارىغاي بېلىدە، بىزنى كۈتۈۋېلىشقا قاتتىق ۋەدە بېرىپ، كالىنى يېتىلىگەن هالدا بىز بىلەن  خوشلىشىپ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىزمۇ يولغا چىقتۇق.

ئۆزۈمنىڭ رەھىمسىز، كۈچلۈك دۈشمەنلەر چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلۇغ تاغلاردىن ئېشىپ بىر يەرگە جەم بولغان مەزلۇم ـ ئاجىزلار قاتارىدا كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بۇ خۇنۇك مەنزىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدىم. بىر دەۋرلەردە پۈتۈن دۇنيانى نەيزىسى ئۈچىدا ئوينىتاتقان تۈرك ئوغلانلىرى، بۈگۈنكى كۈندە بۆركۈتتىن قاچقان تۈلكىگە ئوخشاپ قېلىپ، قاچار يېرىنى

تاپالمايۋاتاتتى. بۇرۇن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئىدۇق؟ ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇ هالغا چۈشۈپ قالدۇق؟ مانا بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چارىسىغا كىرىششىمىز كېرەك ئىدى. بىزنىڭ ئىشەنچىمىز بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا بولۇپ، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش. ئەمدى شۇنى بىلىش لازىمكى، بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا پۈتۈنلەي سەۋەبكە باغلىغان ئىدى. ئۇ دۇنيا ئىشلىرى، قۇرئاننىڭ ئېيتىشىچە، سەۋەبسىز، خۇدا قۇدرىتى بىلەن پەيدا بولىدۇ. زەررىدىن قۇياشقىچە بارلىق نەرسىلەرنىڭ بولۇشى ۋە بولماسلىقى يەنىلا سەۋەبكە باغلىقتۇر. تەۋەككۇل قىلىش، يەنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش بولسا، ئىنسان تاقىتىدىن تاشقىرى، قولدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىلا ئاللاھقا تاپشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى دېهقان يەرنى تاللاپ هەيدەپ، پۈتۈن شارائىتلارنى تولۇق تەكشۈرۈپ ئىشتىن كېيىن، تۇپراققا ئۇرۇقنى كۆمىدۇ، ئەمما تۇپراق ئىچىدە ئۇنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىش ئۇنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ تۇرۇشتىن باشقا چارە يوقتۇر. بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزمۇ هەممىگە چۈشىنىشلىك بولغانلىقتىن، دۇنيا ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە شۇنىڭغا تەتبىقلاپ قىلىشلىرى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز «مۇسۇلمانلار دۇنيادا ياخشىلىق كۆرسە، ئاللاھقا هەمدۇ سانالار ئوقۇسۇن. ئەگەر يامانلىق كۆرسە، ئۆزىدىن كۆرسۇن. قىلغان ئىشى ئۆزىگە قايتىدۇ» دېگەن ئىدى. ئايەت، هەدىس، خۇدا، پەيغەمبەر سۆزلىرىدىن چىقىرىلغان هۆكۈم شۇكى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلامىيەت شارائىتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش شەرتى بىلەن دۇنيا ئىشلىرىدا ماددىي، مەنىۋى تەرەپتىن زامانىۋى ئەسۋابلارنى تولۇقلاپ قولغا كەلتۈرۈش پەرزدۇر. ئەگەر بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يۈز شەرت لازىم بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن توقسان توققۇزنى بېجىرىپ بىرىنى قىلالمىسا، شەرىئەت ئالدىدا خىيانەت قىلغان بولۇپ، شۇ ئىشتا جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ. چۈنكى هايات ئالىمگە قۇرۇلغان ئاللاھ قانۇنىنى بۇزۇپ ياخشى ئىش قىلمىغان بولىدۇ. هەر بىر

نەرسىنىڭ سەلبىي ۋە ئىجابىي تەرەپلىرى تولۇقلىنىدىكەن، كىمنىڭ قولىدا بولسا بولسۇن، ئۇ نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئېنىقتۇر. بىز مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىشىمىز لازىمدۇر.

چۈنكى بىر ئىشنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئاللاھنىڭ هايات ئالەمگە چۈشۈرگەن قانۇنىدۇر. قۇرئان تىلىدا بۇ «ئادەتۇللاھ»، «سۈننەتۇللاھ» يەنى ئاللاھ ئادىتى، ئاللاھ يولى دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەرلەردىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيادا ياشايدىغانلار بۇ قانۇنغا بويسۇنۇشقا مەجبۇردۇر.  بۇنىڭغا مىسال ئۇھۇد ئۇرۇشىدا، ئۇ قانۇن ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان ئىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا قاراپ يۈزلەندى. بۇنى چۈشەنمىگەن بىر نەچچىسى: «مۇھەممەدنى خۇدا ئەۋەتكەن بولسا، بىز مۇشۇنداق كۈنگە قالارمىدۇق، ئۆزىنىڭ چىشى سۇندى، بېشى يېرىلدى، يولداشلىرىدىن بىر قانچىسى دۈشمەنلەر قولىدا ئۆلتۈرۈلدى» دەپ خاتا پىكىردە بولدى. ھەقىقەتتە بۇ ئىشقا ئۇلار ئۆزلىرى سەۋەبچى بولغان ئىدى. خۇدانىڭ قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن ئۇرۇش قانۇنلىرىنى بۇزۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىجىرمىگەچكە، زەپەر ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگەن ئىدى. بۇ قانۇن دۇنيا ئاخىرلاشقۇچە داۋام ئېتىدۇ.

ئەمدى بىز مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئىككى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى، ئۆزبېك، ئۇيغۇرلار هايات ئالەمگە قۇرۇلغان ئاللاھ قانۇنىنى ياخشى چۈشىنىپ، دىنىمىز، قۇرئانىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، هازىر دۈشمەنلەر قولىدا ئەرك ـ ئىختىيارىمىزدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي، هايۋاندەك ئىشلەپ، قۇللاردەك قىينىلىپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. يەنە شۇنداق بولسىمۇ، كېلەچەككە ئۈمىد باغلىغان هالدا، ئاساسلىرىمىز يارتىلىپ، بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئويغىنىپ، يېڭى تۇيغۇدا بولۇۋاتىدۇ. بەلكىم

ئۆزگىرىشلەر بولار، نەتىجە بېرەر. بۇنىدىن بۇرۇنمۇ بۇنىداق ئىشلار تەكرارلانغان ئىدى، سىياسەت ئالەمدە بۇنىداق ئىشلار دائىما بولۇپ تۇرىدۇ. تارىختىن بېرى بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرۈپ كەلدۇق.

كاپىرلىق يامانمۇ ياكى بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك يامانمۇ؟ بۇ سوئالغا دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملىرى ۋە پەيغەمبەرلەردىن باشلاپ، بارلىق بىلىملىك دانىشمەنلىرى: «بىلمەسلىك چۈشەنمەسلىك كاپىرلىقتىنمۇ يامانراق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. چۈنكى ئۆز زامانىسىنى چۈشەنمىگەن مۇسۇلمانلار شەرىئەت ئالدىدا ئىسلام ئاساسىنى بىلمىگەن بولىدۇ. ئۆز مىللىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلغان ئىنسانلار ئۆز ۋەتىنىدە تۇرسىمۇ، بىز تۈركىستان خەلقى كەبى پۈتۈن ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، خار ـ زارلىققا قېلىشى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. بىز ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا، مىراسلىرىمىزغا، ئانا ۋەتىنىمىزگە ئىگە بولالماي، مال ـ دۇنيالىرىمىزدىن، باشلىرىمىزدىن، دىنىمىزدىن پۈتۈنلەي ئايرىلماقتىمىز.

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ئىلىم تارقالغاچقا، ياۋروپا ئەجدىھالىرىنىڭ مۇستەملىكىسىدە قۇلچىلىقتا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئازادلىققا چىقىپ، ئۆز مىللىي ھۆكۈمىتىگە ئىگە بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنى ئەمگەكچىلەرگە غەمخورلۇق قىلغۇچى دەپ پەردازلاپ كەلگەن كوممۇنىست، قىزىل ئەجدىھالار، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بۇزۇق تۈزۈملىرى ئاستىدا پۈتۈن خەلقنى قۇتۇلماس قۇلچىلىققا سېلىپ، ھايۋانلارچە ئىشلەتمەكتە. بولۇپمۇ بىز ئىككى تۈركىستان، ئۆزبېك ـ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىككى ئەجدىھا ئاغزىغا تاقىشىپ، يۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئىش شۇنداق پاجىئەلىك ھالغا چۈشكەندە، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنى كۆرۈشىمىز ۋە قىلىشىمىز لازىم؟ چۈنكى ھايات ئالەمدىكى پۈتۈن ئىشلار سەۋەبكە باغلىق بولىدۇ. قاچان بىر ئىشنىڭ سەۋەبى تېپىلىدىكەن، ئۇنى

ۋۇجۇدقا چىقىرىش قۇرئان ھۆكۈمى، ئاللاھنىڭ بۇزۇلماس ئادىتى. بۇنى ئېنىق بىلىش لازىم. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئۇلۇغ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، يۇتۇلۇپ كېتىشتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشىمىز لازىم.

يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار يەر ئاستى مەدەنلىرىگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك يارىتىلغاچقا، ھەر قايسىلىرى ھەر تۈرلۈك قابىلىيەتكە ئىگە. بۇلار ئىچىدە تۆمۈر ـ كۆمۈرلەر كۆپ بولغاندەك، ئالتۇن ـ ئالماسلار يەنىلا ئاز تېپىلىدۇ. كېلەچەكتە بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى كۈنلەر يارىتىلىپ، ئامەت كېلىدىكەن، تاغ باسقاندەك ئۈستىمىزدە بېسىپ ياتقان رۇس باسقۇنچىلىرى قولىدىن ۋەتىنىمىز تۈركىستاننى ئەلۋەتتە قۇتقۇزۇپ ئالىمىز. چۈنكى بىزلەر ھازىرقى ھالدا تاغ تېگىگە چۈشكەن چۈمۈلىدەك ئاجىز ھالدا ياتقان بولساقمۇ، بۇنىڭغا قارشى كۆز ئالدىمىزدا تاغلارنى قومۇرغۇدەك دەھشەتلىك كۈچ ـ قۇۋۋەتلەر پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدۇ. ئەگەر شۇنداق كۈنلەر كېلىدىكەن بىز تۈركىستان خەلقى ئۆز ھۆكۈمىتىمىزنى بىرىنچى بولۇپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ھەر مىللەتنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى ئۆز قولىدا بولمايدىكەن، پادىچىسى يوق قويغا ئوخشاش، ئىت ـ ھايۋان، ئاچ بۆرىلەرگە يەم بولۇپ، ئاخىرى ئىنقىرازغا ئۇچراپ يوقىلىدۇ. ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز قولىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ يۇتۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتىمىزدىن ئايرىلماسلىق ئىدى. بىراق بۇ ھىيلىگەر باسقۇنچىلار ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇم، ئىستىبدات ھاكىمىيەتلىرى ئاستىدا دىنىي، مىللىي ھېسسىياتلىرىمىزنى يوقىتىش ئۈچۈن چىش ـ تىرناقلىرىغىچە قاتتىق كىرىشىپ، تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ھېسسىياتلىرىنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. نېمە ئۈچۈن چىقىپ كەتتى؟ دىنىي ئىلىم، تەربىيە ئالىدىغان مەكتەپ ۋە مەدرىسلىرىدىن ئايرىدى.

ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى پۈتۈنلەي دىنسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلدى. ئەللىك يىلدىن بېرى سوۋېت ھاكىمىيتى كوممۇنىستىك ئىستىبداتى ئاستىدا دىنىي، مىللىي ھېسسىياتلىرىمىزنى پۈتۈنلەي خەلق كۆڭلىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچى بىلەن دىنغا قارشى پۈتۈن چارىلىرىنى ئىشقا سالدى. بۇنىڭ تەسىرىدە ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ دىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۆزگىرىپ، دىنىي ھېسسىياتلىرى يوقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنى يۇتۇش ئۈچۈن «خەلقئارا» پەردىسى ئاستىدا ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، «مىللەتچىلىك يوق» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىزنى يوقاتماقچى بولدى. ئەمدى بۇ يالماۋۇزلارغا يۇتۇلۇشتىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دىنىي، مىللىي ھېسسىياتلىرىمىزنى ساقلاپ، زامانىۋى پەن ئىلىملىرىنى ئىگەللىشىمىزدىن باشقا چارىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. خۇلاسە شۇكى، مىللىي ھاكىمىيتىمىزدىن ھازىرچە ئايرىلىپ تۇرغان بولساقمۇ، مىللىي ھېسسىياتىمىزدىن ئايرىلماي ئۇنى ساقلاپ قالالىساق، كېلەچەكتە دۈشمەنلەرگە يۇتۇلۇشتىن ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇۋالالايمىز. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىنچى شەرتى تىل مەسىلىسىدۇر.

ئەگەر بىز تىل ـ يېزىق، ئەدەبىياتىمىزنى كېڭەيتىپ، ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، باشقا مەدەنىي تىللار دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىكەنمىز، ئەنە شۇ چاغدا مىللىتىمىز، مىللىي ھېسسىياتىمىز دائىمىي رەۋىشتە ئۆسۈپ ساقلانغۇسىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولماي، بەلكى ئەكسىچە ئۆز ئانا تىلىنىڭ قەدرىگە يەتمەستىن، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدىكەنمىز، ئۇزاق ئۆتمەي ئەلۋىدا ئېيتىپ، ئۆز تىلىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىمىز. دېمەك، ئۆز ئانا تىلىدىن ئايرىلىش، مىللىي ھېسسىياتنى يوقىتىش دېمەكتۇر. بۇ ئىش ئىنسانىيەت ئالىمى ئالدىدا چوڭ خىيانەت، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. «بۇنداق بولدى» دېمەك ـ «ئۆلۈغ

تۈركىستان ئۇلۇسى، تۇران نەسلى، رۇس باسقۇنچىلىرىغا تىل ـ يېزىقىمىز قۇربان بولۇپ، ئىنقىرازغا ئۇچرىدى» دېمەكتۇر. تارىخ سەھىپىسىدىكى ئىنسانلىق، شان ـ شەرەپ، نام ـ نىشانلىرىمىزدىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن!

«خان تەختىڭدىن ئايرىلساڭ ئايرىل، ئۇلۇسىڭدىن ئايرىلما!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. چۈنكى بىزنىڭ ئىشىمىز ۋە بىزگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ ئىشلىرىمۇ، ھازىرقى دۇنيا مىقياسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان دۇنيا سىياسىتىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭغىچە تىل ـ يېزىقىمىزدىن، مىللىي ھېسسىياتىمىزدىن ئايرىلماي، زامانىۋى ئىلىملەرنى ئىگىلەش، كېلەچەككە كۆز تۇتقان ئۇلۇغ مەقسەتلىرىمىزنىڭ بىرىنچى شەرتى بولۇشى لازىم.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈن يول بېسىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغان يەرگە كەلدۇق. قارىساق، بىز ۋەدىلەشكەن كىشىلەردىن ھېچ كىمنى كۆرمىدۇق ۋە بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىشقا باشلىدۇق. يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كۈن چۈش بولغاندا قودۇرغۇ تېغىغا يېتىپ كەلدۇق. بىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغان قورچى باتۇرنىڭ يوشۇرۇنغان جايى ئۇدۇلىمىزدا «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ھېچ كىم كۆزىمىزگە كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قېلىپ تۇرغىنىمىزدا، بىردىنلا ئۈچ ئاتلىق كىشى تاغ چوققىسىدىن چىقىپ كەلدى. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، خىزىرنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ، ھەممىمىز چۇقان سېلىپ ياغلىقلىرىمىزنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇلارنى چاقىرغىلى تۇردۇق. بىز پەستە ئۇلار ئېگىزدە بولغاچقا، ئارىلىق ئۇزاق ئىدى، توۋلىساق ئاڭلانمايتتى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتتى. تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ، توپ قارىغاي ئارىسىدا ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك كۈتتۇق. بۇ ئىشتىن گۇمان قىلىپ، ئىچىمىزدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. بۇنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى كىشىنى ئەۋەتتۇق. كەتكەن كىشىلەر قايتىپ كېلىپ،

بىزنى تۇتۇش ئۈچۈن ساقچىخانىدىن ئوتتۇزچە ئەسكەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئالدىراش - تېنەش قايتتۇق. يولدا قورچى باتۇرنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم بولدى. دەرھال قورالىق كىشىلىرىمىزنى تاغ بېشىدىكى يوشۇرۇن جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ بىر - بىرىمىزنى قوغداپ ياتتۇق. كەچ يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا بۇزۇلۇپ، قار يېغىشقا باشلىدى. بىز كېلىۋاتقان يولىمىزنى دۈشمەن توسۇپ ياتقانلىقتىن، ئۇلار بىلەن ئېتىشىش ياكى بولمىسا كەينىمىزگە قايتىپ كېتىشتىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى. كۆپىنچىمىزنىڭ خوتۇن - بالىلىرىمىز، ئۇلاغ - يۈكلىرىمىز كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتۈشىمىز تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قار قاتتىق يېغىپ، ئالدى - كەينىمىزدىكى يوللار پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى. يول باشلىغۇچىمىز يوق، يالغۇز ئاياق يول بىلەن قورقۇش ئىچىدە كېلىۋاتقاندا، ھەر تەرەپ دۈشمەن بىلەن تولۇپ كېتىشى بىزنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. ئاخىرى ئۆزئارا كېڭەشكەندىن كېيىن، ئالدىمىزدىكى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، كەينىمىزگە قايتىشقا مەسلىھەتلەشتۇق. كۆز كۆرمەس قاراڭغۇ كېچىدە مىڭ مۇشەققەت بىلەن تاغدىن - تاغقا ئېشىپ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن بىر ساي ئىچىگە كېلىپ چۈشتۇق. شۇ كېچىسى ھەرقانچە مۇشەققەت تارتقان بولساقمۇ، ۋاقتىنچە ياۋۇز دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلغان ئىدۇق. ئەگەر بۇ ۋەھشىي دۈشمەنلەر قولىغا چۈشۈپ قالغان بولساق، خوتۇن - بالىلىرىمىزدىن تارتىپ، ھەممىمىزنى قارا - قويۇق چېپىپ تاشلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. خۇدا ساقلاپ شۇ كۈنى قېلىن قار ياققانلىقتىن ئۇلار ئىزىمىزنى تاپالماي: «باشقا يول بىلەن ئۆتۈپ كەتتى» دەپ گۇمان قىلىپ قايتقان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ناھەق زۇلۇملىرىدىن بىزنى ئاللاھ ئۆزى قۇتقۇزغان ئىدى. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ سايدىن كۆچۈپ چىلەك داۋنى تۆۋىدىكى قىلىن قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ، ئامان ـ ئېسەن دەم ئالماقچى بولۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئالدىمىزدىن ئىسسىق كۆل بويىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئاق ساقاللىرىدىن ئاق بايراق كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە كىشى كۆرۈندى. ئەسلىدە، ھۆكۈمەت ئۇلارنى بىزنى يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە يالغان ـ ياۋىداق ۋەدىلەر بىلەن ئەۋەتكەن ئىكەن. بىزگە تارقىتىش ئۈچۈن بىر مۇنچە نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بەش ـ ئالتە ئادەمدىن باشقىسى تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئەمما ئىچكى دۇنياسى ناھايىتى زەھەرلىك بۇ كىشىلەرگە ئالدىنىپ، قايتىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئورۇق ئاتلىرىمىزنى مىنىپ، كەلگەن يولىمىزنى تاشلاپ، «سۈتتۇ بۇلاق داۋنى» ئارقىلىق، ئىسسىق كۆل ئۈستى باي ساۋرۇن يايلىقىغا قايتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ساياق ئۇرۇقى قىرغىزلاردىن ئاتا قەدىردانلىرىمىز كۆپ ئىدى. ھەر قايسىلىرى بىزنى چاقىرىپ زىياپەت قىلغىلى تۇرۇشتى. تېنىمىز ساق بولسىمۇ، كۆڭلىمىز تىنچسىز بولغانلىقتىن، يېمەك ـ ئىچمىكىمىزمۇ ئۆزىمىزگە ياقمايتتى. شۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قىرغىز يولداشلىرىمىز ئۆز يۇرتلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى. بۇلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بەش ـ ئالتە كىشى بار ئىدى. بىز بېشىمىزغا تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك، نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. ئاخىرى مەسلىھەت بىلەن توقماققا قايتماقچى بولۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، پالانى جايدا ئۇچرىشايلى دەپ ۋەدىلەشتۇق. ئۇلار كېچىلەپ ئۆز يوللىرىغا قايتىشتى.

بۇ يەر بىلەن توقماقنىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز چاقىرىمچە بار ئىدى. ئىشەنچلىك قىرغىزلاردىن بىر يولباشچى ئېلىپ، كۆل بويلاپ، يوشۇرۇن چىغىر يول بىلەن ئۈچ كۈن يۈرۈپ، ئىسسىق كۆلدىن ئۆتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى

مايدام تال دېگەن قېلىن توقاي ئىچىدىكى ئىرىسبەگ قىرغىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتۇق. بۇ كىشى (خۇدا رەھمەت قىلسۇن!) بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستلىرىمىزدىن بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق تۆل قويىمىز بار ئىدى. مۇسۇلمانچىلىقتا ئىخلاسلىق، خىيانىتى يوق، بىزگە مۇھەببىتى بار، ياخشى كىشى ئىدى. بىزدىن ئىلگىرى كەلگەن يولداشلىرىمىزدىن بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ، كېلىشىمىزنى كۈتۈپ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي قېلىن قارىغايلىق ئىچىدە يالغۇز بىر ئۆي ھازىرلاپ تۇرغان ئىكەن. بۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن يېتىپ، ھاردۇقىمىزنى ئېلىپ ئاندىن كىشى ماڭمىغان مەخپىي تاغ يولى بىلەن بىر قونۇپ ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن توقماققا كەلدۇق.

1930 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئون بەشلىرىدە شۇ خەتەرلىك سەپەرگە چىقىپ، يىگىرمە كۈندەك تاغۇ تاش، قار ـ مۇزلار ئارىسىدا يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىرى قازادىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىدىن، تەقدىرگە بويسۇنۇشتىن باشقا چارە تاپالماي، قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق.

## تۇتقۇنلۇق ۋە قېچىش

بۇ رەھىمسىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ، سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ، پۈتۈن ئائىلىمىزدىن ئايرىلىپ، ھەسرەتلىك كۆزلىرىمىزدىن قان ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا كەتكەن بولساقمۇ، ئالدىمىزدىكى ئەركىن ـ ئازادلىق ئالىمگە چىقىش ئۈمىدى بىلەن ئۇلۇغ تاغلار ئۈستىدە كۆڭلىمىز خېلىلا ئېچىلىپ، روھىمىز كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ يولدىن قايتىپ كېلىپ، ھازىرچە دۈشمەن قولىغا چۈشمىگەن بولساقمۇ، كۆز تىككەن ئۈمىدلىرىمىز بوشقا كەتكەنلىكتىن، ئۆز ۋەتىنىمىز دۈشمەن قەپىزىدەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، باشقا چارە تاپالماي، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قىرىق كۈنچە شۇ يەردە تۇردۇم. كېيىن سوقولۇقتىكى

تۇغقان شاگىرتلىرىم خەۋەر تېپىپ مېنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ كەتتى. تۇغقان خەلقىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن ياخشىلىقلىرى كۆپ ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار ئۇچۇن ئالللاھتىن ياخشىلىق سوراشتىن باشقا ھېچنەرسە قىلالمىدىم. بۇلار ئىچىدە ئۆز ئائىلەمدە تۇرغاندىنمۇ ئارتۇقراق ئىككى ـ ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قاياقتىندۇر كوممۇنىستلارنىڭ «ك پ ئو» جاللاتلىرى مەرھۇم ئالىمخان تۆرە ئاكىمىزنى چاقىرىپ: «ئۇيغۇر ئەلخان تۆرە چېگرىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كېلىپ، سوقۇلۇق تۇغقانلىرى ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. بىزدىن قاچقان كىشى قۇتۇلالمايدۇ، سىز بېرىپ ياندۇرۇپ كېلىڭ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمايمىز» دەپ ئەۋەتىپتۇ. بىر تەرەپكە كېتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، كەلمىسەم ئاكامغا يامانلىق قىلىپ قويمىسۇن دەپ، ئاكام بىلەن بىللە بىشكەككە كەلدىم. ئەتىسى مېنى جاللاتخانىغا چاقىرغان ئىكەن، ئۇ يەرگە مەجبۇرىي رەۋىشتە بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. ئۇلار يالغان ـ ياۋىداق، ھىيلىگەر، سىپايە گەپلەر بىلەن ماڭا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغان بولۇشۇپ تۇزاققا دەسسەتمەكچى بولۇشتى. ئۇ ئىدارە مەككارلىرىدىن بىرسى شۇ قېتىملىق سەپەردە بولغان ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىشىمنى سورىدى. مەن «نىجات چىنلىقتا» دېگەن ھەدىسكە بىنائەن بىر ئايلىق سەپەر جەريانىدىكى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئاغزىمدىكى سۆزلىرىمگە قانائەت قىلماي، سۆزلىگەنلىرىمنى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ يېزىپ كېلىشىمنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ دېگەن كۈنىدىن قالدۇرماي ئېيتقان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ كەلسەم، ئون بەش كۈن دەم ئېلىپ قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە بىراق مېنى ئۆز خىزمىتىگە سالماقچى بولۇشۇپ، قىرغىزلار قىشلىقى «چىم قورغان» دېگەن يەردىكى كىشىلەر ئۈستىدىن يوشۇرۇن مەلۇمات توپلاپ كېلىشىمنى ئېيتتى. ئەگەر ئۇ مەلئۇنلارنىڭ ئىشىنى بېجىرگىنىمدە، مۇقەددەس

قۇرئــان كەرىمنىــڭ ھۆكــۈمىگە قارشــى ئىــشلارنى قىلغــان بــولاتتىم. بــۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرقانچە ئىغىرچىلىقلار بولسىمۇ، ئىسلام ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ زالىم ۋەھشىيلەر تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاشنىڭ ئورنىغا: «نېمە بولسا بولسۇن» دەپ ھېچ ئىش قىلماي قايتىپ كەلدىم. ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۇلارنىڭ تاپشۇرغان خىزمىتىنى بېجىرمىگىنىمنى ئاڭلىغان ئۇ كاپىرنىڭ چىرايى بۇزۇلۇپ، تۇسى ئۆزگىرىپ غەزىپى تازا كەلگەن بولسىمۇ، (خۇدا ساقلىدى!) ماڭا ئازاب سېلىپ، بىرەر ئۇرۇش ـ قىيناش ۋاستىسى قوللانمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەھۋال ئۆزگىرىپ ئىككىنچى بۆلۈمگە چىقىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن يۈرگۈزۈلىدىغان زۇلۇم قارارلىرىنى بېكىتىپ، بىر ئازدىن كېيىن ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يالغۇز كامېرغا سولاپ قويدى. مۇدھىش قىش كۈنىنىڭ چىللە سوغۇقىدا ئاستى ـ ئۈستى مۇزدەك يالتىراپ تۇرغان يەر ئاستى زىندانغا كىرگىنىمدە، ئۆزۈمنى ھايات ئالەمدىن باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. بۇ كەبى دەھشەتلىك يەرگە قىش چىللىسى رامىزان ئېيىدا كىرگەن ئىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ تۇرمە قازىنىدىن ئاش يېمەسلىككە شەرت قىلىپ، سوھۇر ۋە ئىپتار ۋاقتى كەلگەندە قۇرۇق نان بىلەن قايناق سۇغا قانائەت قىلىپ روزامنى تۇتتۇم. ئوت كۆرمەي، ئىسسىق ئىچمەي روزا تۇتۇپ يالغۇز ئۆيدە ئون ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، لېنىنگرادلىق بىر ئورۇس يىگىتنى مېنىڭ يېنىمغا سولاپ قويدى. قىش كۈنىنىڭ سوغۇقى، ئورۇن ـ كۆرپىنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئۈستىگە، سوزۇلۇپ ياتساق ئىككى كىشى پاتمايتتۇق. توغرىسىغا ياتساق پۇتىمىز تامغا تاقىشىپ قالاتتى. قىش چىللىسىنىڭ سوغۇقىدا ئايىغىمىز ئۇششۇشكە باشلىغىلى تۇردى. ئۇ قىيىنچىلىق كۆرمىگەن باي بالىسى بولسا كېرەك، بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىغان قىياپەتتە مەندىن: «سىزگە بۇ يەرگە كەلگىلى نەچچە كۈن بولدى؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئون ئۈچ

كۈن بولدى» دېدىم. ئۇ بېشىنى چايقاپ، ماڭا ئىچىنى ئاغرىتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىنى كامېر ئىچىدە نۆۋەتلىشىپ يۈرۈپ، ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزاتتۇق. بۇ ئازابقا چىدىيالمىغان بولسا كېرەك، چاي ئورالغان بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ قاراۋۇلغا تاپشۇردى. ماڭا قاراپ: «بۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندىن كۆرە، ئۆلگىنىم ياخشى. مەن ئاچلىق ئېلان قىلدىم» دېدى. بىر ـ ئىككى سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەي كامېر باشلىقى بۇرۇتىنى شاپىلاق قىمىرلىتىپ: «ئاچلىق ئېلان قىلغان كىم؟» دەپ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ يىگىت: «مەن!» دەپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ يىگىتنى باشقا كامېرغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇلاردىن: «مەن بۇ يەردە ياتقىنىمغا ئون ئۈچ كۈن بولدى. بۇنداق ئۆيگە ئون كۈندىن ئارتۇق سولىمايتتى، مېنىمۇ باشقىچىراق بىر ئۆيگە ئاپىرىپ سولاڭلار!» دەپ ئىلتىماس قىلسام، ئۇلار: باشلىق بىلەن سۆزلىشىپ جاۋابىنى بېرەيلى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن بىلەن بىللە ياتقان ۋە ئاز بولسىمۇ غەمخورلۇق قىلغان يولدىشىمدىن ئايرىلىپ، كامېردا يەنە يالغۇز قالدىم. مەنمۇ بىر باھانە تېپىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتسام، ئۇلار كېلىپ مېنى ئادەملەر بار 8 ـ كامېرغا چىقىرىپ قويدى. بۇ يەر كۆزۈمگە بىر باشقا ئالەم كۆرۈنۈپ، مۇزخانىدىن مۇنچىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ كامېردا ماڭا يولداش بولغۇدەك بىر قىرغىز، ئىككى رۇس بار بولۇپ، توقماقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى ياخشى تونۇيدىكەن. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق.

شۇ كۈنى، ئېپتار ۋاقتىدا بارىمنى ئالدىمغا قويۇپ، قايناق سۇ بىلەن يۇمشاق ناننى يېگەچ: «بۇنداق يەرنىمۇ كۆرىدىكەنمىز» دەپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېغىز ئاچتۇق. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى يان قوشنا كامېرغا كۆچۈرۈپ قويۇشتى. قارىسام، ئۇ يەردە مېنىڭ سەپەرداشلىرىمدىن تۆت قىرغىز ئولتۇرۇپتۇ. بىر

ـ بىرىمىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتۇق. چۈنكى بۇلار قار ـ مۇزلۇق تاغۇ تاشلار ئارىسىدا قېچىپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزدىكى قايغۇلۇق قېرىنداشلىرىمىز ئىدى. «زاتى ياخشىلار ئۇنتۇماس ھېچ قاچان، قايغۇلۇق كۈنلەردىكى يولداشلىرىنى» بىزنىڭ سەپەرداش ئىكەنلىكىمىزنى بۇ زالىملار بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلار بىلەن بىر ئايغىچە بىللە تۇرۇپ، روزىنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. باشقا سەپەرداشلىرىمىزنىمۇ قالدۇرماي، ھەممىسنى قولغا ئېلىپ قاماشقان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئات بېشى، نارىن، قوچقار، جۇمغال تەرەپلەردىكى قىرغىزلاردىن باي، ماناپ باھانىسى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن كىشلەرنى قويماي قاماقتا ئالغىلى تۇرۇشتى. ئالتە ـ يەتتە كىشى سىغىدىغان كامېرلارغا يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشىنى قامىدى. بۇلار ئىچىدە ئۆمۈر بويى بازار كۆرمىگەن، ئېگىز تاغ ئۈستىدە يۈرۈپ پاتا بېقىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان پادىچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى يېشى سەكسەندىن ئاشقان قىرغىز چال بولۇپ، ئۇنىڭ ئون ئالتە ياشلىق بىر بالىسىمۇ بار ئىدى. تاغ داۋانلاردا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ئويۇنغا ئامراق بۇ بالا، مۇنداق دەھشەتلىك كۈنگە قېلىپ، قورققىنىدىن چېچىغا بىردەمدىلا ئاق كىرىشكە باشلىغان ئىدى.

بۇ كامېردىمۇ ئادەم كۆپ، ياتىدىغان يەر قىس بولغانلىقتىن، كېچىسى ئىككى باش بولۇپ يېتىشقا مەجبۇر بولاتتۇق. ئايغىمىز تالغاندا ئۇزارتساق، يەنە بىرىمىزنىڭ بەدىنىگە پۇتىمىز تېگىپ كېتەتتى. بىرىمىزنىڭ پۇتى يەنە بىرىمىزنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ قالسا، شۇ زامان ئۇيقۇمىز قاچاتتى. ئارىمىزدا ھايات بويى بۇنداق ئازابنى كۆرمىگەن كىشلەردىن خېلى بار ئىدى. ئۇلار دىنىي كىتابلاردا: «ئۇ دۇنيادىكى ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ نۇسخىسى بۇ دۇنيادىمۇ بار» دېگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنداق يامان

مۇئامىلىلەرنى، ئەخلاقسىز كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئۇ دۇنيادا بەندىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاخ ئازابىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىبرەت ئېلىشى لازىم ئىدى.

### بېيىت

ئاقىل ئادەم ھەر ئىشتىن ئىبرەت ئالۇر،
قايسى ھال ئىچرە تۇرسا  پايدالانۇر.

تۇرمە تەرتىپى بويىچە كامېر سۇپۇرۇش، خالا تازىلاش ئىشىنى ھەر كۈنى بىر ئادەم نۆۋەت بىلەن قىلاتتى. قېرى، ئاجىز كىشىلەرنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلىپ قوياتتىم. ئادەم بالىسى ھەر ئىشقا چىدىيالىسىمۇ بىكارچىلىققا چىدىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبىرىمىز: «بىكارچى ساغلام يىگىتلەرنى ئاللاھ دۈشمەن تۇتىدۇ، ئىشچان قېرىلارنى دوست كۆرىدۇ. بۇزۇقچىلىق، پىتنە - پاسات ئىشلار كۆپىنچە بىكارچىلاردىن چىقىدۇ» دېگەن ئىدى. بولۇپمۇ تاغۇ  تاش، دالا - تۈزدىن كەلگەن قىرغىز - قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بوش، ئۆزلىرى ئۈچۈق ھاۋا، كەڭ دالالاردا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بۇنداق ئېغىرچىلىقلارنى كۆپ كۆرمىگەن، تۇرمە مۇشەققەتلىرىگە كۆپ چىدامى يوق بولغاچقا، سەۋرسىز خەلقلەردىن ھېسابلىناتتى.

مەن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قۇتۇلۇش چارىسىگە كىرىشتىم. ئۇلار بۇ خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئوڭ - سولىنى بىلمەيدىغان، بىرەر ئىشنى بايقىيالمايدىغان، كۆپ كىشىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جاسۇس قىلىپ بۇرۇندىنلا باغلىۋالغان ئىكەن. «دۈشمەن قولى بىلەن يىلان بېشىنى يانجىش، ئۆلسىمۇ سېنىڭ پايداڭ، چاقسىمۇ سېنىڭ پايداڭ» دېگەن ماقال بۇلارنىڭ شوئارى ئىدى. بۇ ۋىجدانسىزلارنىڭ بەزىبىر قورقۇنچاقلىرى ئۆز ھىمايىلىرى ئۈچۈن باشقىلار ئۈستىدىن ناھەق سۆزلەر قىلىشىپ، كۆپ ئادەملەرنىڭ تۇرمىگە

تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. يالغۇز شەھەر ـ قىشلاق، يېزا ـ كەنتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئائىلىدىمۇ جاسۇسلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن چىقىۋاتقان پىتنە ـ پاساتلار، ھەر تەرەپلىمە خەلققە بولۇۋاتقان جەبرى زۇلۇملارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىش تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدىكى تۈرمىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىستان خەلقلىرى، بولۇپمۇ، كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ھېچ بىر دەۋردە كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق ۋەھشىي، دەھشەتلىك ئازابلار، سوۋېت ھاكىمىيتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ داۋام قىلغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ كۆپ بولغاندا ئالتە كىشى سىغىدىغان كامېردا يىگىرمىدەك كىشى ئەڭ ئېغىر ئەھۋالدا بىر ئايدەك ياتتۇق. كېيىن تۈرمىنىڭ ئادىتى بويىچە كامېر ئالماشتۇرۇش ئىشى باشلاندى. بىزنى توققۇزىنچى كامېرغا يۆتكىدى. قارىساق، بۇ يەردىكى ئادەملەر بۇرۇنقى كامېرغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىدى. توقماق، بىشكەكتىكى باي ماناپلارنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېلىشكەن ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بار كامېرغا قامىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ساياق ئۇرۇقىدىن يېشى سەكسەندىن ئاشقان تۈركمەن ئاقساقال باشلىق، يېشى يەتمىشكە توشقان كۆكۈمباي، قۇرمانلار بولۇپ، شۇلارغا ئوخشاش ھەر ئۇرۇق قىرغىزلاردىن نامى چىققان ئاتاقلىق ماناپلار كۆپ ئىدى. بۇلار يەر ئاستى كامېردا كۆپچىلىك بىلەن بىللە بەش ـ ئون كۈن ياتقاندىن كېيىن، بۇ كامېرغا چىدىيالماي، كامېرنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. ھېچكىمنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى، ھېلىقى سەكسەن ياشلىق تۈركمەن ئاقساقال باشلىق بىر نەچچە كىشى تۈرمە ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاپات بولدى (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!). شۇنچە كۆپ قىرغىزلار ئىچىدە سەكسەن ياشلىق بىر قىرغىز قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ چال ئات بېشى نارىن تەرەپتىن كەلگەن، مال بېقىشتىن

باشقىنى بىلمەيدىغان، خۇدا ياراتقىنىچە قالغان بىر مۆمىن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن بىرسى سوئال سورىسا، ئۆز تىلى بىلەن: «بار ئىشنى سوپۇم بىلەتتىغۇ» دەپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە مەندىن باشقا ئادەم قىزىقىپ قۇلاق سالمايتتى. بىر كۈنى يەنە يۇقىرىقى سۆزنى قىلغاندا: «سوپۇم دېگىنى، نېمە دېگىنىدۇ؟ سۇبھان دېگەن بولمىغىيدى» دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

تۈرمە ئادىتىچە ھەر كۈنى ئەتە ـ ئاخشام، ئىككى ۋاخ ھاۋا يەڭگۈشلەش ئۈچۈن تۈرمىنىڭ سەيناسىغا ئېلىپ چىقاتتى. چىقىش ۋاقتى بولۇپ، ئىشكلەر شاراقشىپ ئېچىلىشى بىلەن، تار قورۇدا قاملىپ ياتقان ھايۋانلاردەك ئۆزلىرىنى ئىشككە ئۇرۇپ، تاشقىرىغا چىقىشقا باشلايتتى. باشقا نېمە قىلىش كېرەك؟ بىر نەپەس بولسىمۇ كامېرنىڭ سېسىقچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، قۇياش يۈزىنى كۆرۈش، ساپ ھاۋادا ئولتۇرۇپ، باشقا كامېرلاردىن چىققان مۇڭداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈش، بىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك نەرسە ھېسابلىناتتى. چۈنكى كۆپ بولغاندا ئون بەش كىشى ياتىدىغان كامېرغا ئەللىكتىن ئارتۇق كىشىنى سولاشقان ئىدى. ھەممىنىڭ يۈرىكى غەم ـ قايغۇ بىلەن تولغان، بۇنىڭ ئۈستىگە، تۈرمە تازىلىقى تەن سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپ، سېسىقچىلىق، پاسكىنىچىلىق كۆپەيگەنلىكتىن ھەممەيلەننى پىت بېسىپ كەتكەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، كامېردىكىلەر تاشقىرىغا چىقىشقا ئالدىراپ، ھەر قايسى ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقاندا، يالغۇز قالغان ئۇ چال: «ھاي بالدار، مىن داغى قودايدىن جارىغىن كۆرۈن، مېنى تاشتاپ كېتمەڭدار» دەپ قاتتىق توۋلىدى. قارىسام، شۇنچە كۆپ قىرغىزلاردىن بىرەرسى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، مېڭىشقان ئىدى. مەن كېلىپ ئۇنى قولتۇقلاپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتىم. سوپۇمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ باشقا چاغلاردىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ تۇردۇم. بۇ ئىشتىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتمەي، ئۇ كىشىنىڭ سالامەتلىكى بۇزۇلۇپ، باش ـ

ئايىغى تۈلۈمدەك ئىششىغلى تۇردى ۋە ئۆز ئايىغى بىلەن تاشقىرىغا چىقالمايدىغان ھالغا كەلدى.

شۇ كۈنلۈك نۆۋەتچىلىك ماڭا كەلگەن ئىدى. كامېرنى سۈپۈرۈۋاتسام، چال يىغلاپ: «ئايلانايىن سوپۇم مېنى تاشتاپ قويدىڭمى» دەپ قايغۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزغىلى تۇردى. ئۇ سۆزنى تەكرار ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئېيتتى. شۇندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ سوپۇم دېگىنى «سۇبھان» دېگەن گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي يۇقىرىدىكى جاللاتلارنىڭ باشلىقىدىن بىرسى كىرىپ، قولىدىكى قەغەزگە قاراپ ھەممىمىزنى بىردىن تەكشۈرۈپ، يەنە قايتىپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي، يەنە قايتىپ كېلىپ، ھەممىمىزنى باشقىدىن سورىغىلى تۇردى. «كىمنى پالاكەت بېسىپ، كىمنىڭ ئىقبالى ئېچىلار» دېيىشىپ تىترىشىپ تۇرۇشتى. مەن كۆڭلۈمدە: «بۇ چالنىڭ ھېلىقى قىلغان نالىسى ئاللاھقا يېتىپ، بىر ياخشىلىق بولامدىغاندۇ ـ يا! » دەپ ئويلاپ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇ گۇندىپايدىن سورىدىم، باشقىلار جاللاتتىن قورقۇپ ئۆلۈم ئالدىغا كېتىۋاتقان كىشلەردەك تىترىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار دەل ھېلىقى چالنى ئىزدەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىپ كەتتى.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئادەم شۇنى بىلىشى لازىمكى، ئاللاھ ھەممىگە پەرز قىلغان ئىمان تەقلىدىي ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىمان ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ھەقىقىي ئىمانلىق ئادەملەر ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. ھەر ئىشقا ھەقىقىي كۆزى بىلەن قارايدۇ ۋە شۇ يولدا ھېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ.

دىنىسىز دەھرىيلەر دەۋرىدە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ئۆتكەن تەجرىبىلىرىمىزمۇ تەقلىدىي، يۈزەكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچ ئىشقا يارىمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنداق ئادەملەر جېنىغا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشىغا ئازغىنا زەرەر يەتكۈدەك بىر ئىش بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى

دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتلىرىنى پۈتۈنلەي قۇربان قىلىشۇېتىشتىن تارتىنمايدۇ. بۇ دۇنيا شەيتانلىرىغا قارشى تۇرالمىغان تەقلىدىي ئىمان، ئاخىرەت شەيتانى مەلئۇن ئىبلىسكە قانداق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەر ئىككى ئالەم دۆلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈزەكى ئەمەس، ھەقىقىي ئىمانغا ئىگە بولۇش ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرزدۇر. دۇنيا يارىتىلغاندىن باشلاپ ھېچبىر دەۋردە ھازىرقى زامانىمىزدەك يەر يۈزىنى قاپلىغان ئاپەتلىك بالالار خەلق بېشىغا چۈشمىگەن ئىدى. چۈنكى ئىنسان نەسلى يارىتىلغاندىن بېرى، ھېچبىر زاماندا خۇداغا ئىشەنمىگەن دىنسىزلار قولىغا ھۆكۈمەت ئۆتكەن ئەمەس. ئەمدى بولسا، پۈتۈن دۇنيانىڭ تەڭ يېرىم خەلقى ھېچ نەرسىگە ئىشەنمىگەن دەھرىيلەر ھۆكۈمىگە ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئەڭ يامان كۆرگەن نەرسىلىرى خۇداغا ئىشىنىش ۋە خۇدا قانۇنى بولغان ھەقىقىي، ئىنسانىي قانۇنلارغا بويسۇنماسلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپ دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. بىرىنچى سىنىپ باللىرىدىن تارتىپ، ئالىي مەكتەپلەرگىچە دىنغا قارشى تەشۋىقات دەرسلىرى ئۈزۈلمەي ئۆتۈلۈپ كېلىنمەكتە. ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشىش ۋە باشقىلارنى رۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان «خەلقئارا» قانۇنى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۈستىدە يۈزدە يۈز ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، موسكۋا مەككارلىرى ئۆز دۆلىتىنى چىڭىتىش ئۈچۈن بۇ ئۆلكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ، ئۆزبېكىستاننىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. سوۋېتقا قاراشلىق پۈتۈن ئۆلكىلەر دۆلەت تەركىبىدە بىر گەۋدە ھېسابلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزبېكىستان ھاياتلىق بەرگۈچى بىر جان بولۇپ سانىلىدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىن نېمىلەر چىقمايدۇ؟ بۇ بايلىقلارنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. بىرنى بېرىپ مىڭنى

ئېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆتكەنكى چار ھۆكۈمىتىدىن تارتىپ تۈركىستان ئۆلكىسىنى دائىمىي رەۋىشتە قولدىن چىقارماسلىقنى، بەلكى ئىمكانىيەت تېپىلسا، بۇ ئۆلكىلەرنى پۈتۈنلەي رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالىلىبۇرۇن بېكىتكەن ئىكەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىشى بىلەن ئالەم سىياسىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولىدى. شۇ زامانىنىڭ پادىشاھلىرى تەختلىرىدىن ئايرىلىش بىلەن رۇسىيىدە كوممۇنىستلار غەلىبە قازاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا قاراشلىق پۈتۈن ئۆلكىلەردە دىنسىزلىق، خۇداسىزلىق باشلاندى. «بۇ ئەجدىھا ئاغزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق چارە قوللىنىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكتىن، بۇ مەسىلە ھەققىدە باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. بىراق پەيغەمبىرىمىزنىڭ غايىبتىن خەۋەر بەرگەن مۆجىزە سۆزىگە قارىغاندا ۋە ھازىرقى جاھان سىياسىتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن، ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ۋەقەلەرنىڭ بولۇشى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. مانا شۇنداق بۈيۈك ۋەقەلەر بولىدىكەن، دۇنيادا ئومۇمىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى تەبىئىي. شۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولغاندا، رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ تۆمۈر قورغانلىرى يىمىرىلىپ، ئەسىر بويى زالىملار ئاسارىتى ئاستىدا ياتقان بىچارە ۋەتەن ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھالال مىراسى، ئانا ۋەتىنى بولغان تۈركىستان ئۆلكىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن شۇ مۇبارەك كۈنگە يەتكۈچە ئەجدىھادىن قۇتۇلۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا يۇتۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش چارىلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قىلىپ تۇرۇشىمىز ئەلۋەتتە لازىمدۇر. بولمىسا، پۈتۈن دۇنيانى تىترەتكەن ئەمىر تۆمۈر كەبى شانۇ شەۋكەتلىك خاقانلار مەملىكىتى بولغان ئۇلۇغ تۈركىستان ئۆلكىلىرىنى بۇ يالماۋۇزنىڭ يۇتۇپ كېتىشى كۆپ ئۇزاق ئەمەس. چۈنكى ياۋروپا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن ئەسىرلەر بويى پۈتۈن دۇنيا بويىچە قوللاپ كەلگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياستى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تۈگىشى

بىلەن ئۆزگىرىپ، ھەر مىللەت ئۆز ۋەتىنىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنى قولىغا ئالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، يالغۇز ئەنگلىيە دۆلىتى ئاسىيا ـ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىن ئوتتۇزدىن ئارتۇق مەملىكەت خەلقىگە ئازادلىق بېرىپ، يېڭى ئۇسۇلدا ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇپ ئۆزلىرىگە تاپشۇردى. پۈتۈن ئالەمدە مۇستەملىكىچىلىك يوقىلىپ، ئازادلىق دەۋرى باشلىنىشقا قارىماي، كوممۇنىست ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئۆز قول ئاستىدىكى ئون ئالتە ئۆلكىنىڭ خەلقىگە تىل ئۇچىدا، قەغەز ئۈستىدە ئازادلىق بەرگەن بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شەرمەندىلەرچە مۇستەملىكىچىلىكتىن يامانراق سىياسەت قوللىنىپ، پۈتۈن خەلقنى، بولۇپمۇ، تۈركىستان خەلقىنى قۇل قىلىپ ھايۋاندەك ئىشلەتمەكتە. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماستىن يەرلىك خەلقنى يۇتۇپ سىڭىرىش، ۋەتىنىنى تامامەن رۇسلاشتۇرۇش قەستىگە چۈشمەكتە. تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن رۇسىيىدىن رۇسلارنى ئېلىپ كېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى ئۇلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. قىرغىزىستان، قازاقىستان ئۆلكىلىرىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان سىياسەت مۇشۇ پېتى داۋاملىشۋەرسە، ئۇزاققا بارماي بۇ ئىككى تۈرك ئۇرۇقى ئۆز تىلىدىن ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ھەممىدىن بۇرۇن رۇسلىشىپ، يۇتۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ. چۈنكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توختىغان كۈندىن باشلاپ ھازىرقى 1968 ـ يىلىغا قەدەر، رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ سانى بۇ ئۆلكىدە ياشاۋاتقان يەرلىك خەلقلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۈچ ـ تۆت ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ھازىرچە بۇلاردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغىچە ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ يۇتۇپ كېتىشىدىن ساقلىشىمىز لازىم. قايسى مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالالىسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىپ، كېمىنى تولۇقلىسا، ئەلۋەتتە مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. دۈشمەننىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك قورالى، ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت. بىرىنچىسى، دىنىي ھېسسىيات. ئىككىنچىسى، مىللىي ھېسسىيات. قايسى مىللەت بۇ

ھېسسىياتلاردىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ياخشى ساقلاپ قالالايدىكەن، ئۇ مىللەتنى دۈشمەنىنىڭ يۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەللىك يىلدىن بېرى، دىنغا قارشى نۇرغۇن شۇملۇق قىلىپ، ئۆزبېكىستان مۇسۇلمانلىرىنى، بولۇپمۇ، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى دىندىن يىراقلاشتۇرۇپ، دىنىي ھېسسىياتىنى خېلى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتلىرى شۇنداق بېسىم ئاستىدىمۇ، ھازىرقى كۈنگە قەدەر ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلىنىپ كەلدى. بۇ ھېسسىياتىمىزنى دائىمىي رەۋىشتە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كېرەكلىك زۆرۈر تىللارنى ئۆزلەشتۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۆز ئانا تىلىمىزغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىلىم - مەدەنىيەت تىللىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. مانا شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنى يۇتماقچى بولۇپ، ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرغان ئەجدىھانىڭ يۇتۇپ كېتىشىدىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز. تىل - ئەدەبىياتىمىز قانچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئىلىم - مەرىپەت دائىرىلىرىمۇ شۇنچىلىك كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇ چاغدا، قۇرۇق ئاتىلىق «ئۆزبېكىستان» ئەمەس، بەلكى تىلىمىز چەتئەل تىلى قاتارىغا كىرگەن، تىل - ئەدەبىياتىمىز دۇنيا ئەدەبىياتىدىن، ئابرۇيى ئۆسۈپ باشقىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بىر مىللەتكە ئايلىنىمىز. مانا بۇ، مىللىي ھېسسىياتىمىزنى ساقلاپ قالغانلىقىنىڭ كۈچلۈك بىر ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي، دىنىي ھېسسىياتىنىمۇ ئايرىلىپ، مىللىي ھېسسىياتىنىمۇ ئايرىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت ئەجدىھالىرىنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ، يوقالغان مىللەتكە ئايلىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش - قېرى دېمەي، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئۆزبېك ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

بىر مىللەت ئۆز ھايات ھوقۇقلىرىنى كېرەكلىك شارائىتى بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ مىللەتنىڭ ئالىي ھىممەتلىك ئوغۇللىرى پەيدائىيلارچە، مال - جېنىنى ئايىماي، بۇ يولدا ھەر قانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، چىداملىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىكەن، ئەنە شۇ چاغدا ھەقىقەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئىنشا ئاللاھ!

ھىممىتى ئۆزىدىن ئاشمىغان ئادەملەرنىڭ پۈتۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ھايۋانلارچە قارنىنى تويغۇزۇش ئۈچۈنلا بولۇپ، ئۇلار ئىرادىسىز، ئىنسان سۈرەتلىك جانۋارلاردۇر. ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ مۇقەددەس دىنىنى ھەممىدىن ئىلگىرى تاشلىغان بۇ مەلئۇنلار بۆرە ئاغزىغا كەلگەن قويدەك يۇتۇلۇشقا يېقىن تۇرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىشى قايسى تىلنى ئۆگىنىپ ئىلىم ئالسا، ئۇنىڭ تۇزىقىغا چۈشمەي، زىيان - زەخمىتىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ» دېگەن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئۆگىنىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتىن كۈتكەن بىزنىڭ بىرىنچى مەقسىتىمىز، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان ۋەتىنىمىز تۇران — تۈركىستان تارىخىنى قارىلاشتىن ساقلاپ، كېلەچەكتىكى ئەۋلادلار نەسلىنى سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ئىمانى بار كىشىلەر خۇدا ئالدىدا جاۋابقا تارتىلىشتىن باشقا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تاپا - تەنىسىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالماي ئەبەدىي لەنىتكە قالىمىز.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، زالىملار تەرىپىدىن ناھەق قاماققا ئېلىنغان شۇنچە كۆپ قىرغىزلاردىن يالغۇز چالدىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالمىدى. بولۇپمۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولغان ياش باللاردىن تارتىپ، تاكى چوڭ - كىچىك ھېچكىم بۇ تۈرمىدىن ساق چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار گۇمان

قىلغان، ئۇزاقتىن بېرى يەر ئاستى كامېردا قامىلىپ ياتقان مەزلۇملارنىڭ ھەممىسىنى، ئالىلىبۇرۇن ئالدىن كولانغان چوڭقۇر ئازگالغا ئېلىپ كېلىپ ئېتىپ، چېپىپ ئۆلتۈرۈپ كۆمۈپ تاشلىدى. شۇنداق ئېغىر كۈنلەر بېشىغا چۈشكەندە ياخشى ـ يامان، دوست ـ دۈشمەن ئېنىق ئايرىلىپ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىقى باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلىدىكەن.

بېيت

ياخشىلىق كۈنلەردە بارچە دوست بولۇر،
قارا كۈن چۈشكەندە بەزىلەر ئايرىلۇر.

شۇنداق قىيىنچىلىق كۈنلەردە، بىشكەك يەر ئاستى تۈرمىسىدە ياتقىنىمدا، سوقولۇق تۇڭگانلىرىدىن داۋۇد ھاجى، مەسئۇت ھاجى، مەسئۇت ئاخۇن باشلىق ئۆز شاگىرتلىرىم ماڭا جان كۆيدۈرۈپ، ۋاپادارلىق بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ تارىخنى يېزىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يەنى 1968 ـ يىلىدا قارىسام، شۇ ۋاقىتتىكى ماڭا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان دوستلىرىم ۋە شاگىرتلىرىمدىن ئىككى ـ ئۈچ كىشىلا قېلىپ، قالغانلىرى پانى ئالەمدىن ئۆتۈپ مەرھۇم بولۇپ كېتىپتۇ. بىز ئۈچۈن مال ـ دۇنيا، جانلىرىنى ئايىماي، ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇشقان، ۋاپالىق شاگىرتلىرىمىز ئىدى. (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئاشۇ ۋاقىتتىكى تۈرمە بەلگىلىمىسى بويىچە، ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم ئۆيىدىن كەلگەن يېمەكلىكنى ئېلىپ بېرەتتى. شۇ كۈننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق. شۇ كۈنى ئۈچ ـ تۆت يەردىن يېمەكلىك كەلسە، ھەر ئۆيدىن كەلگەن يېمەكلىكنى ئاز دېگەندە ئون كىشىگە يەتكۈدەك قىلىپ ھازىرلاپ كىرگۈزەتتى. بولۇپمۇ تۇڭگانلارنىڭ مانتا، لەڭمەن، سۇيقاش كەبى باشقىلارنىڭكىدىن

ئارتۇقچە تەملىك، لەززەتلىك تائاملىرى كىرەتتى. شۇ كىرگەن تاماقنى پۈتۈن كامىردىكىلەر يەيتتۇق. شۇ كۈننىڭ كېلىشىنى پۈتۈن كامىردىكىلەر تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرار ئىدى. بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئىچكى رۇسىيىدىن قېچىپ كەلگەن رۇسلار ئىچىدە ساقاللىق كۆكسىگە چۈشىدىغان خىرىستىئان رۇھانىيلىرىدىن بىر پوپ بار ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچ كىم تاماق كىرگۈزمەيتتى. شۇنچە كۆپ رۇسلار ئىچىدىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆز بىلەن قارىمايتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە رەھىم قىلىش كېرەك. بىرسى، ئاۋۋالدا بىر قوۋمنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ، كېيىن خارلىققا قالغان كىشىگە. ئىككىنچىسى، بايلىق — دۆلىتى قولىدىن كېتىپ نامرات بولۇپ قالغان كىشىگە. ئۈچىنچىسى، ئىلىم - بىلىمى كۆپ ئالىم بولۇپ، ئۇنى قەدىرلىمەيدىغان، جاھىللار ئىچىدە قالغان كىشىگە. سىلەر مانا مۇشۇنداق كىشىلەرگە رەھىم قىلىڭلار» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قېتىم تاماق كىرگەندە، ئالدى بىلەن شۇ پوپقا تاماق بېرەتتىم. يەرلىك نېمىسلاردىن ئوقۇمۇشلۇق بىر نېمىس ئىنژېنېر يىگىت بار ئىدى. تۈرمىدە شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ بولغىنىغا قارىماي، مەن بىلەنلا سۆزلىشەتتى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پارىژ دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن ئىككى - ئۈچ تىلنىمۇ بىلىدىغان ئالىي مەلۇماتلىق كىشى ئىكەن. ئەتە - ئاخشام تاشقىرىغا چىققاندا - كىرگەندە قولتۇقۇمدىن ئايرىلماي مەن بىلەنلا بولاتتى. بىر كۈنى ماڭا قاراپ: «ھەي دوستۇم! بۇ يىرتقۇچلاردىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا، ئادەم گۆشىنى يەيدىغان يەر بولسىمۇ كېتەتتىم، بۇ ۋەھشىيلەرنىڭ شۇم قەدەملىرى يەتمىگەن پاك جايلاردا ئىككىمىز مۇشۇنداق قولتۇقلىشىپ يۈرسەك، بۇ كەبى ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ئەڭ ئۇلۇغ دۆلەتكە ئېرىشكەن بولاتتۇق» دەپ ئاھ تارتتى. بۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولسام كېرەك، گەرچە ئارىدىن 38 يىل

ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ سۆز ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1931 ـ يىلى پۈتۈن قىشنى مۇشۇ يەر ئاستى زىنداندا ئۆتكۈزدۈم.

ئۆلۈمدىن، سۈرگۈندىن قالغانلىرىمىز ئاران ـ ئاران زورىغا يازغا ئۇلىشىپ ئالالىدۇق. يازدا قۇرۇلۇش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. ھەپتە، ئون كۈن بىر قېتىم سىرتتىن كىرگەن ھالال تاماققا قانائەت قىلىپ باشقا كۈنلىرى تۈرمىنىڭ ھارام تاماقلىرىنى يېمەي قۇرۇق نان بىلەن چايغا قانائەت قىلىپ جان ساقلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يەر ئاستىنىڭ بۇزۇق ھاۋاسىدا كۈن نۇرى كۆرمەي ئۇزاق ياتقانلىقىمدىن، تېنىم كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. سالامەتلىكىمۇ ناچارلىششقا باشلىدى. تاشقىرىغا چىقىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، خۇدا ئوڭشاپ ئىشقا رۇخسەت قىلدى. باھار كۈنلىرى قاراڭغۇ كامېردىن تاشقىرىغا چىقىپ، ئوچۇق ھاۋادىن ساپ نەپەس ئېلىپ، كەڭ مەيداندا تۇرغىنىمدا ئۆزۈمنى يېڭىدىن  باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

قۇرئانىدىكى: «سىلەرگە بەرگەن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر» دېگەن ئايەتنى كۆپ ئوقۇغان بولسامۇ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى شۇ چاغدا چۈشەنگەن ئىدىم. شۇنداقكى، ئىنسانىنىڭ ھەر بىر نەپەسىدە ئىككى نېمەت باردۇر. بىرسى تازا ھاۋانىڭ كىرىپ، بۇزۇق ھاۋانىڭ چىقىشىدۇر. شۇنداق بولغاچ باشقا نېمەتلەرنىڭ ھېسابىغا قانداق يەتكىلى بولسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بىر قانچە ۋاقىت ئىشلىگەن بولدۇم. ئىشقا چىقىش تۈرمە ئازابىدىن يېرىم قۇتۇلغانلىق بولۇپ، ئاڭلىغان ئاغىنىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ يوقلاپ تۇردى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ئىبراھىم ئاخۇن ناۋاي(ئۆلگەن بولسا خۇدا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ھەپتىلىك بىر سېۋەت ياغلىق توقچى بىلەن بىر چارىدا مانتىسى، بىر تاۋاقتا پولۇسى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، تۇرمىدىكى بىرسى قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «سېنىڭ پالانى نېمىس دوستۇڭ سوت قىلىنىپ ئۈنىڭغا ئون يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، ئۇزاق بىر يەرگە سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. ئۇ ماڭا: ـ مېنىڭ ئۆزبېك دوستۇمنى كۆرسەڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى يەتكۈزگىن، دۈشمەن قولىدا ئۇزاق سەپەرگە كەتتىم، دەپ قوي» دېدى. ئۇ يەنە: «مەن دۈشمەننىڭ قولى بىلەن ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتىمەن، قايغۇلۇق كۈنلەردە ئۈنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايمەن» دەپتىمىش. گەرچە بۇ ئىشقا 37 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۈگۈن 1968 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۈنىڭ سۆزىنى ئېسىمگە ئېلىپ تارىخ قىلىپ قالدۇرۇش ھېسسىياتىم بىلەن، مۇھەببەت ئەھلى كىم بولسا بولسۇن، مېنىڭ ئالدىمدا ئۈنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسەتتىم.

بېيىت

مۇھەببەتتىن كۆڭۈللەر نۇرغا تولغاي،
سەككىز جەننەت ئۈنىڭدىن ھاسىل بولغاي!

ئۈنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ـ تۆت ئايلاپ ئۆز ئادىتىم بويىچە قىلىدىغان ئىشلىرىمنى بېجىرگەچ تۇردۇم. قامالغان كۈنۈمدىن باشلاپ، مېنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ سوراققا چاقىرمىدى.

بىرگە قامالغان سەپەر يولداشلىرىمنى ئۇرۇپ، سوقۇپ تازا قىينىغان بولسىمۇ، ئاللاھ مېنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئۇنداق ئازابتىن ئاسرىغان ئىدى. لېكىن ئىش ئېغىر بولۇپ، ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىشتىن باشقا كۈنلىرى ئىش ۋاقتى ئون ئىككى سائەتتىن كەم ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئېغىر ئەمگەك

ئاستىدا تۆت ـ بەش ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا بىزنى سىياسىي جىنايەتچىلەر قارىمىقىدىكى كاتتا تۈرمىگە يۆتكىدى. بىز ئىشقا چىققان كۈندىن باشلاپ، قورۇ ئىچىگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيدە ياتاتتۇق. يەنە شۇلارنى ئۆزىمىزگە كۆتۈرگۈزۈپ، تۈرمە قورۇسىغا تىكتۇرۇپ، بىزنى كامېرغىمۇ كىرگۈزمەستىن ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنى ياتاقخانا قىلىپ بەردى. بۇ يەرنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى كۆرگەن مېھنەت ـ مۇشەققەتلىرىمىز بىز ئۈچۈن راھەت كۆرۈندى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: «كىمگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن يامانراقىغا قالمىغانغا شۈكرى قىلىشى لازىم» دېگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ جايدىمۇ ئىشقا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ، بىر ـ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆپ قىيىنچىلىقمۇ تارتقان ئىدۇق. شۇ ئاردا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھۆكۈم چىقاردى. مەن بىلەن بىللە سەپەر قىلغان سەپەرداشلاردىن باشلىقىمىز نەزەر قۇل ئىككىمىزنى ئۈن يىل، يەنە بىرسىنى يەتتە يىل كېسىپ، قالغان چۈپرەندىلەرنى قويىۋۆەتتى. قويۇپ بېرىلگەنلەر خۇشاللىقىدىن قېين ـ قېينغا پاتماي كۆرەڭلىسە، ئېغىر كېسىلگەنلەر ئىچىدە يىغلىغانلارمۇ بار ئىدى. كېسىم قەغىزىنى بېرىۋىدى، ئوقۇتۇپ باقساق، بىزنىڭ ئىجرا ئىشىمىز تاشكەنتتىكى كونتىس لاگېر ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلۇپتۇ. ئۇ يەردە قىرىق بەش مىڭدىن ئارتۇق جىنايەتچى بار دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. كېسىلگەن ھەر قانداق بىر جىنايەتچى شۇ لاگېرغا تويلانغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا جايغا سۈرگۈن قىلىنىدىكەن. سىبىرىيىنىڭ ئەڭ يىراق، ئەڭ سوغۇق يەرلىرى بولغان، سىلاۋكە، ئارخانلىگىسكىگە ئوخشاش جايلارغا سۈرگۈن بولغان كىشىلەر شۇ جايدىن يولغا سېلىنىدىكەن.

بۇ جايلارنىڭ ھەيۋىتى قۇلاققا كۆپ ئاڭلىنىۋەرگەچ، كۆڭلۈمگە ھەر كۈنى تۈرلۈك خىياللار كېلىپ، ئۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتىم.

تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بولغان بولسىمۇ، قۇتۇلۇپ كېتىش بىر قەدەر قىيىن بولغانلىقتىن ئۇزاق ئويلىنىشقا توغرا كەلدى. ئۆز ئۆزۈمدىن: «نېمە گۇناھ قىلغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئۇنى يىللىق قاماق جازاسى بېرىدۇ؟» دەپ سورايتتىم. ھايات ئالىمىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشى بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى تارتماي ئامالى يوق ئىدى. «قۇرئان كەرىم»دە: «نېمەتكە شۈكرى قىلىپ، مېھنەتكە سەۋر قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەش لازىمدۇر» دېيىلگەن ئىدى. تۈرمىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىلەرنى تاشقىرىغا چىقارماي ماڭىدىغان ۋاقتى كەلگۈچىلىك كامېردا ساقلايتتى. مەن ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئىش كىيىمنى كىيىپ قاراپ تۇرسام، گۇندىپايلار دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ كۈنلۈك يوقلىما قىلغىلى كامېرغا كىرىپ كەلدى. ئىشقا ئېلىپ چىقىدىغانلارنى چاقىرغاندا مېنىڭ ئىسمىمۇ چىقىپ قالدى، دەرھال: «مانا مەن» دەپ ئىشقا بارىدىغانلار قاتارىغا كىرىۋالدىم. قانۇنى جەھەتتە مېنى كامېرغا سولاپ قويۇپ تۇرۇپ، ۋاقتى كەلگەندە قورallıق ساقچىلىرى بىلەن تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولماي شۇ كۈنى ئىشقا چىقىش باھانىسى بىلەن تۆمۈر قەپەسنىڭ سىرتىغا چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالدىم. ئىش ئۈستىدە چاي ئىچىش ۋاقتى بولغان ئىدى، قارىسام ساماۋەر قايناپ چاي تېشىپ كېتەي دەپتۇ، مەن چايغا قاراش باھانىسى بىلەن چاينىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسام، ئەتراپتا قوراللىق ساقچىسى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرھال سىم تىكەننىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ بەدەر تىكىۋەتتىم. بىراق قانداق قىلىشىمنى، نەگە بېرىشىمنى زادىلا بىلمىدىم. ئادەم يوق كوچىلاردا بىر پەس ئايلىنىپ

يۇرگەندىن كېيىن، قەدىردان تۇڭگان ئاغىنىلىرىمدىن بىرسىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ، ئۇنى چاقىردىم. بىرسى يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنى «تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقتى» دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن يىغا ـ زارە قىلغىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «مەن قېچىپ چىقتىم» دېگىنىمدە، ئۇ: «قورقماڭ، خۇدا ئۆزى ھەممە ئىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ» دەپ كۆڭلۈمنى تىنچىتىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى. ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. ئاڭلىسام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلسۇن! ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۆيىنىڭ سىرتىدا بېسىلغان بىر توپ بېدىسى بار ئىكەن، شۇ بېدىنىڭ ئىچىگە بىر كىشىلىك ياتىدىغان يەر راسلاپ بەردى. شۇ يەردە بىر كېچە ياتتىم. تۇڭگان مەھەللىسىدىكى تۇڭگانلاردىن ئىسخازا ئاتلىق بىر ئىشەنچلىك  دوستۇم بار ئىدى. ئەتىسى كەچتە ئۆز مەسلىھەتىم بويىچە، ئاخشام قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. بۇ ئادەمنىڭ ئىمانى ئىخلاسلىق، سىناقتىن ئۆتكەن مەرد كىشى بولغانلىقتىن جان كۆيدۈرۈپ، دوستلۇق ھەققىنى كۆرسىتىپ، ئۆيىدە ئۈچ كۈن سەگەكلىك بىلەن ساقلىدى. شۇنچىلىك تىنچ تۇرغان بولسامۇ، تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شام ۋاقتى بىلەن تۇڭگانلار مەھەللىسى سوقولۇق تەرەپكە كەتتۇق. مەندىن خەۋەر ئالغىلى كېتىۋاتقان ماگار، مامازا دېگەن شاگىرتلىرىم يولدا ئۇچراپ، ئۆيىگە باردۇق. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن شاگىرتلىرىملا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۇڭگانلار ماڭا قاراۋۇل بولۇپ، مۇھاپىزەت قىلدى. مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ئۆز شاگىرتلىرىمدىن باشقا بىرەرسى بىلمەيتتى. ھۆكۈمەت ئىچىدىكى خىزمەتچىلەرمۇ ماڭا  خەيرخاھلىق كۆرسەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلگەن ھۆكۈمەت جاسۇسلىرىغا: «ئۇ بۇ يەرگە كەلمىدى» دەپ ياندۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، «يىلان چاققان كىشى ئارغامچىنى كۆرسە قورقىدۇ» دېگەندەك، ئۆزۈممۇ ئۇ يەردە كۆپ تۇرۇشنى بىئەپ

كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن، شاگىرتلىرىمدىن بىر قانچىسى كېچە ـ كۈندۈز ماڭا كۆز قۇلاق بولۇپ، كۈندۈزى ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بولسا، ئاخشىمى مېنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، مەن بىلەن بىللە بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقىي دوستلارنى كۆپەيتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ياخشىلىق كۈنلەردە زىننەت بولىدۇ. بالا كەلگەندە پانا بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستانغا ھىجرەت

بۇ يەردە ھەر قانچە خاتىرجەم تۇرغان بولساممۇ، ئىشىم كۈندىن ـ كۈنگە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەگەر يەنە زالىملار قولىغا چۈشىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا مېنى ئۆلارنىڭ نېمە قىلىۋېتىشى ئېنىق ئىدى. مېنىڭ سالار مىللىتىدىن يۇسۇف قارى دېگەن بىر شاگىرتىم بار ئىدى. شۇ كۈنلەردە، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن تاشكەنتتىكى خىتاي كونسۇلىدىن «ئىسمائىل ئاخۇن» دېگەن نامدا بىر يالغان پاسپورت ئېلىپ كېلىپ ماڭا بەرمەكچى بولدى. ئۇ پاسپورت كەلگۈچىلىك توقماقتىكى ئائىلەم بىلەن كۆرۈشۈپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتىم. يېقىن قەدىردان ئاغىنىلىرىم ۋە خۇلۇم ـ قوشنىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلاشتىم. ئۇزۇندىن بېرى توقماقتا ياشاۋاتقان، ئەسلى تاشكەنتلىك، غۇلجىدا ۋاپات بولغان، «شاھ ھىدايەت قارىم» دېگەن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ كىشى ناھايىتى باي بولۇپ، پۈتۈن بايلىقىدىن ئايرىلىپ ھېچ يەرگە سىغماي، سوقولۇققا قېچىپ كېلىپ ئورۇنلاشقان كىشى ئىدى. ئۇ كىشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ بار يېرىنى بىلدۈرمەي، باشقىلار ئارقىلىق كۆرۈشۈپ ياردىمىنى يەتكۈزۈپ تۇردۇم.

ھەر ياتقان يېرىمدە بەش ـ ئالتە كۈندىن تۇرغان بولساممۇ، كېيىن ياتقان يېرىمدە بېدە باسقان قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدە، ئەللىك ئىككى كۈن ياتتىم. ئۇندىن كېيىن، كۆڭلۈمگە بىر تەشۋىش چۈشۈپ، ئۇ جايدىن باشقا بىر جايغا كۆچۈش

خىيالىغا كەلدىم. خۇدا ساقلىغان ئىكەن، مەن كېتىپ ئەتىسى بىر ساقچى بىلەن ئىككى كىشى كېلىپ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، قومۇش، بېدە بېسىلغان يەرنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئاختۇرۇپتۇ.

بېيىت

كىشىنى ساقلىسا ئۇ خەلقى پاك،
زەھەر ئاغزىدا بولغاي مىسالى تەرياق.

بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ جايدىنمۇ تېزرەك يۆتكىلىشىم لازىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «شەرقىي تۈركىستان»غا ئۆتۈپ كېتىش نىيىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتىم. ئۆز دوستلىرىمدىن تۆۋگان خىياز مۇتىۋەللى دېگەن كىشىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدىغانغا ۋەدىلەشتۇق. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قاچاق كىشى ئىدى. يولغا چىقىدىغان كۈننى بەلگىلەپ، كۆرۈشىدىغان ئاغىنە ـ بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغا ـ زارە، قىيا ـ چىيا خوشلىشىپ بولۇپ، تەرىقەت ئەھلى ئادىتى بويىچە خەتمە ئوقۇپ، دۇئاسى پاتىھە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، سوقولۇق تۆتىنچى چۇ ئىستانىسىغا قاراپ ھارۋا بىلەن يولغا چىقتۇق. ئەتىسى چۇ دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، قوراللىق رۇسلاردىن بىر قانچىسى ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى تەكشۈرگىلى تۇردى. خۇرجۇن ـ خالتىلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ، ھەممىنى بىر قېتىمدىن كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن پاسپورت سورىدى، خۇدا ئىشىمىزنى ئوڭشىدى بولغاي، خىتاي پاسپورتىنى كۆرۈپ بىر نەرسە دېمىدىيۇ، ئەمما بىر نېمە تاما قىلىپ بىر ئۆزۈن توختىتىپ قويدى. بۇ يەردىكى ھەيران قالارلىق ئىش شۇ بولدىكى، مېنىڭ باشقا سەپەرداشلىرىمدىن

شۇنچە كۆپ گەپ سورىغان بولسىمۇ، مەندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمىدى. ئاخىرى ئالدىرىغان پېتى ئاتلىرىغا مىنىپ باشقا تەرەپكە كېتىپ قالدى. بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ خۇپتەن ۋاقتى بىلەن چۇ ئىستانسىسىغا كەلدۇق. بەش - ئالتە سائەت ئۆتكەندە، ئالمۇتا پويىزى كەلدى. پويىزغا چۈشۈپ سارى ئۆزەك دېگەن يەرگە كەلگەندە چۈشۈپ قالدۇق، پويىز سىبىرىيە تەرەپكە كەتتى. كېچە ۋاقتى سوغۇق، قار - شىۋىرغانلىق ئىدى. پويىزدىن چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئۆيگە كىرىپ ياتتۇق. ئۆينىڭ ئىچى بەك سوغۇق، ئوت يېقىلمىغان ئىدى. قارىسام، تەرەپ - تەرەپتىن جېنىنى قۇتقۇزغىلى چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغان ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆپى بىزگە ئوخشاش زالىملار دەردىدىن يۈرىكى قانغا تولغان دەردمەن كىشىلەر ئىكەن. بۇ يەرگە كەلگىنىمىزدە: «ئالدىمىزدىكى يولدا ‹گ پ ئۇ› قۇرغان چوڭ بىر توسۇق بار ئىكەن، ئۇ توسۇقتا قاتتىق تەكشۈرۈش بولىدىكەن، ئەگەر بىرەر گۇمانلىق ئادەم سېزىلسە، دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدىكەن» دېگەن گەپ چىقتى. ئارىمىزدىكى خىتاي كونسۇللىرىدىن باشقا ھەممە كىشىنىڭ جېنى چىقىپ كەينىگە قايتماقچى بولۇشتى. كىشىلەرنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، بىر - بىرىگە ئىشەنمەي، قايغۇ - ئەلەمگە چۈشۈپ، ئىچىدىن ھەقىقىي گېپىنى بىر كىشىگە دېيەلمەي غەم - قايغۇ بىلەن بېشى ساڭگىلاشقان ئىدى. بۇ ئىشقا ھەممىدىن بەكرەك مەن جىددىيلەشكەن ئىدىم. چۈنكى مەن زالىم دۈشمەن تەرىپىدىن كېسىلگەن بىر ئادەم ئىدىم. «ئەگەر ئۇلار مېنى بىلىپ قالسا، نېمە قىلىشىم كېرەك؟ قارشىلىق كۆرسىتىشىم كېرەكمۇ؟» دېگەن سوئاللار كۆڭلۈمدىن كېچىشكە باشلىغان ئىدى. ئاخىرى: «نېمە بولسا بولسۇن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ ماڭاي» دېگەن ئۈمىد بىلەن يولغا چۈشتۈم. ئۆمرۈم ئىچىدە قانچە ئېغىرچىلىقلارنى تارتقان بولساممۇ، ئۇ چاغدا كۆڭلۈمدىكى ئىمان - ئېتىقادىم،

ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببىتىم كۆچلۈك بولغاچقا، ھېچ نېمىدىن قورقماي، بىر ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىش نىيىتىگە كەلدىم. دىنىي ئىشلار سىرىنى بىلمىگەن ئۇ كىشلەر ‹ئىمانلىق كىشلەرگە نېسىپ بولىدىغان› بۇ ئۇلۇغ نېمەتنى نەدىن بىلسۇن! تونۇش ـ بىلىش بەزى كىشلەرگە مەسلىھەت بېرىپ: «بىللە ماڭايلى!» دېسەم، ئۇلار زادى ئۇنىمدى.

ئۇلاردىن ئايرىلىپ خىيال سۈرۈپ يولغا چىقسام، تاراقلاپ ئۈچ ـ تۆت ھارۋا كېتىۋاتىدۇ. توختىتىپ سورىسام، ئۇلارمۇ بىز بارىدىغان يېزىغا بارىدىغان رۇسلارنىڭ ھارۋىسى ئىكەن. ئۇلار بىلەن كېلىشىپ بىللە يول مېڭىپ ئاخشىمى بىر كاتتا سارايغا كېلىپ چۈشتۇق. بۇ يەر نەچچە تەرەپتىن كەلگەن يولنىڭ قوشۇلۇشىدا بولۇپ، ئاۋات بىر يەر ئىكەن. ئالمۇتىغا بارىدىغان كىشلەرمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدىكەن. ئىگىسى ئىنقىلاب مەزگىلىدە، بۇ يەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ ئازراق خارابلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىكەن. ئالمۇتا، چېلەك، چارىن، تالغار، قورام قىشلاقلىرىدىن ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كەلگەن مۇسۇلمان كىشلەر بۇ يەرگە توپلاشقان ئىكەن. بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېغىر يۈك ـ تاقلىرىنى تاشلاپ ھارۋا بىلەن يولغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە (خىتاي كونسۇلىدىن ئالغان) خىتايغا بارىدىغان پاسپورتى بار كىشلەر ئىكەن. بۇ ساراي ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئېچىنارلىق بىر مەنزىرە كۆزۈمگە چۈشتى. كۈننىڭ قاتتىق سوغۇقىدا ساراي ئىچىگە ئوت ياقىدىغان، سارايغا مەسئۇل بولغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. ئۆي ئىچى تۈتۈنگە تولۇپ نەپەس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئۆيدە كېسەلمەن بىر ئايال ئىككى بالىسى بىلەن ئوتنىڭ ئالدىدا تىترەپ ئولتۇرۇپتۇ. بالىسىمۇ كېسەلمەن بولۇپ، ھالى خېلى ئېغىر ئىدى. بۇنى كۆرۈپ قاتتىق

قايغۇردۇم. بېشىغا بالا كەلگەندە، ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ، ھېچ كىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. رەھىم ـ شەپقەت، پەزىلەت كىشىلەر قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. يول تەكشۈرگۈچى قاراۋۇللار ئالدىمىزدا بولۇپ، باشقا يول بىلەن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممىمىز قورقۇنچ ئىچىدە تەلمۈرۈپ تۇرۇشتۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ: «سەدىقە بالانى قايتۇرار، تەۋبە گۇناھنى» دېگەن سۆزى دەرھال يادىمغا كېلىپ، ھېلىقى ئىككى بالىسى بىلەن ئاچ ياتقان ياش ئايالغا تاماق ۋە سەدىقە بېرىپ، ئۇنى خۇش قىلىپ كوچىغا چىقسام، بىر گورزىۋاي ماشىنا ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭغا: «بىزنى پالانى يەرگىچە ئالغاچ كەت» دېسەم، ئۇ: «مېنىڭ بىر شەرتىم بار، يولدا ئىككى تاي مېلىم ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن، شۇ مېلىمنى ئېلىشىپ بەرسەڭ ماشىنامغا ئېلىۋالىمەن» دېدى. ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇپ، ماشىنىغا چىقتۇق. بىراق ئۆزىمىزنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن خۇرجۇن ـ خالتىمىزنى يوشۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالمۇتا ئەتراپىدىن ھارۋا بىلەن يولغا چىققان، قولىدا يول خېتى بار تارانچىلارغا يۈك ـ تاقلىرىمىزنى بېرىپ: «قاراۋۇلدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئېلىۋالايلى» دېسەك، ئۇلار ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ رۇس ھارۋىكەشلىرىگە ماللىرىمىزنى بېرىپ، ئۇياقتىن تاپشۇرۇپ ئالىدىغانغا سۆزلىشىپ، بەش ـ ئالتە سوم پۇل بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىمىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ئۇ ماشىنا بىزنى توساقتىكىلەرنىڭ ئالدىدىن تاراقشىتىپ ئېلىپ مېڭىپ ئۆتكۈزۈپ كەتتى. ئۇن چاقىرىم يۈرۈپ تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە، ماشىنا توختىدى، ۋەدىمىز بويىچە ساي ئىچىدە ياتقان ئىككى تاي يۈكنى مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن يۇقىرىغا چىقىرىپ، ماشىنىغا بېسىپ بەردۇق. ئاللاھنىڭ ياردىمى، سەدىقىنىڭ شاراپىتى بىلەن بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ، ئالتۇن ئىمەل داۋىنىدىن ئاشقاندىن كېيىن باشچى سارايغا چۈشتۇق. بۇ يەرگە سوقۇلۇق

تۈڭگانلىرىدىن خانجاز خەلىپە دېگەن كىشى ئات، هارۋا، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كەلگەن ئىكەن. ئالتۇن ئەمەل داۋىنىدا قار ـ بوراندا قېلىپ، ئىككى قولى سوغۇقتا ئۈششۈپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭ قولىنى كۆرۈپ، دەرھال ئامالىنى قىلىپ ساقايتىشقا كىرىشتىم. چۈنكى بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەتتى ھەم ئۇلارمۇ ئۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغانلىقىمنى بىلەتتى. ئۇنىڭ قولىنى ئوڭشاپ، ھەممىمىز بىرلىكتە هارۋىغا ئولتۇرۇپ يولغا چۈشتۇق. ئارىدىن ئىككى قونۇپ، بۆرە غوجۇر قىشلىقىغا كەلگىنىمىزدە، قارىساق، بۇ يەردە ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بىر توسۇق بار ئىكەن. ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، كونا هارۋىكەشلەردەك ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن قامچىنى بولۇشىغا ئۇرۇپ، توسۇقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئون بەش چاقىرىم يول بېسىپ سالامەت ياركەنت شەھىرىگە كەلدۇق. بۇ يەردىن خىتاي چېگرىسى — قورغاسقا قىرىق ئالتە چاقىرىم يول ئىدى. «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ جۇغراپىيە ئۆلكىسىنىڭ غەربىي چېگرىسى ھېسابلانغانلىقتىن بۇ شەھەر ئىلگىرى ـ كېيىن، بولۇپمۇ، چار ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئاۋاتلىشىپ، ھېلىمۇ خېلى ياخشى تۈزۈلگەن ئىكەن. بۇ يەر ئەزەلدىن تارىخىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بۇ يەردىكى كۆپچىلىك خەلق بۇندىن تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئالتىشەھەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئەسلى مىللىتى ئۇيغۇر بولسىمۇ ئۆزئارا «تارانچىلار» دەپ تەرىپلىشىدۇ. بۇلارنىڭ كېلىپ ـ چىقىش تارىخىنى ۋاقتى كەلگەندە تەپسىلىي يازىمىز. بۇ شەھەر چار ھۆكۈمىتى زامانىسىدا ئاۋات بولۇپ، ياخشى ياسالغان ئىدى. بولۇپمۇ مەرھۇم ۋەلى باي بۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك، ئابرۇيلۇق بېيى ۋە خەيرى ـ ساخاۋەتلىك دۆلەت ئىگىسى ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى ئاق پادىشاھ ئۇ كىشىنى چاقىرغاندا، ئۇنىڭغا ھۆرمەت لىباس كىيدۈرگەن ئىدى. بۇ كىشى ياركەنت شەھرىدە خىتاي پايتەختى بېيجىڭ شەھرىدىكى

ئەجدىھا سۈرىتىدە ياسالغان خان سارىيى نۇسخىسىدا بىر مەسچىت بىنا قىلغان ئىدى. ھازىرقى كۈندە ئۇنى ھۆكۈمەت ئۆز قارمىقىغا ئېلىۋالدى. 1931 ـ يىلى، بىز بۇ يەردىن ئۆتكىنىمىزدە شۇنداق بىر خارابىلىقتا قالغان ئىدىكى، ھوقۇق ئىگىلىرى بولغان ئەڭ تۆۋەنكى بەزى ئىشچىلاردىن باشقا پۈتۈن شەھەر خەلقى قېچىپ چېگرىدىن ئۆتكەن ئىدى. ئىلگىرىكى كەڭ باغۇ بوستانلىق جايلار بىز كەلگەن كۈنلەردە، بەختسىز مەزلۇملارنىڭ سۇنغان كۆڭۈللىرىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بىز باي ئوغۇللىرىدەك شۇ خارابە ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە چۈشۈپ جايلاشتۇق. مانا شۇ يەردە مىڭ تەشۋىش ئاستىدا خۇداغا سېغىنىپ، دىلىغۇلدا ئىككى ئاخشام تۇرغاندىن كېيىن، ئابا مۇسلىم دېگەن بىر تارانچى بالىنى يول باشچى قىلىپ، شەھەردىن چىقتۇق. ئۆز ئىشىغا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنىڭ تاماق يېيىش ۋاقتى دەل چۈش ۋاقتىدا بىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شەھەر چېتىگە چىقىپ، مازار ئالدىدىكى قېلىن قومۇش ئىچىدە يۆگىنىپ كەچكىچە ياتتۇق. قاراڭغۇ چۈشكەندە، يول باشچىمىز پىيادە بىز ئاتلىق يولغا چۈشتۇق.  چېگرىغا يەتكۈچىلىك قىشلاق ئارىلاپ يوشۇرۇن يول بىلەن مېڭىپ، ئاق تام قىشلىقى سىرتىدىكى بىر چاقىرىم يەردىن ئۆتىۋاتقىنىمىزدا ھۈركىگەن بىر ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. بۇ يەردىن ئون بەش چاقىرىم ئەتراپىدا يول يۈرگىنىمىزدە چوڭقۇر بىر سايغا دۈچ كەلدۇق. ئۇ يەردە بىر پەس دەم ئېلىپ، يەنە يول باشچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ماڭدۇق. يىراقتىن قېلىن بىر ئورمانلىق قىشلاق كۆرۈندى. ئىككى سائەت ئىلگىرى قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «يولدىن ئاداشقان ئوخشايمىز» دەپ يول باشچىنى توختىتىپ، سىنچىلاپ قارىساق، يولدىن ئادىشىپ كەينىمىزگە قايتىپ، ياركەنت تەرەپكە قايتقان ئىكەنمىز. بۇنى كۆرۈپ يول باشچىمىز قاتتىق قورقۇپ كەتتى. يولسىز توقايلارنىڭ ئىچى بىلەن يۈرۈپ، قۇم تاغ ئېتىكىگە كەلدۇق. قۇمدىن قۇمغا ئېشىپ تۆت تەرىپى تاغدەك قۇملار بىلەن

ئورالغان، سۆكسۆك بىر ئازگالغا كەلدۇق. شامال چىقىپ، قار ياققىلى باشلىدى. ئىچىدىغان سۇ يوقلۇقىدىن قار ئېرىتىپ ئىچتۇق. سۆكسۆك ئوتۇنىدىن ئوت يېقىپ يۆل بولغان كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇپ، ئۈستى باشلىرىمىزنى ئوڭشاپ، قىزىغان قۇم ئۈستىدە ياتتۇق. كېچىسى شۇ ئەشمە قۇم بارخانلىرىدىن ئېشىپ ئەتىسى شام ۋاقتى بىلەن قورغاس چېگرىسىغا كەلدۇق. بۇ دەل 1931 ـ يىلى بولۇپ، تىكەنلىك سىم تور قۇرۇلمىغان بىر دەۋر ئىدى. قوراللىق ساقچىلار ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇرار ئىكەن. ئاتلىرىمىزنى دالدىراق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىز بۇلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشنى كۈتۈپ تۇردۇق. ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن توختىماي يۈگۈرگىنىمىزچە قورغاس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ختاي چېگرىسىغا ئۆتىۋالدۇق. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يىرتقۇچلاردىن ۋاقتىنچە بولسىمۇ قۇتۇلدۇق.

ئەمدى، ئىككىنچى ختاي يىرتقۇچلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق چارىسىنى ئىزدىشىمىز كېرەك ئىدى. يول باشچىمىز يوشۇرۇن يوللار بىلەن يۈرۈپ، تۈن يېرىم بولغاندا بەلگىلەنگەن يەرگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھايات ئالىمنى ئازاب زىندانىغا ئايلاندۇرغان، كوممۇنىست زۇلۇمىدىن ۋاقتىلىق بولسىمۇ قۇتۇلۇپ چىقتۇق. كۆزىمىزگە بۇ يەرلەر باشقا بىر جاھاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. تۈن بويى يۈرۈپ چارچىغانلىقىمىز ئۈچۈن ھېچنېمىنى سەزمەي قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمىز. ئويغانساق، سارايچى كىشى: «ھەي مېھمانلار ھۆكۈمەت كۆزەتكۈچىلىرى كەلگۈچىلىك ئارىلىقتا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ ئاگاھلاندۇردى. دەرھال ئۇ يەردىن چىقىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يىراق يەردىن كەلگەن كىشى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدىغان بىرەر نەرسىمىز بولمىغاچ، ئەگرى يولنى تاشلاپ بىمالال چوڭ يول بىلەن مېڭىشقا باشلىدۇق. بىر ـ ئىككى چاقىرىمچە يول يۈرگەندىن كېيىن يول بويىغا ختاي ئەسكىرىي پونكىتىنىڭ

قۇرۇلغانلىقىنى سەزدۇق. ئۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك قەدەم يىراقلىقتا بىر مۇنار قۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ بىر قوراللىق خىتاي ئەسكىرى تۇرۇپتۇ. قارىساق، كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارنى تەكشۈرگىلى تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش گەرچە تەس بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىسەك باشقا يول يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشقاندا نېمە بولىدىكىن ئۇ ئەسكەر مۇناردىن چۈشۈپ ئەسكىرى پونكىتىغا كىرىپ كەتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاتنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ھېچ نېمە ئاڭلىمىغان كىشىدەك مېڭىۋەردۇق. قانداقتۇر بىرسى چاقىرغان ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي مېڭىۋېرىپتۇق، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ پەسلەپ قايتا چاقىرمىدى. خۇدا ئىشىمىزنى ئوڭ قىلىپ ئۇ يەردىنمۇ ساق ئۆتۈپ كەتتۇق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر توقايلىق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا، چېگرا ساقچىلىرىدىن بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ: «ھەي توختاش! نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سوراق قىلغىلى تۇردى. يول خېتىمىزنى سورىدى. خىياز ئاخۇن يانچۇقىدىن خىتاي پاسپورتىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلماي: «يۈرۈڭلار!» دەپ بىزنى يامۇلغا ئېلىپ ماڭدى. دوستۇم ئۇنىڭ بىلەن ئۇنى دەپ بۇنى دەپ گەپ تالاشقىلى تۇردى. قارىسام، ئىش ئاۋۇيدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ھېلىقى كىشىگە: «ھەي لويا! بىزنىڭ تاھارىتىمىز قىستاپ كەتتى، بىز تاھارەتنى يەڭگۈشلىۋالايلى» دېسەم، ماقۇل بولدى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ: «ئۇ كىشىنىڭ قولىدا كۈچلۈك پاسپورتى بار. نەگە ئېلىپ بارسىڭىز، يەنىلا ئۇنى قويۇۋېتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە سىزگە چاي پۇلى بېرەيلى، بىزنى يولدىن توسماڭ!» دېسەم، ئۇ كىشىمۇ پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «ماخو، ماخو» دەپ ماقۇل بولدى. ھەمراھىم ئۇنىڭغا ئۇنىمىغاندەك، مەن زورلىغاندەك قىلىپ،  يىگىرمە تەنگە بېرىشىم بىلەن ئۇ ئارقىسىغا قارىماي ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

بېيىت

قەدرى يوق گەۋھەر سۆزۈڭ پەسكەش كىشىلەر ئالدىدا،
دورنى تاقساڭ نە بىلۇر ئىت ئاغزىغا تاشلا سۆڭەك.

شۇنداق قىلىپ، ئۈنچىمۇ ئاغزى بېسىلىپ كېتىشى بىلەن بىزمۇ دەرھال يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، سۈيدۈڭ شەھىرىگە كەلدۇق. بۇ شەھەر ئىلى ئۆلكىسىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. يولۇچىلار سارىيىدا بىر كېچە يېتىپ، ئەتىسى غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يول ئالدۇق. بىر سائەت يۈرگەندىن كېيىن، كۈرە شەھىرىگە كەلدۇق. كۈرە شەھىرى ئىلى ئۆلكىسىدىكى توققۇز قورغان ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك شەھەر ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ، بۇ يەر ھەربىي جەھەتتىن ئۆلكىنىڭ مەركىزى ھېسابلىناتتى. بۇ يەرگە كېلىپ ئەركىن ھاياتتا ياشاۋاتقان بەختلىك كىشىلەرنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدىم.

چۈنكى كوممۇنىستلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان كۈندىن باشلاپ، ئىنسانلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەرخى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەردە قەھەتچىلىك باشلانغان ئىدى. دۇكاندىن ئۆتسەك ھەممە نەرسىلەر تىقىلىپ يېتىپتۇ، «باشقا دۆلەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرمىدۇ» دەپ سورىساق، ھەممىسى سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەنماللار ئىكەن. بۇ ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقىغا قارىماي، پۈتۈن نەرسىلەرنى ئىقتىسادىي توسۇق قىلىپ، باشقىلارنى بۇ يولغا تارتىش ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىرىپ، باشقىلارنى ئالداشنى ئۆزىگە سىياسەت قىلىۋالغان ئىكەن. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئېزىلىپ ياشاۋاتقان يەرلىك خەلق پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن يىل بويى ئىشلەپچىقارغان ھالال ئەمگەك مېۋىسىنىڭ بىر دانىسىغىمۇ ئىگە بولالمىغان ئىدى. يالغۇز ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقارغان ئەمگەك مەھسۇلاتىغا ئەمەس، بەلكى

ئەقەللىيسى ئۆزىنىڭ ياشاش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. پۈتۈن ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، ھايۋان قاتارىدا ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. دۇنيا يارىتىلىپ، ئىنسان يەر ئۈستىگە ئاپىرىدە بولغان كۈندىن باشلاپ، ھېچبىر زاماندا بۇنداق ئەقىلدىن تاشقىرى بۇزۇق مەسىلەك، پەسكەش ئادەملەر، خەلق ئۈستىدە ھۆكۈمران بولمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرسى رەسۇلۇللاھتىن: «ئەڭ ئېغىر دەھشەتلىك كۈن قايسى؟» دەپ سورىغاندا: «ھارامزادە ئوغلى ھارامزادىلەر خەلق ئۈستىدىن ئىختىيارسىز ھۆكۈم يۈرگۈزگەندە» دېگەن ئىدى. يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتىشىچە: «ھەر بىر ئىنسان ئۆمرى ئۇزۇلگىچە بالايىئاپەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ، ھايات ئالەمدىكى بارلىق بالالار ئىچىدە ئەڭ يامىنى ۋە زىيانلىقى كورلۇق بالاسىدۇر». چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن پانا تىلەپ ساقلىنىشنى بۇيرۇغان.

«كورلۇق بالاسى قايسى؟» دەپ سورىغاندا، ئۆزى بىلمىگەن، بىر نەرسىنى چۈشەنمىگەن بىر مۇنچە جاھىل، نادان ئادەملەر باركى، ئۇلار ئىلىم ئەھلى، ئەقىللىق ئالىملار ۋە پۈتۈن خەلق ئۈستىدىن قوراللىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ. خەلق تەقدىرى پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ قولىدا بولغاچ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق زىيانلىق ئىشلار كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر ئىشتا توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئەتمەيدۇ، كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالغان ئەقىل - پاراسەتسىز كىشىلەر، ھۆكۈمەت بېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بىچارە خەلق بېشىغا ھەممە ئېپلاسىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇلار، خەلق بېشىغا كەلگەن كورلۇق بالاسىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ئېيتىدۇ: «مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر يول كەلتۈردۈم. ئۇ يورۇق، يۇمشاق، تۈز، توغرا يولدۇر. ئۇنىڭ بېشى بۇ دۇنيادا بولۇپ، يەنە بىر بېشى ئۇ دۇنيادا جەننەتتىدۇر. بۇ يولنىڭ يول باشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر،

قوللانمىسى ‹قۇرئانى كەرىم›دۇر، ئەگەر ئۈممەتلىرىم ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىپ، ئۇ يولدىن چىقىپ كەتمىسە، پۈتۈن ئاپەتلەردىن ئامان قالىدۇ، ئاللاھ رىزاسىنى تاپىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بېشىغا بىر بالا بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىلىملىك كىشىلەرمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ، بەلكى پۇشايماندا قالىدۇ».

مانا رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، پۈتۈن دۇنيا بويىچە بارلىق سىياسىي ئەربابلارنى ھەيرەتكە قويۇپ، چارىسىز قالدۇرغان نەرسە، ئاشۇ ئۈستىمىزدىكى كوممۇنىزم بالاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.  چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزە سۆزلىرىنىڭ مۇشۇ كۈندە نەق بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئەمدى بۇنداق بالادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن ھەقىقىي ئىسلامىيەتكە ۋە «قۇرئان» كۆرسەتكەن يولغا قايتىشىمىزدىن باشقا چارە يوقتۇر.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، سارى ئۇزەكتىن چىقىپ غۇلجا چېگرىسىغا قاراپ مېڭىۋاتقان ئالتە كۈنلۈك يولدىكى مېنى ئەڭ ئېچىندۇرغان نەرسە، كۆچمەن قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېغىر ئەھۋالى ئىدى. چۈنكى پۈتۈن سوۋېت تۇپرىقىدا بۇ مىللەتتەك ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، قاتتىق زىيان تارتقان مىللەت بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ مىسالى، ئىنقىلاب ئالدىدا  سەككىز مىليون ھېسابلانغان قازاق خەلقى ھازىرقى تارىختا، يەنى 1968 ـ يىلىدا ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۈچ مىليونغا چۈشكەن ئىدى. بولۇپمۇ، بالقاش كۆلى ئەتراپىدىن باشلاپ، قاراتكۆل، قىزىلجار شەھەرلىرىگىچە سۇسىز، ئېكىنسىز قاراقۇم چۆللىرىدە ياشاۋاتقان، چارۋىچىلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مال بېقىپ يۈرىدىغان بىچارە كۆچمەن يەرلىك خەلقنىڭ قولىدىكى بارلىق ماللىرىنى بۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك مەلئۇنلار بىر يولىلا تارتىپ ئالغان ئىدى.

بۈنىڭ نەتىجىسىدە، تىرىكچىلىكى يالغۇز چارۋىغا تايانغان قازاق خەلقى ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتكەن ئىدى. بۈنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى «خەلق غەمخورى» دەپ ئاتىۋالغان دۆلەت ئەربابلىرى، كوممۇنىست رەھبەرلىرى ھېچقانداق چارە كۆرمىگەن ئىدى. 31 ـ يىلى باشلىنىپ، 33 ـ يىللىرى ئەۋجىگە چىققان، پۈتۈن قازاقىستاندا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقتىن قازاق خەلقى پۈتۈنلەي قىرىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ كۈنلىرى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن كەلتۈرۈلۈپ، كۆل بويىغا تەقلەپ قويۇلغان ھېسابسىز ئارپا ـ بۇغداي ئاشلىقلىرى يېپىشكە نۆۋەتتى كەلمەي يېرىم گەز قېلىنلىقتا سېسىپ كەتكەن ئىدى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكى بۇ دىنسىزلار ئالدىدا ھېچبىر قەدرى ـ قىممىتى يوق ئىدى. خەلق ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە مەيلى ئىكەنكى، ئۈلارغا سېسىپ ياتقان ئاشلىقتىن بىر سەرمۇ بەرمەيتتى. ئەڭ ھەيران قالارلىق ئىش شۇ ئىدىكى، شۇنچە قۇربانلارنى بېرىپ، سەلتەنەتلىك خانىدانلىقلارنى قۇرغان تۇران ئۈلۈسى ۋە ئۇنىڭ ئېسىل ئوغلانلىرى بولغان قازاق، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز، بۈگۈنكى كۈندە دىنىي، مىللىي ھېسسىياتلىرىنى يوقىتىپ، ئەسىرلەر بويى ساقلاپ كەلگەن ئانا تىلىنى يوقىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. «ئانا تىلدىن ئايرىلدى» دېمەك «ئىنسانىي ھەققىنى ساقلىماي، ھايات ئالىمدە باشقىلار ھېسابىغا ياشاپ، ئىنقىراز بولۇپ، تارىخ يۈزىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلدى» دېمەكتۇر. بۈنىڭ بىردىنبىر چارىسى دىنىي ھېسلىرى يوقالغان بولسىمۇ، مىللىي ھېسسىياتىنى يوقاتماي، ھەرخىل تىللارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىل ئەدەبىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۇنيادا ئىلمىي تىللار قاتارىغا يەتكۈزۈش لازىمدۇر. شۇ سەپىرىمدە ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرگەن باللارنى، باللىرىنى ئورۇق، ياداڭغۇ تۆگىلەرگە مىندۈرگەن، ئۆزلىرى ماڭالماي تىلى ساڭگىلاپ كېتىۋاتقان تالاي قېرى ئاتا ـ ئانىلارنى كۆردۈم. ئۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، قاتتىق قايغۇرغان ئىدىم، مەن چېگرىدىن ئۆتۈپمۇ خېلى بىر

زامانلارغىچە ئاشۇ قېرىنداشلىرىمنى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم، شۇ سەۋەبتىن ھازىر بۇ يەردە ئۇنى ئەسلەپ يېزىۋاتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن، كۆرەدىن چىقىپ غۇلجا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. تەخمىنەن يىگىرمە بەش چاقىرىمچە يۈرۈپ، غۇلجىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، بايانداي شەھىرى خارابىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ھىجرىيە 1270 ـ يىلىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسىنى خىتاي باسقۇنچىلىرى قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئۇيغۇر تۈركلىرى تەرىپىدىن كاشغەردە خانلىق قۇرغان ۋە ئون ئىككى يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپ بەگ ئاتلىق دەۋرىدە بۇ شەھەر خاراب بولغان ئىدى. شۇنداقكى، ئۇيغۇرىستان ئالتىشەھەردىن ئىلى ئۆلكىسىگە ئەسكەرلىك خىزمىتى ئۈچۈن خىتاي خانى بۇيرۇقى بىلەن مەجبۇرىي رەۋىشتە كۆچۈرۈپ كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر تارانچىلىرى، خىتاينىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي تۇڭگان مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خىتاي زالىملىرىغا قارشى قوزغالغان ئىدى. ئاخىرىدا بىرلىشىپ جەڭ قىلغان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىق شارائىتىدىن، زالىم خىتاي باسقۇنچىلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ ۋە پاكىز تازىلاپ تارمار قىلىپ، مىللىي ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرغان ئىدى. ياقۇپ بەگ ئاتلىق غازى جەنۇبىي تەرەپتىن ئالتىشەھەرنى خىتاي باسقۇنچىلىرىدىن تازىلاپ، شىمالىي تەرەپتىن جۇڭغارىيە مەركىزى ھېسابلانغان ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئىتتىپاققا كەلمىگەن، سۆلھىگە ئۇنىمىغان جاھىل تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قولغا كەلتۈردى. ئاندىن شىمالىي تەرەپتىن كېلىپ پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان رۇس باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسەت قوللىنىپ، غۇلجا ھاكىمى تارانچى قارا سۇلتاننى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ جاھىل باشلىق ئۆزىنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن ئاساسى مەقسەتنى چۈشەنمەستىن، ئۇلارنى رەت قىلىپ قۇرۇق قايتۇردى. بولمىسا، ئاتلىق تەلىپى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى تۈركىيە سۇلتانى

ئابدۇلئەزىز خەلىپە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئالتە نەپەر تۈرك ئەپەندىلىرى، ئۇيغۇر - ئۆزبېك ئوغۇللىرىدىن تۈزۈلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى پۇتۇنلەي يېڭى ئىنتىزام ئاساسىغا ئالغان ئىدى. ياقۇپ بەگ ئاتلىق غازى، ھىندىستان مەلىكىسى، ئەنگلىيە پادىشاھىغا ئىككى قېتىم، تۈركىيە سۇلتانى خەلىپە ئابدۇلئەزىز ھەزرەتلىرىگە ئىتائەت بىلدۈرۈپ، بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى بولۇپ، ئۇلار قورال - ياراغ تەرەپتىن بىرىنچى قېتىم ئون مىڭ دانە، ئىككىنچى قېتىم يىگىرمە تۆت مىڭ دانە پىستانلىق مىلتىق ھەدىيە قىلغان ئىدى. ئۇندىن باشقا، خەلىپە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن ئەسكىرىي مەشقاۋۇللىرىنى ئەۋەتىپ، ھەربىي خىزمەت ئۈچۈن ئەسكەر تەربىيىلەپ خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر ۋە باشقا پۈتۈن ھەربىي جەھەتتىكى ئىشلار تۈرك ئەسكىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە يولغا قويۇلغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرىنى يېڭىپ، ئۇرۇمچى شەھىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قۇتۇبى، سانجى، ماناس، شىخۇغا يېقىنلاشقاندا، بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئالمۇتا گوبىرناتۇرى قوماندانلىقىدىكى رۇس باسقۇنچىلىرى غۇلجىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، قانچىلىك مۇسۇلمانلار بەدىلىگە يېڭى قۇرۇلغان قارا سۇلتان دۆلىتى ئاساسسىز ئىنتىپاقسىزلىق كاساپىتىدىن رۇسلار بىلەن بولغان توقۇنۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

بۇ تارىخىي ۋەقەلىكنى يېزىشىمغا سەۋەب بولغان باياندىن خارابىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق دۆڭ مەھەللە بىلەن قورغان تېگى كۆرە دەرۋازىسىغا كەلدۇق. ختاينىڭ ئۇرۇشتىن قوغدىنىش ئادىتى بويىچە شەھەر ئەتراپى بەش - ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتە لاي بىلەن سېپىللار سوقۇلۇپ، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت دەرۋازا ئورنىتىلغان بۇ شەھەر بىزگە ئوتتۇرا ئەسىرنى

ئەسلىتىدۇ. دەرۋازا تېشىدىكى ئاتنىڭ تىزىدىن ئاشقۇدەك قارا پاتقاقنى كېچىپ شەھەر ئىچىگە كىردۇق. سۈرۈشتە قىلىپ، توقماقتا ئۆز مەھەللىمىزدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، كېيىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئالماس بەگ ھاجى ئوغلى، تۇداخۇن بەگ، قۇربان تاي قارى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتۇق. ئۆي ئىگىلىرى باشلىق زالىغا لىق تولغان ئادەملەر كېلىپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. قارىسام، شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئىچىدە بىرەرسى يات ئەمەس ئىكەن. ھەممىسى دېگۈدەك توقماق، قاراقوللۇق بىز بىلەن تونۇشىدىغان ئاغىنىلىرىمىز ئىكەن.

ئادەم ھاڭ ـ تاڭ قالىدىغان ئىش شۇ ئىدىكى، ئۇلار مەن كېلىشتىن بۇرۇن دەل مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىپ، مەن ئۈچۈن قايغۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن. مېنىڭ كېلىشىم بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ھەجدىن كەلگەن كىشىلەرنى قارشى ئالغاندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى. بولۇپمۇ، قاراقوللۇق ئۇيغۇر ئىبراھىم ئاخۇن ئاق تاسما، ئاتۇشلۇق سودىگەر يىگىت (ئىسمى يادىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، بۇ يىگىت توقماقتا تۇرغان چاغدا كېزىك كېسىلى بولۇپ قالغان ئىدى. مېنىڭ داۋالىشىم بىلەن شىپالىق تاپقان ئىدى) قاتارلىقلار مېنىڭ بېشىمدىكى ئەسكى قۇلاقچىنى، ئۈستى بېشىمدىكى ئەسكى كىيىملىرىمنى، پۇتۇمدىكى مەدىكار ئۆتۈكۈمنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ئىدى. ھەتتا مېنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، نامىمنى ئاڭلىغان كىشىلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆيىمىز بايرام تۈسىنى ئالغان ئىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، بىلگەن ـ بىلمىگەن كىشىلەر يىراق ـ يېقىندىن، ھەپتە ـ ئون كۈنلەپ ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئۈستى بېشىم يېڭىلىنىپ، يارى ـ بۇرادەرلىرىم تەرىپىدىن ھەر كۈنى زىياپەتلەرگە چاقىرىلىپ تۇردۇم. شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە، تۇردى ئاخۇن بەگ بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزگە پۈتۈن غۇلجىدىكى باي ـ سودىگەرلەرنى، قازى، مۇپتى، ئەلەم ئاخۇنلار باشلىق كۆزگە

كۆرۈنگەن كىشىلەرنى چاقىرىپ كاتتا بىر زىياپەت بەردى. بۇنىڭ تۈگەنچىسىدە ئالدى كىمخاپ تون، ئاخىرى ئىپسىل رەختتىن كۆينەك ـ ئىشتان، توققۇز كىيىملىك بوغچا ئۈستىگە ئات تۇيىقى يامبۇ قويۇلغان تارتۇقنى خەلق ئالدىدا مېنىڭ ئالدىمغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بايلار ئارىسىدا زىياپەت باشلىنىپ كېتىپ، يەنە بىر ـ ئىككى يەردە يامبۇ بىلەن توققۇزلانغان تارتۇقلار ئالدىمغا قويۇلدى. لېكىن ئايلارچە، بەلكى يىللارچە داۋام قىلغان شۇ كاتتا زىياپەتتە كۆرگەن ھۆرمەت ۋە كۆتۈۋېلىشلار كۆڭلۈمدىكى دەردلىك جاراھەتلىرىمگە شىپالىق ئەمەس، بەلكى يارامغا تۇز سەپكەندەك سىزىلمەكتە ئىدى. چۈنكى چوڭ ـ كىچىك باي، سودىگەر، مۆيتى، ئەلەم ئاخۇنلىرى باشلىق پۈتۈن خەلق غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ، جاھالەت پاتقىقىغا پۈتۈنلەي پاتقان ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىي تۈزاق قاپقانلىرى ھەر قەدەمدە قۇرۇلغان بولۇپ، ماددىي ـ مەنىۋى تەرەپتىن ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلىشىپ، قەدەمدە بىر چوڭقۇر ئازگاللار قېزىلغان ئىدى. ھېچ قايسىلىرى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆز جېنى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قېتىم تۇزاققا چۈشكەن باي ـ سودىگەرلەرنىڭ قاپقاندىن قېچىپ چىقىپ تارتقان ئەلەملىرىنى ئۆزى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي بەخىرامان يۈرگىنىگە قاراپ: «بۇلارنىڭ كۆزىنى ئاللاھ كور قىلغان بولسا كېرەك» دېگۈم كېلەتتى. لېكىن ئېغىر كۈنلەردە كۆڭلۈمنى ياساپ، مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغان دوستلىرىمغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! ئالدىراپ بىر نېمە دېيەلمىدىم. بۇ ۋەقەگە 37 يىل بولغان بولسىمۇ، بۇ تارىخ يېزىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلاردىن ئىككى ـ ئۈچى قېلىپ، قالغانلىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ياردىمىم يەتمىگەن بولسىمۇ، ھازىرمۇ ئۇلارنى ئەسلەپ، روھىغا پات ـ پات پاتىھە ئوقۇپ دۇئادا يات ئېتىۋاتىمەن.

# غۇلجا ۋە ئىلى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىم

زالىملار ھۆكۈمىدىن قېچىپ كەلگەندە، بىزگە پاناھلىق بەرگەن غۇلجا شەھىرى ئىلى ئۆلكىسى ھەققىدە ئاز ـ تولا تارىخىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇم.

شۇ دەۋردە ھەممە ياقتا ئاتىقى چىققان خىتاي خانلىقى مانجۇلارنىڭ بېسىپ كەلگەن دەۋرىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھرىنىڭ باسقۇنچىلىقتا ئۇچراش دەۋرى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى (چىڭگىزخان چىقىشتىن تەخمىنەن يۈز يىلچە ئىلگىرى) شىمالىي خىتايدا ئىنقىلاب قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قوزغىلاڭچىلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، گورخان دېگەن باشلىقى ئۇزىنىڭ مۇرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ غەربكە قاراپ چېكىنىدۇ. ئىلى ئۆلكىسىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى ئەلۋەك سۇغا، كېلىشكەن ھاۋاغا، ئەتراپتىكى بىپايان كەتكەن زېمىنلارغا مەھلىيا بولغاندىن سىرت، مەركىزى خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ تۈگۈنى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، شۇ يەردە ئىلى شەھرىنى قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئاندىن ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدىن باشلاپ غەربىي، شەرقىي تۈركىستان، پەرغانە مەملىكەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا پادىشاھ بولۇپ، بۇ يەرلەردە سەكسەن نەچچە يىل سەلتەنەت سۈرىدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتى زاۋال تېپىپ، ئىلى، بالاساغۇن شەھرىنىڭ خاراب بولۇش ۋەقەلىرى بۇ كىتابىمنىڭ بېشىدا يېزىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئورۇندا قايتا يېزىشنى لايىق كۆرمىدىم. گورخان دۆلىتى زاۋال تېپىپ تەخمىنەن قىرىق نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنيانى تىترەتكەن چىڭگىزخان تارىخى باشلىنىپ، جاھان قىرغىنچىلىقى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتلىرىنى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ھازىرقى ئۆزبېكىستان بىلەن «شەرقىي تۈركىستان»نى ئوتتۇرانچى ئوغلى چاغاتاي باھادىرغا بېرىدۇ. ئىلگىرىكى تۈركىستان ئادىتى بويىچە، چاغاتاي

باھادىر سەلتەنەت تەختىگە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، قاراخانىيلار پايتەختى تىراز ـ تالاس (جامبۇل) شەھىرىدە ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ يەردىن ئىلى ئۆلكىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرىدىن سەكسەن چاقىرىم يىراقلىقتىكى قورغاس مازار دەپ ئاتالغان ئالمىلىق شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئالمىلىق شەھىرى چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئائىلە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىككىنچىسى ۋە تۆمۈر سۇلتاننىڭ قېيناتىسى تۇغلۇق تۆمۈر خان ۋاپات بولغاندا، ئۇنى شۇ يەرگە دەپنە قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇ كۈنلەردىكى ئالمىلىق دېگەن كونا ئېتنى ئۇنتۇپ، ھازىر قورغاس مازار دېگەن نامى بىلەن ئاتىشىدۇ. 1945 ـ يىلى تېپىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، تەنگە پۇللاردىن ئەرەب ھەرپى بىلەن «زەرب ئالمىلىق» دەپ يېزىلغان سۆزلەرنى ئۆزۈم ئوقۇغان ئىدىم. ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىلىدا، چىڭگىزخاننىڭ ئالمىلىقتىكى نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان پۈتۈن تۈركىستان ئۆلكىسىنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، ئوغلى ئىلياس خوجىنى ئۇلارغا خان، تۆمۈر سۇلتاننى ئۇنىڭغا ۋەزىر قىلىپ بېرىپ، ئۆزى پايتەخت ئالمىلىققا قايتقان ئىدى.

شەھەر نازۇ نېمەتلىرىنى ئەزەلدىن تېتىپ كۆرمىگەن، مەدەنىي تۇرمۇشتىن ئەمدىلا كۆزى ئېچىلغان خان باشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى، تۇران كەبى جەننەتتەك جايلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىلەلمەي، ھەر تەرەپلىمە مەئىشەتكە بېرىلىپ، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خان بولغان ئىلياس خوجا بىر مەملىكەتنى باشقۇرالىغۇدەك ئىقتىدارلىق، ئەقىللىق، سىياسەتتىن خەۋىرى بار، ئىشقا يارامىلىق  كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھېيىقىشنى بىلمەيدىغان كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، كىشى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان يىرگىنچلىك، پەسكەش ئىشلارنى قىلىپ، زالىم سىياسەت يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى. بىراق ئۇلۇغ خان تەرىپىدىن ۋەزىرلىك مەنسىپىگە

قويۇلغان سۇلتان تۆمۈر، ياشلىقىدىن تارتىپ دىيانەتپەرۋەر، ئادالەت ياقىلىغۇچى كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۇلارنى زالىملىق قىلىشتىن قايتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ زالىملار تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان ئىشلىرىغا چىدىيالماي، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يوق تۆھمەتلەرنى قىلىپ، ئالمىلىقتىكى خانغا: «تۆمۈرنىڭ بىزگە بويسۇنغۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ خان بولۇش تامايى بار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇنى ياخشى كۆرۈۋاتىدۇ، ئۇلۇغ خان، كىچىك خان يارلىقلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى، كۆپ ئىشلاردا بىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، ئىشىمىز يۈرۈشمىدى» دەپ خاننىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان خەت يېزىپ ئەۋەتىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈر خان چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دىندار كىشى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقىنى قولىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يازغان خېتىنىڭ جاۋابىغا تۆمۈر سۇلتاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. بۇيرۇق ئەمدى ئىش باشلىغان تۆمۈر سۇلتاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ۋەھشىيانە رەۋىشتە خەلققە قىلىنىۋاتقان زۇلۇمغا چىدىيالمىغان بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانىنىڭ پۈتۈن ئۆلىما ـ ماشايىخلىرى: «ئەگەر باھادىر تۆمۈر سۇلتان بىزنى موڭغۇل زالىملىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىكەن، بىز ئۇنىڭغا ئالتۇن تاج كىيدۈرۈپ، ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئۆزىمىزگە شەرئى شاھ قىلىمىز» دەپ شەرئىي پەتىۋا چىقىرىپ تۆمۈر سۇلتانغا تاپشۇرىدۇ.

بۇنى كۆرگەن جاھان قەھرىمانى، ئىسلام ئالىمىنىڭ ئۇلۇغ قوماندانى، پۈتكۈل تۈرك ئۇلۇسىنىڭ پەخرىلىك بۈيۈك سۇلتانى، قۇرئاندىكى: «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە ۋە ئۆزۈڭلاردىن چىققان پادىشاھلارغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە تۈركىستان ۋە باشقا بويسۇنغان مەملىكەتلەرگە ھەقىقىي شەرئىي ۋە قانۇنىي پادىشاھ بولغان ئىدى.

بۈيۈك تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق داڭق چىققان بۇ قەھرىماننىڭ نامى پۈتۈن ئالەمگە تارقىلىپ، دۇنيا خەلقى ئارىسىدا تىللاردا داستان بولغان ئىدى. تۈرك تىلىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» ۋە باشقا قانۇننامە ئەسەرلىرى، بۇ قەھرىماننىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ داھى ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك گۇۋاھ بولالايدۇ.

شۇنداق بولغاچ، قايسى بىر كىشىلىكى يوق، ئۆز شەرىپىنى بىلمىگەن پەسكەش ئادەملەر، ئەسلى گۆھەرنى قارا تاشتىن ئاجرىتالمىغان مەدەنىيەتسىز، تاشلاندۇق، ئىنساپسىز، يالغانچى، يالاقچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس قەبىھ تىللىرىنى بۇ قەھرىمانغا تەگكۈزۈپ ئۇنىڭغا قانچە زىيانلارنى سالمىدى؟!

بېيىت

«جەر قەناق يوق» دەر ئىكەن ياغدۇ قۇياشنىڭ نۇرىنى،
قانچە كۆپ ئېيتقانلىرىدىن نۇرى كەم بولماس قۇياش.
كۆرلەر بازارىدا يوقدۇر سوراقچى سۇرمەنى،
دەردى يوقلاردىن تېپىلماس كۆزلەرىدە تامچى ياش.
ئەسلىدە، جەۋھەر كۆرگەن ئەمەس ئىكەندۇر ھەر كىشى،
قايدا بىلگەي پەرقىنى گۆھەرمىدۇر يا قارا تاش؟
ئىلمۇ ھېكمەت دۇرلىرىنى ساچما ناكەس ئالدىدا،
كىرمە ئول مەجلىسكە كىم ئىپلاس ئاياغلار بولسا باش.
گۈل ھىدى سېسىق ئىمىش، سېسىق قوڭغۇزلار بۇرنىغا،
سۆزى سېسىقتىن يىراق يۈر يا قېرىدۇر ياكى ياش.
ئۈزمە ساغۇنىي ئۈمىدىڭ يەتكۈزەر تەڭرىڭ سېنى،
تارقىلۇر ئالەم ئارا بىر كۈن ھەقىقەت بولسا پاش.

مېنىڭ بۇ كىتابىمنى ئىلگىرى - كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم بولغايكى، تۆمۈر سۇلتاننى ياقلاپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى يېزىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، جاھانگىرلار باشلىقى قەھرىمان تۆمۈر سۇلتان، ئوتتۇز ئالتە يىللىق سەلتەنەتلىك دەۋرىدە قىسقىچە بولسىمۇ باشقىلارنى قاندۇرغۇدەك ئۆز تەرجىمھالىنى يازغان ئىكەن. ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ دۆلەت تۈتۈش تەرتىپى، ئەسكىرىي قانۇن - ئىنتىزاملىرى ھەققىدە قانۇنلار يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ ئەسەرنى «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» دەپ نام قويغان ئىدى. تۆمۈر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئەسەر ئەسلىدە ئۆز تىلى تۈركچە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقىسىنى بابۇر ئەۋلادلىرى زامانىدا پارسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ ئالتۇن كىتاب ئۆز زامانىسىدا سىياسىي - ھەربىي قانۇننامە بولغانلىقتىن تۆمۈر شاھزادىلىرى بۇنى قوغداپ يوشۇرۇن ساقلىغان ئىكەن. تەخت تالاشقان شەيىانىلار تۆمۈرنى يەڭگەندىن كېيىن، مىرزا بابۇر پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ، خەزىنىلىرىنى تاشلاپ قاچقاندا (ئۇ كىشىگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ كىتابنى دۈشمەن قولىغا قالدۇرماي ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. بىراق ھىندىستاندا ئۇزۇن يىللار دۆلەت تۇتقان ئۇنىڭ نەۋرىلىرى تۈرك تىلىنى ئۇنتۇپ مەجبۇرىي رەۋىشتە ئوردۇ، پارس تىللىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن بوۋىسى تۆمۈر سۇلتان ئەسىرى «تۆمۈر تۈزۈكلىرى»دىن پايدىلىنالمىغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، قايسى بىرسى ئۇ كىتابنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىكەن.

بۇ گۆھەر كىتاب دەسلەپتە يوشۇرۇن ساقلىنىپ، كېيىنكى كۈنلەردە پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن شۇ كۈنلەرگىچە ئۆز ئۆلۈسى، ئۆز مىراسخورلىرى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى تۆمۈرنىڭ  بۇنداق كىتاب يازغانلىقىنى بەزى ھەقىقىي تارىخچىلاردىن باشقا ھېچ كىم بىلمىگەن ئىدى. مانا

شۇنىڭدىن پايدىلانغان دۈشمەنلەر ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى بۇ جاھان قەھرىمانى ھەققىدە ھەر تۈرلۈك ئەقىلدىن تاشقىرى ناھەق تۆھمەتلەرنى يېزىپ، مەتبۇئات ئارقىلىق پۈتۈن خەلق ئىچىگە تارقاتقان ئىدى. ئۆز تارىخىنى تونۇمىغانلىقتىن بۇلارغا قوشۇلغانلار، ئۆز شەرىپىنى بىلمىگەن ئالىم سۈپەت يەرلىك ئەخمەقلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، مەن بۇ قەھرىماننىڭ «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» ناملىق ئەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1962 ـ يىلى پارسچىدىن ئۆز تىلى — تۈركچىگە تەرجىمە قىلدىم. 1967 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندا يېڭىدىن چىقىۋاتقان «گۈلىستان» ژۇرنىلىدا بېسىلىپ، پۈتۈن ئۆزبېكىستان خەلقىگە تارقىتىلدى. ئۆز تارىخىنى چۈشەنمىگەن تاجىكىستان ئالىملىرى ئاتالمىش كىشىلەر تەرىپىدىن تەرجىمە ئۈستىدە ۋە تۆمۈر سۇلتان ھەققىدە ناھەق ھۇجۇملار باشلىدى.

بىزمۇ ئۇلارغا قارشى سۆھبەتكە بېرىپ سانجىلغۇدەك ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ھەممىنى قانائەتلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېشەكلىرى لايغا پېتىپ تەسلىم بولدى. مەن تۆمۈر سۇلتانغا قارشى چىققان بەزى ئەخمەق كىشىلەرنىڭ ناھەق بايانلىرىنى رەت قىلىش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتە توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنى «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق بۇ كىتابىمدا قايتا تەكىتلەپ ئۆتتۈم. تارىخ يازغۇچىلىرىنىڭ ياخشى ـ يامان ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۆز ھەقىقتى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى بولغانلىقتىن، بۇنى يېزىپ قالدۇرۇش پايدىسىز بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق بولۇپ، تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئۇلۇغ ھىممىتى ئۇنىڭ چېكىنمەس چىداملىقى ئارقىلىق پۈتۈن تۇران — تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى موڭغۇللار زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ئۇمىدلىرى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، قاچقانلار ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ

ماڭغىلى تۇردى. تالاس، مىركى، ئىشمارە ئارقىلىق ئۆتۈپ، شۇ قوغلىغىنىچە ئىسسىق كۆل، قارا قول، قارقارا يوللىرى بىلەن تېكەسكە چۈشتى. بۇ يەردىن قوغلىغىنىچە ئاقسۇ، كۆكسۇ، ئاغىياز داۋانلىرىدىن ئېشىپ موڭغۇللار ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئۇلۇغ يۇلدۇز يايلىقىغا بېرىپ توختىدى. قارىسا، قاچقان موڭغۇللار بۇ يەردىمۇ تۇرالماي، ئىلياس خوجا ئەسكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ تارقىلىشقان ئىكەن. بۇنى ئاڭلىغان نەۋرىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن ئالتاي تەرەپكە قاچقان ئىلياس خوجا ئوغلى ئوغلانخان ئارقىسىدىن قوغلىدى. قاچقانلار چىنىققان، چەۋەنداز، ئات مىنىشكە ئۇستا كىشىلەر بولغانلىقتىن قوغلىغانلارنى يەتكۈزمەي، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق قوغلاپ مېڭىش خەتەرلىك بولغانلىقتىن مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ يەردىن قايتىپ يۇلدۇزغا كەلدى ۋە بۇ ئۇلۇغ يايلاقتا قىرىق كۈن دەم ئالدى. بۇ جەرياندا، پىتىراپ كەتكەن موڭغۇللار تەرەپ - تەرەپتىن قايتىپ كېلىشىپ، ئۆز ئادەتلىرى بويىچە باش قويۇپ، تىز پۈكۈپ ھەممىسى قۇللۇق بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەننى يېڭىپ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆز رېتى بىلەن بېجىرىپ، كۆڭلى تىنجىغاندىن كېيىن زەپەر بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، شان - شەرەپ بىلەن خان ئوردىسى، تۇغلۇق تۆمۈر خان پايتەختى ئالمىلىققا قاراپ قايتتى. جاھانگىر چىڭگىز ئوردىسى، بىرىنچى قۇرۇلۇشدا قىزىل موڭغۇلستان پايتەختى ھېسابلانغان ئولانباتۇرغا يېقىن قاراقۇرۇم دېگەن جايدا قۇرۇلغان ئىكەن. كېيىن بۇ ئەۋلادتىن قايسى بىرسى ئۇ يەردىن كۆچۈپ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئالمىلىققا (ھازىرقى قورغاس) كەلگەن ئىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، تۆمۈر سۇلتان دەۋرىگىچە پۈتۈن تۇران — تۈركىستان مەملىكەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، موڭغۇل خانلىرى بۇيرۇق يارلىقلىرىنى ئات - ئۇلاغلىق چاپارمەنلىرى ئارقىلىق شۇ يەردىن ئەۋەتىپ تۇراتتى.

ئۆتكەن خانلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئايماقلىرى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئائىلىسى بىلەن پۈتۈن دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ قاچماي قالغانلىرى شۇ يەردە ئىدى. خەزىنە، دەپىنە، تۈرلۈك ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر، ئۆز ۋاقتىدا مەركىزى خىتايدىن كەلتۈرۈلگەن ئاق تاش، كۆك تاش قاتارلىق خىتاي ـ موڭغۇل خاقانلىرىدىن قالغان تەخت تاشلىرى، بۇلاردىن باشقا، جاھانگىر چىڭگىز دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر پۈتۈن مەملىكەتلەردىن تالاپ ـ تارتىپ كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى شۇ ئالمىلىقتىكى خان سارايىنىڭ خەزىنىسىگە توپلانغان ئىدى.

تۆمۈر سۇلتان دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىپ، غالىبىيەت بايرىقىنى كۆككە كۆتۈرگەن ھالدا شان ـ شەرەپ بىلەن ئالمىلىق خان ئوردىسىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ يەرگە كېلىپ، بىرىنچىدىن، موڭغۇللار ئىچىدە ئۆز ئورنىنى چىڭىتىش، ئىككىنچىدىن، «خانلار چىڭگىز ئەۋلادىدىن بولىدۇ» دېگەن پەتىۋانى پۈتۈن تۈرك ئۇلۇسلىرى ئالدىدا بۇزۇلماس قانۇنىي ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئەمەلدە كۆرستىش ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى شانلىق توي ـ تاماشالار ئۆتكۈزۈپ ئۆز نىكاھىغا ئالدى.

ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بىرى موڭغۇللار بىلەن بولغان دۈشمەنلىكلىرى تۈگەپ، دوستلۇققا ئايلىنىپ، خان قىزىنى ئالغىنى ئۈچۈن تۆمۈر سۇلتاننى «كوراگان» (موڭغۇلچە كۈيئوغۇل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتاشتى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئالمىلىق خەزىنىسىگە يىغىلىپ قالغان ھەممە لاققا ـ لۇقىنى ئېلىپ، خانىمى تۈركان ئاغىچىنى زىبۇ ـ زىننەتكە يۆگەپ، پايتەخت سەمەر قەنتكە ئېلىپ قايتماقچى بولىدۇ. پۈتۈن دۇنياغا ئاتىقى چىققان جاھانگىر چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى، ئۇلۇغ خاقان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىزى

بولغىنى ئۈچۈن موڭغۇللارنىڭ رەسىم - ئادەتلىرى بويىچە بۈيۈك ھەشەمەت كۆرسەتمەكچى بولدى. شۇنداقكى، خانىمنىڭ تاغىقى ۋە سۆكىسىنى ئالتۇن ئۆكەكلەرگە سېلىپ، ھۆرمەت ئاتىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوردا ساندۇقلىرىدىن ھەر بىرىنى ئىككى يۈز قالماق جۈپلىشىپ كۆتۈرگەن ھالدا سەمەرقەنتكە كەلتۈرگەن ئىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ تاغاق كۆتۈرگەنلەر «تاراقچى»، سىرغا كۆتۈرگەنلەر «ئىسسىرغالى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان ئىكەن. مۇشۇ كۈنلەردىمۇ سەمەر قەنت شەھىرى ئەتراپىدا «تاراقچى»، «ئىسسىسرغالى» نامدا ئىككى ئۇرۇق ئۆزبېكلەر ياشاپ كەلمەكتە.

يەنە چىڭگىزخان زامانىسىدا ئۇستىگە تەخت ئورنىتىلغان، خەلق ئاغزىدىكى تارىخي ئاق تاش، كۆك تاشلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىگە لايىقلاپ ياساتقان ھارۋىلارغا سېلىپ، سەمەرقەنتكە كەلتۈرگەن ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئاق تاش سەمەرقەنت تۆمۈر ئوردىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆك تاش سەمەرقەنتنى رۇسلار بېسىپ ئالغاندا، ئۇنى تۆمۈر سۇلتاننىڭ تەختى ئورنىدا كۆرۈپ، پېتىربۇرگ مۇزېيىغا ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئاسارە - ئەتىقىلەر ئۆزبېكىستاننىڭ مۇزېيىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار ئېلىپ كەتكەنچە ئۇچرى يوق.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، غۇلجىغا كەلگەن كۈنى بىزنىڭ بىر يۇرتلۇق قەدىردان ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندۇق، ئۇ باشقا ئۆيگە كۆچۈپ كېتىشىمىزگە زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە شۇ ئۆيدە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالدۇق. ئۇ كۈنلەردە، سوۋېت رۇسىيە تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ھەر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي تورزاقلار قۇرۇلۇپ، ھەر قەدەمدە سىياسىي تۇسنى ئالغان قاپقانلار قۇرۇلغان ئىكەن. دەھرىيلەر دۆلىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، مەن غۇلجىغا كەلگەن 1931 - يىلىغا قەدەر، خەلق مەيلى سىياسىي تەرەپتىن بولسۇن ياكى

ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، چەكسىز ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن پەيت ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سوۋېت كوممۇنىستلىرى ھېچ نەرسىگە قارىماي خەلق كۆزىنى بوياپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەممە نەرسىنى غۇلجىغا چىقارغان ئىكەن. بۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا خىتاي، قالماق، قازاق، شىبە، سولۇن، ئاز بولسىمۇ، بۇ تەرەپتىن كەلگەن ئۆزبېك، ئورۇس، نوغاي قاچاقلىرى بار ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدە نوغايلارنىڭ كۆپچىلىكى دىنىي تەرەپتىن بار ـ يوقنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ، زامانىۋى چۈشەنچىگە ئىگە كىشىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. قالغانلىرى چەكلىك مەلۇماتقا ئىگە ئۈچ ـ تۆت كىشىدىن باشقىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قارا پاتقاققا پاتقان كىشىلەر ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ تەرەپتىن كەلگەن كۆڭلى قارا ئۆزبېك سودىگەرلەر ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۇل تېپىشنىڭ كويىدا، نەدە ئازراق پايدا بولسا، شۇ يەرگە قاتراپ پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇنداقكى، ئىسلام شەرىئىتىدە، مۇسۇلمانلارغا ھاراق ئىچىش قانداق ھارام بولغان بولسا، ئۇنى سېتىپ، تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارغا تېخىمۇ ھارام ھېسابلىناتتى. غۇلجىغا كەلگىنىمدە ئاڭلىغان نەرسەمنىڭ بىرىنچىسى، غۇلجىغا سوۋېتتىن كەلگەن ماللارنىڭ ئىچىدە پايدىسى ئەڭ كۆپ چىقىدىغان نەرسىنىڭ ھاراق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھارامخور سودىگەرلەر بۇنى ئاڭلاپ، كۆپ پايدىنى دەپ، ھە دېسە سوۋېتتىن ھاراق توشۇپ كېلىپ سېتىپ، تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ھارامغا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئاخىرى، قۇرئاننىڭ: «ھارامدىن تاپقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەيتى كەلگەندە ھارامخورلار ئاغزىغا چۈشىدۇ» دېگەن ھۆكۈمى بويىچە ھەممىسى ھارامخورلارنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ تۈگىدى. قۇرئاندا: «بىر مىللەت ئۆزىگە يۈكلەنگەن ئاللاھ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئاللاھ ئۇلاردىن ئالمايدۇ» دېيىلگەندۇر. قىسقىسى، قىلما

دېگەننى قىلىپ، قىل دېگەننى قىلمىغانلار ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى بۇزۇپ ئۆزگەرتكۈچىلەردۇر.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئىلى ئۆلكىسىنىڭ چىڭگىزخاندىن ئىلگىرىكى گورخان دەۋرىدە كۆپ ئاۋات بولغانلىقىنى تارىخىي كىتابلاردىن ۋە بۇزۇلغان خارابىلارنىڭ ئابىدىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غۇلجا شەھىرى ئەتراپلىرىدا بىر نەچچە خارابىلەر بار بولۇپ، كونا زاماندىن قالغان ئالتۇن ئەسۋابلار، تەڭگە ـ تىللالار كۆپ تېپىلغانلىقتىن، يەرلىك خەلق ئۇ يەرنى «ئالتۇنلۇقۇم» دەپ ئاتىشىدۇ. ياز كۈنلىرى ھەر تەرەپتىن، بولۇپمۇ ئىچكىرى خىتايدىن كېلىدىغانلار بۇ يەرنى قېزىپ، نۇرغۇن نەرسلەرنى تېپىۋالىدۇ. ئارىدىن سەكسەن نەچچە يىل ئۆتۈپ، گورخان دۆلىتى يىقىلىپ، بۇ يەرلەر خاراب بولغان بولسىمۇ، تۆمۈرلەر دەۋرىگە كەلگۈچىلىك ئۇزۇن يىللار مەركەز — پايتەخت بولغان ئىدى. بىراق بۇ تەخت ئىگىلىرى چىڭگىز ئەۋلادى بىرىنچى خاقان چاغاتاي باھادىر باشلىق ئەڭ ئاخىرقى تۇغلۇق تۆمۈرگە كەلگۈچىلىك، شۇ ئائىلىدىن ئۆتكەن خاقانلار باشقىلارغا ئوخشاش ئاق ساراي، كۆك ساراي ياسىتىپ ئۇنىڭدا تەخت قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئىلگىرىكى كۆچمەن تۈركلەر ئادىتى بويىچە كىگىزدىن ياسالغان ئاق چېدىرلاردا ئوردا قۇرۇپ ئۆتكەن ئىدى. ياز كۈنلىرى كۈننىڭ ئىسسىق چاغلىرىدا، خان ھەشەمەتلىك ئاق ئوردىلىرىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ كەڭ يايلاقلىرىغىچە كۆچۈرگەن بولسا، قىش كۈنلىرى پايتەخت ئالمىلىقتىكى ئاددىي ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قورغاندىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەبرىسى ئۈستىگە ياسالغان پەشتاقتىن باشقا قەدىمىي ئەسەرلەردىن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىر نەرسە تېپىلمايدۇ. غۇلجىدىن يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىكى (شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىكى) قومۇشلۇق توقاي ئىچىدە، ئايلانمىسى ئون بەش ـ يىگىرمە گېكتار كەلگۈدەك 5 ـ 6 سۇنئىي كۆلنىڭ ئورنى

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۆللەرنى شۇ دەۋردە ئۆتكەن تۈرك ـ موڭغۇل خانلىرى قازدۇرغان ئىكەن. غاز، ئۆردەككە ئوخشاش تۇرلۇك ئۇچار قۇشلار بۇ كۆلگە چۈشكەندە خان جەمەتىدىكىلەر شۇڭقار ئوۋى قىلىشىدىكەن.

غۇلجىدا مەرھۇم سىدىق ھاجى ئاغىنىمىز بىزنى مېھمانغا چاقىرىپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلغاندا، قاينۇق تەرەپتىكى بۇرۇندىن قالغان ئالتۇنلۇق خارابىلىرىنى، قېزىلغان كۆللەرنى كۆرۈپ، بەزى تارىخي مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان ئىدىم. قۇرئاننىڭ: «يەر ئايلىنىپ ساياھەت قىلىڭلار، ئۇچرىغان نەرسىلەرگە ئىبرەت كۆزۈڭلار بىلەن قاراپ پايدىلىنىڭلار» دېگەن ھۆكۈمى بويىچە، ھەممەتلىك ئىلىم ئىگىلىرى، مىللەت سۆيەر ۋەتەن ئوغلانلىرى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئىچكى ـ تاشقى دۆلەتلەرنى، بولۇپمۇ، تاشقى مەملىكەتلەرنى ساياھەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھەر ياقلىما ئىبرەت ئېلىشى لازىمدۇر. باشقىلارنى كۆرۈپ ئويغىنىش، ئۇلاردىن ئۇلگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنسانىيەت ئالىمىگە ماس كېلىدىغان ئىشلاردۇر. ئەپسۇس، سوۋېت تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئىنسان بۇنداق بەھرلىك ئىشلاردىن بەكمۇ خالىيدۇر.

بۇ ئۆلكىنىڭ چوڭ دەرياسى ھېسابلانغان ئىلى دەرياسى سۇنىڭ تاشقىن پەيتلىرىدە سىر دەرياسىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كېمىسىز ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ سۇنىڭ باش ئۇچى ئارالغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر ئۇچى تېكەس تاغلىرىدىن (غۇلجىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە)، ئىككىنچى ئۇچى كۈنەسىنىڭ شەرقىدىن، ئۈچىنچى ئۇچى قاشنىڭ شەرقي شىمالىدىن باشلىناتتى. شۇ ئۈچ ئارال تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن ئۈچ تارماق سۇ قوشۇلۇپ، ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەريا ئەڭ ئاخىرىسىدا بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. جاھانگىر چىڭگىز دەۋرىدىن باشلانغان دۆلەت ئىگىلىرى، ئىلى ئۆلكىسىنىڭ ئالملىق شەھرىنى پايتەخت قىلغان

دەۋرىدىن باشلاپ، ئۇ يەرگە كەلگەن ئىسلام ئۆلىمالىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، چاغاتاي باھادىر ئۆزى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن باشقىلارغا توسقۇنلۇق قىلماي، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئۆلىمالارغا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالمىلىق ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان ئالىملارنىڭ ئۈچرىشىش پايتەختى بولغان. غۇلجىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا خۇناخاي مازار دېگەن قىشلاق بولۇپ، مەشھۇر ئىمام سەككاكى قەبرىسى شۇ يەردە دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ كىشىنىڭ ۋاپاتى ھىجرىيىنىڭ 626 ـ يىلى بولغانلىقتىن، دەل چاغاتاي زامانىسىغا توغرا كېلەتتى. يەنە بالاساغۇنلۇق «سۇراھ لۇغەت» كىتابىنى يازغان جامال قارشى، «ساياھەتنامە» ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ ئالمىلىق خان سارىيىدا ئىلمىي خىزمەت قىلغانلىقىنى يازغان. ئىلىنىڭ تۇپرىقى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، بۇغداي تېرىلغۇسىغا بەك ماس كېلەتتى، ئۇ يەردە بۇغدايدىن كۆپ ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم.

ئالمىلىقنىڭ ئەتراپى ھىمالايا تاغلىرى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئاخىرقى قىسمى تەڭرىتاغلىرى، خانتەڭرى ئۇلۇغ تاغلىرى بىلەن ئورالغانلىقتىن دۇنيا بويىچە كەڭلىكى تەرەپتىن بىرىنچى ئاتالغان يۇلدۇز، قۇندۇز، كۇنەسلەر ئۇنىڭ ئۇزاقتا كەتكەن يايلاقلىرى ھېسابلىنىدۇ. تېكەس، توققۇزتارا، موقۇر، جىرغالاڭ، كۆك يايلاق، تۆرە يايلاق قاتارلىق (كۆرسە ئادەمنىڭ زوقى كېلىدىغان) يايلاقلار، ئالمىلىق ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان مۇنبەت تاغ يايلاقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

تارىختا «تۈرك بۆشۈكى» دەپ ئاتالغان بالاساغۇن، ئىسسىق كۆل تاغلىرىدا سۇڭ كۆل، مانا كەلدى، ماخمال، سۇسامىر دېگەن يايلاقلىرىنى ئالمىلىق يايلاقلىرىغا قارىغاندا تار كۆرگەن ۋە باشقا سىياسىي ئىشلارنى نەزەرگە ئالغان چىڭگىز ئەۋلادى ھۆكۈمەت پايتەختىنى جۇڭغارىيە مەركىزى ھېسابلانغان

ئالملىقا قۇرغان ئىدى. بۇ ئۆلكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، شەرقتىن گوبى چۆلى، غەربتىن ئالتۇن ئىمەل تاغلىرى، جەنۇبتىن تەڭرىتاغ مۇز داۋنى، شىمالدىن ئالتاي تاغلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، خىتاي گورخاندىن باشقا، تۈرك ئۇلۇسىنىڭ بىرىنچى خاقانى ئوغۇزخان دەۋرىدىن باشلاپ، ئون سەككىزىنچى ئەسىرگە كەلگۈچىلىك تۈركىستان خاقانلىرى شەرقتىن خىتاي، غەربتىن تۇران ـ ئىران، باغدادقىچە، شىمال جەنۇبتىن قازان، بۇلغار، ئافغانىستان، ھىندىستان مەملىكەتلىرىگە ھۆكۈمران بولغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئۆتۈپ، ياۋروپادا ئىلىم ـ مەدەنىيەت كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، قۇرئان ھۆكۈمى بويىچە ئۆلاردىن ئۈلگە ئېلىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم ئىدى. ئۇنداق قىلماي ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ھەر تەرەپتىن ئىلىم ـ مەرىپەتتە ئارقىدا قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتلىرىمىز، جەننەت مىسالى ئانا ۋەتىنىمىزگە، دىنى باشقا، تىلى باشقا، باسقۇنچى ئورۇسلار كېلىپ ئىگە بولىۋالدى. ۋەتىنىمىز، ھاكىمىيىتىمىز، تەقدىرىمىز كوممۇنىستلار قولىغا ئۆتكەن كۈندىن باشلاپ، بىز ھەممىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، ھەتتا ئۆزىمىزدىنمۇ خەۋەر ئالالمايدىغان ھالغا چۈشتۇق. بۇنىڭ بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولى، زامانىۋى ئىلىم ـ پەنلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ، تولۇق قوراللانغان ھالدا، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنى بالادىن قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىرىنچى يولى قۇرئان كۆرسەتكەن يول، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقتۇر. ئىككىنچىسى بولسا، دۈشمەنگە قارشى تۇرغاندا ئۆلۈمدىن قورقماسلىق. ھېچ بىر ئىنسان دۇنيادا ئەبەدىي ياشمايدۇ.

# قۇمۇل ئىنقىلابى

مەن غۇلجىغا كەلگەندە، قۇمۇل ۋەقەسى يېڭىدىن باشلىنىپ خەلق ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك پاراڭلار بولۇۋاتقان ئىكەن.

قۇمۇل ئۈرۈمچىدىن تەخمىنەن بەش ـ ئون كۈنلۈك شەرق تەرەپتىكى بىر قەدىمىي، مەشھۇر تارىخىي شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئون ئىككى تاغدا ئون ئىككى كەنت بولۇپ، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان يېرىم كۆچمەن خەلق قۇمۇل ھاكىمى ۋاڭ غوجامنىڭ مالچىلىرى ئىدى. بىلىشىمىزچە، يەرلىك خەلق ۋاڭ غوجامنىڭ يۈزمىڭدىن ئارتۇق مېلىنى باقىدىكەن. پۈتۈن تاغلىقلار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ۋاڭ غوجامنىڭ ماللىرىنى بېقىپ، باقمىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن.

ۋاڭ دېمەك خىتاي تىلىدا «بەگ» دېگەن سۆز بولۇپ، بەزى كىشىلەرگە خان تەرەپتىن بۇ يالغان نام بېرىلىپ، ئېتى ئۇلۇغ سۈپىرىسى قۇرۇق مەنسەپكە ئايلانغان. غۇلجىدا ۋاڭلاردىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، بۇلار خېلى ئاتىقى چىققان ۋاڭلاردىن ئىدى. لېكىن باشقا شەھەرلەردە بۇنداق يالغان ۋاڭلار كۆپ ئىدى. كارل ماركس: «كوممۇنىزم مەسلىكى — مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى» دېگەن ئىدى. بۇ ئاداشقان ھەسەتخورنىڭ سۆزىگە كورلارچە ئىشەنگەن كوممۇنىستلار، بولۇپمۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى بولغان سوۋېت رۇسىيە ئىتتىپاقى بۇ مەسىلەكنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە، بەلكى پۈتۈن خىتاي مەملىكىتىگە قايىسى يوسۇندا بولمىسۇن، سىڭدۈرمەكچى ئىدى. ئۆز شەھەرلىرىدە: «پۈتۈن دۇنيادا ئېزىلگەن خەلقلەرگە ياردەم بېرىمىز» دەپ جار سالغان بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقىغا ھېچ رازىلىقى

يوق ئىدى. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان ئۆز مىللىي ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشسە، غەربىي تۈركىستانغا تەسىر قىلىشىدىن قورقاتتى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ بايلىقىنى ۋە ھېچ نەرسىسىنى ئويلىمىغان تىلىلىق ھايۋان كەبى قارا مالچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خىتايىنىڭ تەسىرىگە خېلى ئۇچرىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىتا ئۆلكە مەركىزى ھېسابلانغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سوۋېت رۇسىيە ئەلچىخانىسىدا قۇمۇلدىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىۋاتقانلىقى ھەققىدە بەزى ئىشلار سىزىلگەندىن كېيىن، تېگىشلىك پىلانلار تۈزۈلۈپ، ئىنسان ئىبلىسلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ئاستىرتتىن ئادەملەر ئەۋەتىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مالچىلىرى تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا خوجا نىياز ھاجىنى باشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن 1931 ـ يىلى خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرتكەن ئىدى. مەن 1931 ـ يىلى غۇلجىغا ئۆتكەندە، خەلق ئاغزىدا بۇ ۋەقە توغرۇلۇق ھەرخىل خۇراپىي سۆزلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇ ئىشنىڭ كىم تەرىپىدىن بولىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قانداق ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشى بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، باشقا ھېچ بىر كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيۋاتقانلىقى مېنى قاتتىق ھەسرەتتە قالدۇراتتى. ئۇزاق ئەمەس، تېخى تۇنۇگۇن ئۆلۈم ئاغزىدىن قېچىپ چىقىپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن سوۋېتتىن قۇتۇلۇپ كەلگەن، نەچچە مىڭ نادان سودىگەرلەر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرمۇ خىتايلارنىڭ قۇرغان ھەرخىل تۇزاق ـ قاپقانلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا دەسسەپ، ئاچ قالغان بۆرىلەردەك يەنە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ قارا باسقانلار مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن ھېچ قانداق قايغۇرمايتتى. دۇنيا دوزىخىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ھايال ئۆتمەي ئۇنتۇغان ئىدى. بەلكى ھېرىس بىلەن دۇنيا توپلاش غەرىزىدە پىتىراپ يۈرەتتى. سوۋېت مەككارلىرى بۇلارنى كۆرۈپ: «پاتراق بايلىق توپلىسا، يەنە بىر قېتىم شىلىۋالسام» دەپ خام

چوت سوقۇپ يۈرەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: « ئاخىرقى زاماندا ئەڭ پەسكەش يامان ئادەملەر كىم؟» دېگەن سوئالىغا: «بىرىنچى، دىن ساتقان جاھىل ئالىملار. ئىككىنچى، ئاچ كۆز، پىخسىق، ھارامخور باي ۋە سودىگەرلەر» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى كىتابلاردا ئوقۇغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئېنىقلىقىنى كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. دۇنيادا كىم ياخشىلىق كۆرسە، ئۆزىنىڭ ياخشى مېھنىتى سەۋەبىدىن ئاللاھتىن بولىدۇ. ئەگەر يامانلىق كۆرسە، ئەلۋەتتە ئۆزىدىن بىلسۇن، ئۆزىدىن ئىزلىسۇن. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسلىرىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەت يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. شۇ يولدا تۇرغانلارغا ئاللاھ قۇرئاندا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ھەقىقىي ئىسلامىيەت ئىلىم ـ مەدەنىيەت تەرەپتارىدۇر. جاھالەت بولسا، ئىسلامىيەتتە ئەڭ ئېغىر، قەبىھ گۇناھتۇر. ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ خارابلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقىدا ھېچ بىر شۈبھە يوقتۇر.

ئۈشبۇ يىگىرمىنچى ئەسىردە بولۇۋاتقان ۋە پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىغان ھەقىقىي دىنسىزلىق بالاسى ئىنسانىيەت ھەققىگە خارابلىق كەلتۈرۈۋاتقانلىقى، دىنسىزلىق تۈپەيلى پۈتۈن ئىنساني ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغانلىقى كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، بۇ كەبى دەھشەتلىك دىنسىز دۆلەتلەرنىڭ قول ئاستىدا ياشاۋاتقان ئىككى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دىنىي، مىللىي، بەلكى پۈتۈن ئىنساني ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، يۈتۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق بولۇپ، «ئۇيغۇرىستان» تۈپرىقىدا بىرىنچى باشلانغان بۇزغۇنلۇق ئوتى ئەتراپقا ئۈچقۇن تاشلاپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەۋج ئالغىلى تۇرغان ئىدى. «ئىسلام ئىلىم بىلەن، ئىلىم ئىسلام بىلەن ياشىسا، شۇ چاغدىلا ئالەم ئۇگشىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىتى شۇ كۈنلەردە بىزگە گەۋدىلىنىپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. چۈنكى بىز ئىككى تۈركىستان

مۇسۇلمانلىرى ئىلمسىزلىك شۇملۇقىدىن نەچچە يۈز يىلدىن بېرى باسقۇنچىلار تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان مۆلچەردىن تاشقىرى ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدا كۆيمەكتە ئىدۇق. بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاڭسىزلىق، ئىلمسىزلىقتا ھەممىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىمىز مەككارلىرىنىڭ كۆز بوياپ ئالداشلىرى بۇ يەردە باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك يامان ئىدى. ئەسلىدە ئۆرۈمچى سوۋېت ئەلچىخانىسىدىن ئىلھام ئالغان قۇمۇل قوزغىلىڭىغا يەرلىك مۇسۇلمانلار ئىچىدە تېزرەك تارقىلىشى ئۈچۈن بۇ مەككارلار تەرىپىدىن دىنىي تۈس بېرىلگەن ئىدى. ئىسلام يولىدا جېنىنى قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرغان بۇ بىچارە مۇسۇلمانلار باشقا نەرسىنى چۈشەنمىسىمۇ، بۇ قوزغىلاڭچىلارنى ئىسلام ئۈچۈن چىققان غازىلارغا ئوخشىتىپ، ھەر يەردىن باش كۆتۈرۈپ بۇلارغا قوشۇلغىلى تۇرغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈركىستانىنى بىسىپ ياتقان مۇستەبىت جاڭجۇن، پۈتۈن ئىدارە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەسكىرىي ئىشلاردا خان زامانىدىن قالغان كونا ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۆزىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭچىلارنى قانداق باستۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن سوراپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرغىدەك قورالى بولمىغانلىقتىن، قوشنىدارلىقنى ئارىغا سېلىپ سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن قورال سوراپ ئالغان ئىدى. جاڭجۇن بۇ قوراللارنى ئالتە ھارۋىغا يۈكلەپ قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئالدىنقى سەپتىكى ختاي ئەسكەرلىرىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ خەۋىرى ئاللىبۇرۇن ئۇ ياققا بېرىپ، كېرەكلىك چارىسىمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. قوزغىلاڭچىلار مەرگەنلىرىدىن تاغ بېشىغا ئالدىن يوشۇرۇنغان قىسىم، قورال بېسىلغان ھارۋا تاغنىڭ تار يېرىگە كەلگەندە ئىككى تەرەپتىن ئوققا تۇتۇپ ختاي ئەسكەرلىرىنى قالدۇرماي قىرىپ، پۈتۈن قوراللارنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. ھېچ كۈتۈلمىگەن يەردىن بۇنداق قورالنىڭ قولغا كىرگەنلىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ

كۆچپيشگە سەۋەب بولغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇن سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلگەن چاررۇسىيە گېنېرالىدىن دوتۇپ، ئاننىكوپ قاتارلىق ئاق ئورۇسلاردىن ئەسكەر تەشكىللەپ، شۇلار ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرماقچى بولىدى. خىتايلارنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى ئۆزى ئۈچۈن پايدا بەرمىدى. چۈنكى سوۋېت رۇسىيە كونسۇلخانىسى بۇ ئىشنىڭ بولۇشىنى بالدۇر بىلىپ، كېرەكلىك چارىلىرىنى كۆرگەن ئىدى. بۇ ئورۇس ئەسكەرلىرى ئەتراپتىكى تىنچ ياتقان مۇسۇلمانلارغا ھېچ يوق باھانىلەر بىلەن كۆپ زىيانلار يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر قەبىھ ھەرىكەتلەردە بولۇشىنى ئالدىن بىلىدىغان كونسۇلخانا ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ ھەقتە قوللانغان سىياسەتلىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەن يەرلىك مۇسۇلمانلار بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى يوق، ھەر تەرەپتىن خىتايغا قارشى باش كۆتۈرگىلى تۇرغان ئىدى. بولۇپمۇ، ئۈرۈمچىدىن ئۈچ - تۆت كۈنلۈك يىراقلىقتىكى شەرقىي جەنۇبتىكى تۇرپان، قاراخوجا، ئەسھابى كەھف مۇسۇلمانلىرى قىزغىنلىق بىلەن خىتايغا قارشى قوزغالماقتا ئىدى.

جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدارى تەشكىلى تۈزۈمى، خان دەۋرىدىن قالغان ئەسكى چىرىك ئاساسغا قۇرۇلغان، قالدۇق خىتاي ھۆكۈمەت ئەربابلىرى تەرەپتىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ زامانىۋى تەلەپلەردىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە سەزدۈرمەيتتى. ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان خىتاي جاڭجۈن ھۆكۈمىتى، سوۋېت كونسۇلىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ياپونىيىدىن مانجۇرىيە ئارقىلىق قېچىپ كەلگەن، شىڭ دوبەنگە يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ ئەسكەرنى بېرىپ، ئۇنى جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكىرىي قوماندانى قىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىككى ئىدى.

بىرسى: بۇ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت تىكلىشىگە يول قويماسلىق.

ئىككىنچىسى: يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرغاندىن كېيىن جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنىمۇ يوق قىلىش.

شەرقىي تۈركىستان ھەقىقەتتە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، غەربىي تۈركىستاندىكى مەزلۇم خەلقلەرگە چاررۇسىيە قانداق سىياسەت تۇتقان بولسا، سوۋېت رۇسىيىسىمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە شۇنداق سىياسەت تۇتماقچى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز ھەققانى ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنى باستۇرۇشتا باشتىن ـ ئاخىر خىتاي ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىپ كەلدى.

شىڭ دوبەننىڭ جاڭجۈن ھۆكۈمىتىگە باش قوماندان بولۇپ كېلىشى، موسكۋانىڭ پىلانى بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كۈندىن باشلاپ جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش ئورنى كولىنىلىپ، ئۆلۈم ھازىرلىقى پۈتكەن ئىدى. شىڭ دوبەن ئورۇمچىگە كېلىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى قولغا ئالدى. 1932 ـ يىلى، سوۋېت ھۆكۈمىتى يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئەسكىرىنى شىڭ دوبەننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. بۇ مەككار خىتاي ئورۇمچى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن مەدەت تىلەپ، بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئاساسى تاپشۇرۇقى بويىچە، جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنى تۈپ يىلتىزى بىلەن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي رەھبەرلىكىدىكى يوشۇرۇن قىزىل (كوممۇنىست ـ ت) «ئۇيغۇرىستان» قۇرماقچى ئىدى. شۇ ئاساستا ئىككى تەرەپتىن ئىش ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت مەركىزى ئىدارىسى ئەتراپىدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي سىياسەت يۈرگۈزگەن بولسا، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ كازاك ـ ئورۇسلار ئاربلاش خىتايغا تەۋە كۈچلۈك قاچاق قوشۇن

تەشكىللەپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئەۋەتتى. لېكىن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ تۈپ نېگىزىنى خەلق چۈشەنمەيتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى، بولۇپمۇ ئاقلاردىن تەركىب تاپقان ئورۇس ئەسكەرلىرى بىگۇناھ خەلقنى قىرىپ، ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە جەبرى - زۇلۇم سالماقتا ئىدى. تەشكىلىي رەۋىشتە ئۇچۇق بىر مەقسەت قويۇلمىغاچقا، بۇ قوزغىلاڭدا بىر كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

## گا سىلىڭنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىشى

تۇرپاندىن ئەلەم ئاخۇن، مامۇت ئاخۇن، ھېلىم ھاجى باشلىق بىر نەچچە ئابرۇيلۇق ئادەملەر مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەلچى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى، خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەئىسلىرىدىن سۈجۈنىڭ سالار ۋالىسى مابۇفاڭ جانابلىرىدىن ياردەم سوراپ باردى. ئۇلار: «بىز ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان، كاپىرلارنىڭ قىلغان زوراۋانلىقىغا چىدىيالماي سىلەردىن ياردەم سوراپ كەلدۇق. قۇرئان ھۆكۈمىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلار دىنىي قېرىنداش، بىر جان، بىر تەن بولغانلىقتىن ھەر توغرىدا، بولۇپمۇ، كاپىرلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر - بىرىگە ياردەم يەتكۈزۈشى شەرىئەتتە پەرز قىلىنغان. ئەگەر بىزگە ياردەم بېرىپ شۇ باسقۇنچىلاردىن قۇتۇلساق، ئەلۋەتتە كەلگۈسىدە سىلەرگە بەيئەت قىلىمىز» دەپ ۋەدە قىلدى. بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆز ئارا كېڭەش ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز ئىنىسى (ياكى ئاكىسىنىڭ ئوغلى)، يىگىرمە بەش ياكى ئوتتۇز ياشتىن ئاشمىغان يىگىت گاسىلىڭنى ئەسكىرىي قوماندان قىلىپ تۆت - بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىشكە توختام قىلدى. بۇ قەھرىمان قوماندان ياپونىيىدە ئاز بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن، ھەربىي تۈزۈمدىن خەۋىرى بار «سىلىڭ» بولغاچقا، پۈتۈن ئەسكەرلەرنى

ياپونىيە تۇزۇمدە تەييارلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەسكىرىي قوشۇن خىتاي مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە دىندارلىق ۋە قەھرىمانلىقتا ئاتىقى چىققان سۇجۇ سالار ـ تۇڭگانلىرىنىڭ پىدائىي يىگىتلىرىدىن قۇرۇلغان ئىدى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سەپىرىنى «دىنىي جىھاد» دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، بۇ قەھرىمان ئەسكەرلەرگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن «خۇدا يولىدىكى پىدائىيلار» نامى بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭغا بەلگە بولسۇن دەپ ھەر بىر ئەسكەرنىڭ كۆكرىكىگە ئۆچمەس سىيا بىلەن«فى سەبىلىللاھ» (ئاللاھ يولىدا) دېگەن خەت يېزىلغان ئىدى. بۇ قەھرىمانلار روھانىي، دىنىي تەرەپتىن قانداق تەربىيە ئالغان بولسا، جىسمانىي تەرەپتىنمۇ شۇنداق تەربىيە ئالغان جەڭچىلەر ئىدى. ئۇ ۋاقىت، دەل جاڭ كەيشىنىڭ ئەسكەرلىرى مانجۇرىيە زېمىنىدا ياپون ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چېكىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئۆز ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن ياپونلارغا قارشى ئەڭ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ شانلىق غەلىبە قازانغان ئىدى. مانا شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تۇرغان بۇ قەھرىمانغا، مابۇفاڭ جانابلىرى پەرمان بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم كۆرگەن مۇسۇلمان دىنىي قېرىنداشلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن ئىدى.

ئەلچىلەر باشلىقى ئەلەم ئاخۇن، ھېلىم ھاجىملار سەككىز كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، شىڭشىڭشىيادىن ئۆتۈشىدە، ئۇلارنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان شىڭ دۇبەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قارار گاھىغا دۇچ كەلدى. ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەسكرى ھېسابلىغان بۇ پىدائىي قەھرىمانلار ئالدىدا شىڭ دوبەننىڭ ئەسكەرلىرى ھېچقانداق قارشىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي، چېكىنىشكە باشلىدى، شۇ قاچقىنىچە يولدا توختىماي قېچىپ بىرەر جايدىمۇ قارشىلىق كۆرستەلمەي گۇچۇڭغا بېرىپ توختىدى. توختام بويىچە گاسىلىڭ يول بويى غەلىبە قىلىپ ئۇچرىغان خىتاي ئەسكىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن

توختام قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كىرگەن ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئىككىيلەن كۆرۈشۈپ، ئەسلى مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇرۇشقاندىن كېيىن، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق تۈزۈشۈپ، ئۆز ئارا ۋەدە بېرىپ، ۋەدىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشكەن ئىكەن. گاسىلىڭنىڭ بۇنداق ئىتتىزاملىق زامانىۋى ئەسكىرىنىڭ توساتتىن چىقىپ قېلىشى، كىرىملىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغان ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ ئىككى قوماندانىنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام يولىدا ئېلىپ بارغان چوڭ بىرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىرىملىنى بەكمۇ قورقۇتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەككار ھەممە ئىشنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى چارە ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى، مۇسۇلمانلارنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قارا نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئىدى. يەنى ئىسلام روھىدا بىرلىككە كەلگەن بۇ ئىككى قوشۇن، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى ئىككى قوماندانىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن قۇمۇلدىن چىقىپ، ئۈرۈمچىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك يىراقلىقتىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىل بىلەن مۇداپىئەلەنگەن گۇچۇڭ شەھىرىنى قامال قىلدى. يۈكسەك ئىسلام روھى بىلەن تەربىيە كۆرگەن، شېھىدلىك ئىشقىدا ئۆلۈمنى ئويلىمىغان بۇ جان پىدا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى، ئۇرۇشتا چېنىققان گاسىلىڭنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى قەلئە بۇزىدىغان توپ قوراللىرى بولمىسىمۇ، سېپىل ئۈستىگە يەتكۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر نەچچە يۈز شوتا ھازىرلاپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» ساداسىنى تۇۋلاپ، دۈشمەن قەلئەسىگە يېپپىشقىلى تۇردى. قەلئە ئۈستىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىلغان توپ، زەمبىرەك ئوقلىرىغا قارىماي، تۆت ـ بەش سائەت ئىچىدىلا گۇچۇڭ شەھىرىنى قولغا ئالدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ غەلىبە ساداسى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە روھىي مەدەت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ

ئىككى قوماندان — گاسىلىك بىلەن خوجا نىياز ھاجىنىڭ قەھرىمانلىقى ئەل ئاغزىدا داستانغا ئايلىنىپ جاھاننى بىر ئالدى. بۇ خەۋەر خىتاي دائىرىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن گاسىلىك ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شو سىلىڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان پىدائىي ئەسكەرلىرى ئىدى. خىتاي جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنىڭ گۇچۇڭدا بۇرۇندىن ساقلاپ كېلىۋاتقان ۋە يېقىندا رۇسىيىدىن ئەكەلدۈرگەن كونا ـ يېڭى يىگىرمە بەش مىڭدەك قورالىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە بولۇپ، بۇ قوراللارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىدى. زامانىۋى ئۇرۇشتا ھۇجۇمچى ئەسكەرلەردىن كۆپرەك چىقىم بولۇشى تەبىئىيدۇر. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سېپىل ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆتكەن ئەسكەرلەر ئىچىدە شو سىلىڭنىڭ تۇڭگان پىدائىي ئەسكەرلىرى ۋە قوماندانلىرىدىن كۆپرەك چىقىم بولغان ئىدى. ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن، جاھالەت پاتقىقىغا پۈتۈنلەي پاتقان قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى باشلىقى خوجا نىياز، مەھمۇد سىجاڭلار: «دۈشمەننىڭ (جاڭجۈننىڭ) بايرىقى ئاستىدا كىملەر بار، ئۇنىڭ ئارقىسىدا كىملەر ماراپ ياتىدۇ؟» دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. مەككارلار تەرىپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىتنىچى، ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ: «گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ئېلىنغان ئولجىلارنى تەڭ تەقسىم قىلمىدى، ئەسكىنى بىزگە بېرىپ، يېڭىسىنى ئۆزلىرى ئېلىۋالدى» دېگەندەك پىتنە ـ ئىغۋالارنىڭ كاساپىتىدىن ئۇيغۇر ـ تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بالىنى دادىدىن ئايرىۋېتەلەيدىغان بۇزغۇنچى، سېھرگەرلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى، خوجا نىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد سىلىڭنىڭ مېڭىسىگە مەنسەپپەرەسلىك ئورنىشىپ كەتكەن ئىدى. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا ئىچكەن قەسەملىرى، تۆتقان قۇرئانلىرى قەيەردە قالدى؟ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ تۈگەتكەن ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە،

گاسىلىك (ماجۇگىيىك) ئوتتۇرىغا كىشى قويۇپ: «ئۇلار كەلسۇن سۆزلىشەيلى، بىزدىن ئارىمىز بۇزۇلغۇدەك بىرەر ئىش ئۆتكىنى يوق. ئەتراپىمىزنى شۇنچە كاپىرلار قورشاپ تۇرغان بۇ ئېغىر كۈنلەردە بىز مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىمىزنى يوقاتساق، قۇرئان ھۆكۈمنى بۇزۇپ، دىنىمىزغا خىيانەت قىلىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ھالاكەت ئاغزىغا تاشلىغان بولىمىز» دېگەن ئىكەن. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئارىدىكى قەسەم ئىچىپ قىلىشقان ۋەدىلىرىنى، قۇرئان تۇتۇپ قىلىشقان ئەھدىنامىلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىمۇ سەمىگە سېلىپ چاقىرسىمۇ كەلمىگەن ئىكەن. «تەقلىدىي ئىمان ئاللاھ ئالدىدا مەقبۇلمۇ ياكى مەقبۇل ئەمەسمۇ» دېگەن سۆز ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ھەقتە كۆپ مۇنازىرىلەر قىلىشقان ئىكەن. تەقلىدىي ئىمان بولمىغانلىقتىن ئاللاھ قېشىدىمۇ مەقبۇل ئەمەس ئىدى. ھەقىقىي ئىمانلىق ئادەم خۇدا ۋە رەسۇلۇللاھنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قەسەم ئىچىپ، قۇرئان تۇتقان، ۋەدە بەرگەن بولسا، بۇنداق ئۇلۇغ ئەھدىنى بېشىغا قىلىچ تەگلەنگەن تەقدىردىمۇ بۇزماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەگەر بۇزىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى يۈزەكى، تېخى كۆڭلىگە تولۇق كىرمىگەن، تىل ئۇچىدا بولۇپ، مۇناپىقلىق ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ھەقلىق كىشى كۆڭلىگە كىرگىنى راست بولىدىكەن، باتىللىق بەلگىلىرى ئۇ ئادەمدىن ئەلۋەتتە يوقالغان بولىدۇ. چۈنكى ئىمان نۇرى يورۇتقان، ئەمما كۆڭلىدە كۆپۈر قاراڭغۇسىنىڭ بولۇشى، كۈندۈز يورۇقى بىلەن كېچە قاراڭغۇسىنىڭ بىرگە بولغىنىغا ئوخشاش ئىمكانىيەتتىن تاشقىرى ئىشتۇر. ئاشۇنداق كۆپۈرلۈق، ناپاكلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ كاساپىتىدىن دۈشمەنگە ئالدىنىپ، ئەزىمىگەن، يوقىلاڭ ئىشلار باھانىسى بىلەن ئۆز ئارا بىرلىك، ئىتتىپاقنى بۇزدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، مۇقىم قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئازادلىق ئىنقىلابى قاتتىق

زەربىگە ئۇچرىدى. خەلقنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن تاتلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمۇ سۇغا چىلاشتى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، 1931 ـ 1932 ـ يىللىرى ئارىسىدا يەنە ئۈچ چوڭ ھادىسە يۈز بەردى. ئۇ كۈنلەردە، مەن غۇلجا شەھىرىدە بولۇپ، بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىرىنى تەرتىپى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ۋەقەلەر ھەققىدە ئاز ـ تولا توختىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

بىرىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، سوۋېت رۇسىيىنىڭ تۇتقان سىياستى شەرقىي تۈركىستان — ئۇيغۇرىستاننى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستان ۋە باشقا يالغان «ياسالما ئىستان»لارغا ئوخشاش ئۆزىگە قوشۇپ ئالماقچى ئىدى. بىراق بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خان دەۋرىنىڭ قالدۇقى جاڭ جۈن ھۆكۈمىتىنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىرىمىل مەككارلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۆز ئۆزىدىن چىرىپ، يىقىلىشقا يېقىنلاشقان خىتاي ئىستىبدات ھۆكۈمىتى بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا باش ئۇرۇپ ئامانلىق تىلىگىلى تۇرغان ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا ياپونىيە تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، مانجۇرىيە ئۆلكىسىدە ۋەيران بولۇۋاتقان جاڭ كەيشى ھاكىمىيىتىدىن ياردەم سوراش ئۈمىدلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى.

بۇنى پەيت بىلگەن كونسۇلخانا مەككارلىرىنىڭ ئىشى ئوڭ كېلىپ، جاڭجۈن ھۆكۈمىتىنى ئۆز قولى بىلەن قېچىشقا مەجبۇرلىدى. يەنى 1933 ـ يىلى تازا

قاتتىق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە چۆچەك ئارقىلىق رۇسىيىگە ئۆتكۈزۈپ، ئۇ يەردىن مەركىزى خىتايغا يولغا سالدى.

گۈچۈڭ ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان گاسىلىڭ خوجا نىياز بىلەن مەھمۇد سىجاڭنى ئۈندەككە كەلتۈرەلمەي، ئۈرۈمچىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ، مەركەزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىدى. سوۋېت رۇسىيە كونسۇلخانا مەككارلىرى بۇنى كۆرۈپ، قىلماقچى بولغان ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. چۈنكى جاڭجۈن قاچقاندىن كېيىن سوۋېت كونسۇلى ياردىمى بىلەن يېڭىدىن ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغان شىڭ دوبەن، گاسىلىڭ ھۇجۇمنى قايتۇرغۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەركەزدىن يوشۇرۇن ھالدا ياردەم سوراپ، چېگرىدا سوۋېت ھەربىي كۈچلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ تۇرغان ئىدى. گاسىلىڭنىڭ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت رۇسىيە ئەسكەرلىرى كىرىشكە باشلىدى. ئادەتتىكىچە قوراللانغان گاسىلىڭ ئەسكەرلىرى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان رۇس ئەسكەرلىرىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ شۇنداق بولسىمۇ، «فى سەبىلىللاھ» سۆزى يېزىلغان، كېپەن لىباسىنى كىيگەن گاسىلىڭ پىدائىي مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى، قەھرىمان گاسىلىڭنىڭ قوماندانلىقىدا، ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى قارا ياغاچلىقىدا كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى چىدامىلىق بىلەن قىرىق كۈن ئۇرۇش قىلىپ، كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى تىللاردا داستان بولغان ئىدى.

ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن!

بۇ قەھرىمانلار تەبىئەت ئالىمىنىڭ قانۇنىغا مۇۋاپىق ئۇرۇش قىلىشتىكى بىر يۈرۈش شەرت ـ شارائىتلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ ئارىدا، كۆرەدىكى بەش ـ ئون مىڭ ئەسكىرىي كۈچنى تۇتۇپ تۇرغان خىتاي قوماندانى جېڭ شۇرىن (توغرىسى جاڭ پى يۈەن) ئۈرۈمچىدىكى جاڭ جۇن ھۆكۈمىتىنىڭ قامالدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ياردەم بېرىش ئۈچۈن، سىياسىي كورلۇقىدىن يولدا ساقلاپ ياتقان كۈچلۈك دۈشمەندىن ھېچ قانداق خەۋەرسىز، بەش مىڭ ئەسكىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. داخىيەنزە، جىڭدىن ئۆتەر ـ ئۆتمەستىن جاڭ جۇننىڭ چۆچەك ئارقىلىق قېچىپ كەتكەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بەش ـ ئون كۈن سەرسان بولۇپ، ئاخىرى يولدىن قايتىپ كېتىدۇ. بۇلار قايتىپ كەلگۈچە قورغاس چېگرىسىدىكى قىزىل سېپىرگەرلەر قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالىلبۇرۇن بېجىرىپ بولغان ئىدى.

ئۈرۈمچى ـ غۇلجا ئارىسىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسى ئالىلبۇرۇن ئۈزۈلگەنلىكتىن، ئۇ گاسىلىڭنىڭ غەلىبە قىلىپ، ئۈرۈمچىنى ئالغانلىقىنى بىلمەيتتى. «يېقىن ئارىدا ئىلى ئۆلكىسىگىمۇ كېلىدىكەن» دېگەندەك ھەر تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق تەشۋىقات خەۋەرلىرى كۆپەيگەن ئىدى. گاسىلىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەر يەردىكى تۇڭگان قارا باتۇرلىرى قوزغىلىپ، ھەر تەرەپتىن باش كۆتۈرگىلى تۇردى. سوۋېت رۇسىيە زۇلۇمىدىن قېچىپ ئۆتكەن تۇڭگانلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلغان ئىدى.

ھەممە پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ، ئۆز سىياسىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمىلىك ھىيلە ـ مىكىر تۇزاقلارنى قۇرۇپ، پەيت كۈتۈپ، پايلاپ ياتقان سوۋېت رۇسىيىسى ئۆز مەقسەتلىرىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك ئەسۋابلارنى تەييارلىغان ئىدى.

ئۈندىن باشقا، تارباغاتايدا ياسما ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن بەش يۈز ئەتراپىدىكى قىزىل ئەسكەر، ئۈرۈمچىدە جاڭ جۇن ئورنىنى ئىگىلىگەن شىڭ دوبەن تەرىپىدىن كۈرەگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىرىق ئىككىنچى پوس چېگرىسى ئارقىلىق ئۆتكەن قىزىل ئەسكەرلەر (سانى مەلۇم ئەمەس) تېلېفون سىملىرىنى ئورنىتىپ، ھەممە تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى رەسمىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى، ئىلى ئۆلكىسىدە بىرىنچى ئەسكىرى مەركىزىنى ئىگىلىگەن كۈرە قەلئەسىنى بۇزۇپ، جاڭ جۇننىڭ تاياىنچىسى، ئەسكەر باشلىقى جىڭ شۇرىننى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. شۇڭا، خىتايلارنىڭ بۇ كۈچلۈك قەلئەسىنى بۇزۇش ئۈچۈن قەلئەنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا يوشۇرۇن ھالدا پارتلاتقۇچ بومبا قويۇلغان ئىدى. ئۈستىدە هارۋا يۈرگىلى بولىدىغان سېپىل دەرۋازىسى بومبىنىڭ زەربىسىدىن ھەر ئىككى تەرىپىگە ياسالغان توپخانىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، چاڭ توزاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەيۋەت كۆرستىش ئۈچۈن سوۋېت رۇسىيە زەمبىرىكىدىن ئېتىلغان ئوق قەلئە ئىچىدىن ئۇچ - تۆت ئورۇنغا چۈشۈپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقنىغا ئوخشاش يورۇپ كەتكەن ئىدى. ھاۋادا گۈركىرەپ ئۇچقان يالغۇز ئايروپىلان كۈرە شەھىرىنى ئۇچ - تۆت قېتىم ئايلانغانىدى. خان دەۋرى قالدۇقلىرى بولغان ئەپيۇنچى خىتايلار، تەيپۇنەمدىن قالغان ئەسكى قورallarنى كۆتۈرۈشۈپ پىل ئالدىدىكى پاشىدەك كۈچى بىلەن قانداق قارشى تۇرالىسۇن؟! چۈنكى ھايات ئالىمىنىڭ قانۇنى بويىچە، ئىنسان ئىشلىرى پۈتۈنلەي سەۋەبكە باغلىق بولىدۇ. بۇنى تولۇقى بىلەن قولغا كەلتۈرمىگەنلەر، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلارغا باش ئېگىشكە مەجبۇردۇر.

بۇنى كۆرگەن جىڭ شۇرىن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماي، ئاجىزلىقىدىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، جان قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىغا

كىرىشتى. 1934 ـ يىلى يانۋار ئايلىرى، يەر ـ زېمىننى قار قاپلىغان قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا ۋە خەزىنىدىكى پۇل ـ بىساتىنى تاشلاپ، ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۇرە قەلئەسىدىن غۇلجا تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئەتىسى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا: «جېڭ شۇرىن كېچىسى لاۋا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ غۇلجىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى.

گاسىلىڭنىڭ ئەسكىرىي سانى شىڭ دوبەن نامىدا كەلگەن رۇسىيە قىزىل ئەسكەرلىرىنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە ئاز بولسىمۇ، ئەمما باتۇرلۇق بىلەن قىرىق نەچچە كۈن ئۇرۇش قىلىپ، خەلق ئاغزىدا داستان بولغۇدەك نام قالدۇردى. ئەمما ئۇ نامرات، ئېپلاس خىتاي پۇتۇن ئىلى ئۆلكىسى بويىچە باش قوماندان بولۇپ ئاتىقى چىققان، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلق تۇزىنى تېتىپ، نازۇ نېمەتلىرىنى يەپ ـ ئىچىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، دۈشمەن بىلەن ئۇچ ـ تۆت كۈن بولسىمۇ ئۇرۇش قىلماي، قوينى بۆرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزىنىڭ قارا بېشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىپ كەتتى. داۋان يوللىرى قار بىلەن قاپلىنىپ، قاتناش يوللىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى. ئۇ، قىشنىڭ سوغۇق كېچىسىدە تۇن بويى يول يۈرۈپ، ئەتىسى بىر تارانچى قىشلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، ئۇنىڭغا ھەممە يەرنى دۈشمەن ئورىۋالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئارقىغا قايتاي دېسە، قايتىش ئىمكانىيىتى يوق، تاغۇ تاشلارنىڭ ھەممىسىنى قېلىن قار قاپلىغان. ئالدىغا يۈرەي دېسە، كۈچلۈك دۈشمەن بار. شۇنىڭ بىلەن، چىقىش يولى تاپالمىغان بۇ ئاتاقلىق قوماندان ئەقلىدىن ئادىشىپ قاپتۇ. ئەتىسى، نېمە بولسا بولسۇن دەپ تاغ يولى بىلەن كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىر بىكار يولچى چىقىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، ئالدىمىزدا دۈشمەن بار ئىكەن دەپ قورقۇپ كېتىپ، كېچىسى ياتقان ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۆيىگە كىرىپ  ھايال ئۆتمەي، ئۆي ئىچىدىن «قاراس»

قىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئەتراپتىكى ئادەملەر كىرىپ قارىسا، ئۆلىدىغان يېرىگە قارىتىپ ئوق ئاتقان ئىكەن، چالا بوغۇزلانغان توخۇدەك قانغا بويىلىپ جان تالىشىپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەسكەرلەر قورقۇپ كېتىپ، كەينى ـ كەينىدىن قېچىشقا باشلاپتۇ. لېكىن قەيەردىندۇر جاڭ جۈننىڭ ئەسكەرلىرىدىن سىلىڭلىرى باشلىق بىر مۇنچىلىرى كېلىپ، بۇلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. غۇلجىغا كەلگەندە، قوراللانغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، شىڭ دوبەن تەرەپدارلىرى بولغان خىتاي قانخور ئەسكەرلىرىگە قارشى ئالا تۇپىلاڭ ئۇرۇش قىلىدۇ. تۇڭگان ئەسكەرلىرى باشلىقى سۇجۇلۇق قارا باتۇرلاردىن مادى دېگەن كىشى ئىدى. تۇدى ئاخۇن باي دەرۋازىسى ئالدىغا ئاق بايراقنى چىقىرىپ، ئۆينى ئەسكەرلەرگە ياتاقخانا قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرى غۇلجىنىڭ بايلىرىنىڭ رازى بولۇش بولماسلىقى بىلەن كارى يوق، كۆپلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ ۋاقىت شارائىتىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى زۆرۈر ئىدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ يەرلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بايلىرى ھېچ يەرگە سىغماي، باشپاناھ بولغۇدەك جاي تاپالماي قېلىشقان ئىدى. كېيىن، سوۋېت رۇسىيە تۇزاقچىلىرى ئۇلارنى تورغا چۈشۈرۈش قەستىدە خەلقپەرۋەرلىك قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، قوشنىلىق ھۆرمىتىنى ساقلاش نىقابى بىلەن ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىش باھانىسىدە ئۇلارنى ئالدىغا تارتتى. تۇردى ئاخۇن باشلىق بىر نەچچە بايلار ئۇلارنىڭ تۇزاق ئىچىگە تاشلىغان دان زەھىرىنى بىلمەي قاپقانغا دەسسەپ، ئۆز تەقدىرىنى، كېلەچىكىنى ئۆز جاللاتلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. يوشۇرۇن ھالدا سوۋېت رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سوراپ: «شەھەر ئىگىسىز قالدى، تالان ـ تاراج، ئۇرۇش ـ تالاش ھەممە يەردە كۆپەيدى، پۈتۈن خەلق خەلقپەرۋەر سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېدى.

خەلقنىڭ رايىنى ئۇتتۇۋالغان بۇ ئورۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلق نامىدىن تەلەپنامە شەكلىدە تىلخەت يازدۇرۇۋېلىپ، قول قويدۇرۇپ، ئۇنى قانۇنلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ياردەم قىلىش نىقابى بىلەن چېگرىدىن ئۆسۈپ كىردى.

بىچارە خەلق، بولۇپمۇ، جانجان ۋەتەنىنىڭ ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلق، جاي ماكانلىرىدىن ئايرىلغانلىقى سىرتىدا سىياسىي جەھەتتىنمۇ بۇ ياۋۇز كوممۇنىستلارغا باغلانغان ئىدى. ھەر قانچە ئاڭسىز بولسىمۇ، خەلق يەنىلا قورغاسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان قىزىل ئەجدىھانىڭ يۇتۇۋېلىش خەۋپىدىن قورقاتتى. ھايال ئۆتمەي، شۇ قورقۇنچلۇق كۈن بېشىمىزغا كەلدى. «قوشنىلىرىمىزنى قوغدايمىز» دېگەن باھانە بىلەن چېگرىدا كۈتۈپ ياتقان، تولۇق قوراللىق سوۋېت ئەسكەرلىرى 1934 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا كىرىشكە باشلىدى. يول بويى قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى دەسسەپ - يانجىپ، بىردەمدىلا غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ، ئۈچ دەرۋازا ئەتراپىغا ئورۇنلىشىۋالدى.

بۇ تەرەپتە، گاسلىڭ تەرەپدارلىرىدىن تۇڭگانلار ۋە جېڭ شۇرىنىڭ قالدۇق چېرىكلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېرىمى ھەرەم باغدا، قالغان كۆپچىلىك تۇڭگانلار توپىا دەڭدە شىڭ دۇبەنگە قارشى خىتاي - ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشماقتا ئىدى. قورال - ياراق يېتىشمىسىمۇ، تۇڭگان پىدائىيلىرىنىڭ جانبازلىقلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى تۈرتكىسىدە ۋاقتلىق بولسىمۇ غەلىبە قازىنىش ئۈمىدى تۇغۇلغان ئىدى.

ھايات ئالىمىدىكى ھەممە ئىشلار سەۋەبكە باغلىق بولغانلىقتىن كۈچلۈك قوراللانغان، تەرتىپ - ئىنتىزاملىق سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن پۈتۈن ئىشلار ئۆزگەرگەن ئىدى. سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ توپلىرى دەسلەپتە بىرلەشكەن

تۆگىگان ـ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان توپا دەڭ ئۈستىگە توختىماي ئېتىلغىلى تۇردى.

خىتايدىن قالغان ئەسكى قوراللارنىڭ ھېچ قايىسسى كارغا كەلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن يەردىكى تۆگىگان ۋە ئۆلارغا تەۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قېچىشقا باشلىدى. قىزىل ئەسكەرلەر كىرىش بىلەن تەڭ، ئۆزىنىڭ يان تايىقى بولغان يەرلىك ئەسكەرلەرگىمۇ قوراللار تارقىتىلىپ بەرگەن ئىدى. ئىلگىرى تۆگىگانلاردىن بېشىلىپ قېچىپ يۈرگەن خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە كىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا شۇنىڭ يۈندىسىگە نان چىلاپ يەپ ئۆگىنىپ قالغان دۇتۇپ، ئاننىكوپىنىڭ قالدۇقلىرى بولغان ئاق ئورۇسلارمۇ قورالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ تۆگىگان ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈپ قىرغىلى تۇردى. «سۆزدىن سۆز چىقىپتۇ» دېگەندەك، ھازىرقى يەنى بۇ كىتاب يېزىلىۋاتقان 1969 ـ يىلىدا (بۇندىن قىرىق سەككىز يىل ئىلگىرى)، تۆگىگان قىشلىقى قارا قوڭغۇز مەسچىتىدە تۇرغىنىمدا تۇتقان ئاغىنىلىرىمدىن، سوۋېتقا قارشى قوزغالغان قاراپالتا، ئاقسۇ ۋەقەسى سەۋەبىدىن بىر قانچە كىشىلەر قېچىپ كەلگەن ئىدى. خۇدا ساقلاپ ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتسىز ئامان ـ ئېسەن ئۆزىتىپ قويغان ئىكەنمەن. بولغان ۋەقە بۇ كىتابنىڭ بېشىدا يېزىلغان ئىدى. بۇ ئىككى ئارىدىن شۇ قەدەر ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىز بىلەن بىرگە غۇلجىغا ئۆتكەن تۆگىگان ئاغىنىلىرىمىزنىڭ بېشىغا يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق كۈنلەر كەلگىلى تۇردى. يەنى غۇلجىنىڭ تۆرەم مەھەللىسىدىكى مەسچىتىدە تۇرغان كۈنلىرىمدە، سوقولۇق، بىشكەكلىك تۆگىگان ئاغىنىلىرىمدىن يىگىرمە نەچچە كىشىنى ساقلىغان ئىدىم. «خۇدا ساقلىسا بالا يوق» دېگەندەك، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىر قانچە قېتىم بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەتتا تامدىن

ئارتىلىپ چۈشۈپ: «ئۆيىنى ئاختۇرىمىز» دېگەندە، مەلۇم بىر سەۋەبلەر باھانە بولۇپ، ئۆيگە كىرەلمەي كېتىپ قالغاچقا، ئۇلارنى خۇدا ساقلاپ قالغان ئىدى.

دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ مېنىڭ ھىمايەمدە ياتقانلىقىنى سېزىپ قالغانلىقتىن، كۆز ئالدىمىزدا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا كىرىشتىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «مۆمىن مۆمىنگە خالىس ئاللاھ ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە نىيەت قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولغاي!» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلدىم. تۇڭگانلار بېشىدا ئۆلۈم ئويناپ يۈرگەن شۇنداق قورقۇنچلۇق چاغدا، ئەجەل ھىدى بۇراپ تۇرغان جايلاردىن ئۆزۈمگە قاراشلىق تۇڭگانلارنى چاقىرىپ، ئۆزۈم تۇرغان قورۇغا يىغدىم. يوغان سەللىنى يۆگىگەن ھالدا، ئاللاھ ياردىمى بىلەن «بىسمىللاھ» دەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوتنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە سالامەت يېتىپ كەلدىم. بۇ ئىشقا ھەممە ھەيران قالدى. بولۇپمۇ، تۇڭگان قېنىغا تەشنا بولۇپ تۇرغان خىتايلار ئۆز كۆزى بىلەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھېچ قايسىسى بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. قىسقىسى، بۇنداق قورقۇنچلۇق ئورۇنلاردا نەچچە قېتىم بۇ ئاجىز قۇلنى ئاسرىغان ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ قېتىممۇ يەنە ئۆز پاناھىدا ئاسراپ قالغان ئىدى.

ئاللاھنىڭ: «بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئىش قىلىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ ھەقلىقىنى شۇ كۈنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. بەختىمىزگە يارىشا، ئۇ كۈنلەردە ئۆز يۇرتلۇقىمىزدىن تۇداخۇننىڭ سىياسىي ئابرۇيى ھۆكۈمەت ئالدىدا ۋاقتىلىق بولسىمۇ خېلى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ، ئۆز يېقىنلىرىمدىن بىر كىشىنى كىرگۈزگەن ئىدىم. ئۇ كىشى تۇداخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، مەن ئېلىپ بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئامانلىق خېتى يازدۇرۇپ چىقتى. ئۇ خەتنى ئېلىپ، مەن ئېلىپ بارغان يىگىرمە

نەچچە كىشىنىڭ كۆكرىكىگە تاقاپ ھەممىنى قايتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كوچىدا بەخىرامان ماڭغان ھالدا ئۆز ئۆيلىرىگە تارقاشتى. بىراق ئەتراپتا قېچىپ يۈرگەن، ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان، بىز تونۇمايدىغان تۇڭگان ئاغىنىلىرىمىزدىن زالىم قولىغا چۈشۈپ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، 1920 ـ يىلى ئاقسۇ ئۇلۇسلىرى باشلىق ئون سەككىز قىشلاق خەلقلىرى بولشېۋىكلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىدى. سوقولۇق، بىشكەك تۇڭگانلىرىمۇ شۇلار ئىچىدە بولغانلىقتىن پۈتۈن پاجىئە باشقىلارغا قارىغاندا تۇڭگانلارغا كۆپرەك كەلگەن ئىدى. مانا شۇ كۈنلىرى سوقولۇق تۇڭگانلىرىدىن مىسىز بولۇس ۋە بىشكەك  بايلىرىدىن يۈسۈپ ھاجى، ياركەنت ئۇيغۇرلىرىدىن ئەختەم باي ئەۋلادى قاتارلىق كىشىلەر غۇلجا تەرەپكە كېتىۋاتقاندا «پ ك ئو» جاللاتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بىر قانچە ۋاقىت تۈرمىدە ياتقان ئىدى. كېيىن ئۇلارنى ئۆز خىزمەتلىرىگە سالماقچى بولۇپ، مىڭ تۈرلۈك نەيرەڭ، يالغان ـ ياۋىداق ۋەدىلەر بىلەن ئۆزىگە باغلاپ ئالغان ئىدى. ئۇلارمۇ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، نېمە دېسە ماقۇل بولۇپ، تاپشۇرۇقلارنى بېجىرىشكە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، بۇياقتا ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان ھېسابلىشىپ، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بارمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇز تۆتىنچى يىلى، بۇ قانخور زالىملار يۇقىرىدىكى شىڭ دوبەن ۋەقەسى ئارقىلىق غۇلجىغا ئۆتكەندە، شۇ يىلى بولغان ئىشنى ئەسلەپ ئۇلارنىڭ قەستىگە چۈشىدۇ.

بىچارە مىسىز بولۇس كۆزىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن باشقىلاردىن خادىك سوراپ، غۇلجىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى توققۇزتاراغا قاچقان ئىكەن. ئارقىدىن ئۇ جاللاتلار ئىزدەپ يۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئون سەككىز، يىگىرمە ياشلىق ئىككى ئوغلى بىلەن قېتىپ نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى خەلق سۇ ئىچىدىغان قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن ئىكەن. ئۇلار ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە داغ سېلىش

ئۆچۈن، ئالدى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نەيزە بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. بۇنداق پاجىئەلىك ئىشلارنى پەقەت دىنسىز، خۇداسىز ۋەھشىيلەرلا قىلىدۇ. باشقا ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى بۇنداق ئىشقا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟!

ئىككىنچى، بۇنىڭدىنمۇ يامانراق يەنە بىر ئىش يۈز بەرگەندى. ئىنسانىيەت ئالەمدە كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك ئىچىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان بىر ۋەھشىي ۋەقەنى بىشكەكتىن قېچىپ بارغان تۇڭگان يۇسۇف ھاجى ئاغزىدىن ئاڭلايمىز. شۇنداقكى، ئورۇش كۈنلىرى، ئۇنىڭ «ئۈچ دەرۋازا» دىكى قورۇسىغا كۈپكۈندۈزدە ئوت قويۇپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى، چوڭ ـ كىچىك بالا ـ چاقىلىرى قاتارلىق ئون ئۈچ نەپەر جاننى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىكەن. ئۇ كۈنلىرى، كوچا ـ كويلاردا ئەسكەرلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ كوچىغا چىقىشى مەنئى قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلارغا ياردەم قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ئىجراچىلىرى، ئۆز تاپشۇرۇقچىلىرىغا ئىسپات كۆرسىتىش ئۈچۈن، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ھايات ئىنساننىڭ ئېچىنارلىق مەنزىرىسىنى ۋە ھەربىر كۆرۈنۈشنى رەسىمگە ئالماقتا ئىدى..... ئەپسۇس، يۇسۇف ھاجى بىلەن ئون بىر ياشتىكى ئوغلى ئۇ كۈنى ئۆزى ئۆيدە يوق ئىكەن. ئەجىلى يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق كۆرۈلمىگەن ئېچىنارلىق پاجىئەدىن ئامان قالغان ئىدى. بىراق بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈن ئائىلىسى قىپقىزىل ئوتنىڭ ئىچىدە يېنىۋاتاتتى. بۇ بالا ـ قازانىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، تېگىگە يەتكەندىن كېيىن، ئېسىنى يىغىپ، يىغلاپ قايغۇرۇپ، ئۆلۈمدىن ساق قالغان بالىسىنى يېتىلەپ بىر ئۆمۈر قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئۆتكەن ئىدى. بۇ ئېغىر مۇسىبەتكە چىدىيالماي، ئاخىرى شىڭ دوبەن دەۋرىگە

كەلگەندە (1935 ـ يىلى ھەج يولى ئېچىلغاندا)، ئۆلمەي قالغان بالىسىنى ئېلىپ ھەجگە كەتتى.

ئۈچىنچىسى، ئەختەم باي ئەۋلادىنىڭ پاجىئەسى. بۇ ئائىلە سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ يېنىدىكى قورۇدا تۇرىدىكەن. قىزىل ئەسكەرلەر شەھەرگە كىرگەن كۈنلىرى گىلاۋخۇيچىلاردىن بىر نەچچىسى يېرىم كېچىدە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئائىلە ئەزالىرىدىن چوڭ ـ كىچىك بىرىنى قويماي ئېتىپ، چېپىپ ئۆلتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. قانداق بولغان، ئون ئىككى ياشتىكى بىر ئوغۇل بالا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بۇ ۋەھشىي قانخورلار قولىدىن ساق قالغان ئىكەن. مانا بۇ دىنسىز، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئىنسان سۈرەتلىك يىرتقۇچ ۋەھشىيلەرنىڭ زالىملىقىدىن مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە، بىر قىسمىنى، بەلكى يۈزدىن بىرىنى، مىڭدىن بىرىنى ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، بۇ يەردە يېزىپ قالدۇردۇم.

شۇنداق قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار ئۆزىدىن ئون بىر ھەسسە ئارتۇق كەلگەن سوۋېت رۇسىيە دۈشمىنىگە قارشى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۈمىدسىزلىنىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. قىش كۈنى ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن، جەنۇبى تەرەپتىن باشقا ھەممە يەر دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىدى. پەقەت تاغ يولى بىلەن قار ـ مۇز قاپلىغان يۇلدۇز داۋىنىدىن ئېشىپ، كوچا، قاراشەھەر تەرەپكە قېچىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ قېچىشى پەقەت بېشىغا تەڭلەپ تۇرغان قىلىچتىن قاچقاندىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ كەتكەنلەر قىش كۈنى بولغانلىقتىن تاغ تاش، قار مۇزلارنىڭ ئارىسىدا سوغۇقتا قېلىپ، كۆپلىرى ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

## شىڭ دوبەننىڭ كىرىملىن تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە خوتەن ئىنقىلابى

شۈنىڭ بىلەن، جاڭجۈن تەرەپدارلىرى ئەسكى خىتايلار ۋە گاسىلىك تەرەپدارلىرى تارمار بولۇپ، سوۋېت رۇسىيە سىياسىتىگە ماسلاشقان شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى ئورنىتىلدى. يەرلىك خەلقنىڭ ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئاياق ئاستى قىلىنىپ، يەنە پۈتۈن ئىشلار خىتايلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. پۈتۈن ئىدارە ئىشلىرى خىتايچە يۈرگۈزۈلدى. غۇلجا شەھىرى بولسا، بۇلار ئالدىدا سىياسىي جىنايەتچىلەر ھېسابلانغان بىزگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن تولغان ئىدى. ھازىرچە بۇ جاللاتلار ئۆزىنىڭ زەھەرە ئىشلىرىدىن بوشىنالماي تۇرغىنى ئۈچۈن، باشقىلار بۇلارنىڭ قانلىق قوراللىرىدىن ۋاقتىنچە ئامان قېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، نۆۋىتى كەلگەندە بۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بېشىمىزدىن مىڭ تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەر كېچىپ، بۇ جاللاتلار قولىدىن قۇتۇلۇپ چېگرىدىن ئۆتكەن ئىدۇق. بۇلارنىڭ قولىغا قايتا چۈشىدىغان بولساق، ھالىمىزنىڭ نېمە بولۇشىنى ياخشى بىلەتتۇق. بېشىمىزغا بۇ ئىشنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنداق قىلىپ، مەرھۇم ئىلياس داموللام ئوغلى مەرھۇم ئابدۇساتتار مەخدۇم ئىككىمىز ئاتچى، ئېشەكچىلەرگە قوشۇلۇپ، مۇز داۋان ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن باشقا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلدۇق. لېكىن سەپەر تەييارلىقىمىز پۈتكۈچە، باشقا يار - بۇرادەرلەر ۋە ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭمۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. يولغا چىقىشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن ئائىلىمىزدىكى ۋە باشقا ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، يىغا - زارە قىلىشقىلى تۇردى. كىچىككىنە سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىزدىن، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - يۇرتتىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ،

تۆكۈلگەن، چېچىلغان هالدا يات ئەل، يات يەرگە كەلگەن ئىدۇق. ئۆز يېرىمىزدىن ئالغان جەبرى ـ جاراھەتلىرىمىز، پىراق كۈنلىرىدىن خاتىرە قالغان كۆڭۈل داغلىرىمىز تېخى ساقىيىپ كەتمىگەن ئىدى. بۈنىڭ ئۈستىگە، هايات ئالىمىدىكى ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان بۇ كەبى چوڭ ۋەقە يەنە بېشىمىزغا چۈشكەن ئىدى. خۇدا رەھمەت قىلسۇن! مۇھەممەد يارنىڭ ئانىسى: «سىزنى قاراپ تۇرۇپ دۈشمەنلەر قولىدا كۆرگىنىمىدىن ئاللاھنىڭ ئامانىتىگە تاپشۇرغىنىم ياخشىراق، خۇدا بۇيرۇغان كۈنىمىزنى كۆرەرمىز. قىزىمىز ئەزىز پاشا كىچىككىنە تۇرۇپ سىزدىن ئايرىلسا، بۇنىڭغا قانداق چىدارسىز؟ بۇ چۈجىدەك كىچىك باللارنى بىز قانداق باقارمىز؟» دەپ كۆز يېشى قىلغىلى تۇرغاندىن كېيىن، ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭغا چىدىيالماي، كەتمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى تىنجىتتىم.

ئەمدى، ئىككىنچى سۆزنى گاسلىك تەرەپتىن ئاڭلايمىز.

بۇ قەھرىمان ئۇرۇمچىگە يېقىن قۇتۇبى، سانجى قارىياغاچلىقىدا قىرىق كۈنگە يېقىن جان پىدالىق بىلەن سوۋېت ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە ئەسۋابى دۈشمەن قولىدا بولغاچ ئامالسىزلىقتىن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان، قارا جاهىل خوجا نىيازغا يارىششش ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتىسىمۇ، قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن: «بۇ ئادەم كاپىر ئىكەن» دەپ ئۇنىڭغا قارشى هۇجۇم قوزغايدۇ. بىرىنچى هۇجۇمدىلا خوجا نىياز، مەهمۇد سىلىڭ ئەسكەرلىرى باش ـ ئايىغىغا قارىماي، كوچا تەرەپكە قاراپ قاچقىلى تۇرىدۇ. گاسىلىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئارقىدىن قوغلاپ ئىز بېسىپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگىلى تۇرىدۇ. بۇنى كۆرگەن قىزىل سېپىرگەرلەر: «ئەمدى پەيت پىشىپ يېتىلدى» دەپ، ئۆزىنىڭ ئالدىنئالا خوجا نىياز ئەسكىرى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغان

تىلى بىر، دىلى باشقا ۋىجدانسىز مۇناپىقلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

بۇ قارا جاھىللار كوچا شەھىرىگە كىرگەندە، ئۇزۇندىن بېرى ئۇ يەردە جاللاتلار قولىدىن قېچىپ پىنھان يۈرگەن، ۋەتەن ئىشقىدا ھېچ نېمىسىنى ئايىمايدىغان دوستىمىز مۇھەممەدخان مەخدۇم بار ئىدى. ئۇ، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە مەھمۇد سىلىك ئالدىغا كېلىدۇ. بىلگىنىچە نەسىھەت قىلىپ، ھەر تەرەپتىن سۆز كەلتۈرۈپ: «قۇرئان ھۆكۈمىدە مۇسۇلمانلارغا بىرلىك - ئىتتىپاقلىق پەرز قىلىنغان. تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق بالالار ئاشۇ ئىتتىپاقسىزلىق شۇملۇقىدىن كەلدى. ئىلگىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر - ئۆزبېك مۇسۇلمانلىرى قان - قېرىنداش ۋە دىنىي قېرىنداش بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھەر دەۋرنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى، جاپا - مۇشەققىتىنى بىرگە تارتىپ كەلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىلىم مەركىزى بولۇپ ‹قۇۋۋىتى ئىسلام› دەپ ئاتالغان بۇخارا، يەتتە ئىقلىمغا ئىگە بولغان ئەمىر تۆمۈر پايتەختى سەمەرقەنت ۋە ئۇندىن باشقا پەرغانە ۋە پۈتۈن تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دىنسىز رۇس باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا مال - مۈلكىدىن، دىنىدىن ئايرىلىپ، كۆيۈپ كۈللىرى كۆككە سورۇلدى. بۇ دىن دۈشمەنلىرى كاپىرلار، بولۇپمۇ، ئىنسان ئالىمىنىڭ ئوغرىسى، پىتنە - پاساتنىڭ ماكانى، مەدەنىي مەككار، ھىيلىگەر بولشېۋىكلار تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، ھايۋانلار قاتارىدا ئەركسىز، مەجبۇرىي ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن - بىلگەنلەردىن ئاڭلىغانسىز. سىز، بىزگە ئوخشاش ئۆز ۋەتىنىدىن جۇدا بولغان قاچقۇنلار ئەتراپىڭىزدا چۆرىدەپ سىزدىن بىرەر ياخشىلىق چىقارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇپتىمىز. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى شۇكى،

گاسلىك بىلەن كېلىشىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىر ئىتتىپاقتا بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلساق، شۇ چاغدىلا بىز ئۆچۈن ياخشىلىق يولى ئېچىلارمىكىن» دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەھمۇد سىلىڭنىڭ بىردىنلا غەزىپى قوزغىلىپ: «ھەي بۇ ئەنجانلىق ئۆزىچە تۆڭگان تەرەپدارى بولۇپ، بىزنى ئۇ جاھىللارغا يەم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ نىيىتىدىن يانغىچە قۇلىقىدىن تۇۋرۇككە مىخلاپ قويۇڭلار!» دەپ بۇيرۇغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىچارە مۇھەممەدخان مەخدۇم بۇ قارا نادانلارغا نەسىھەت قىلىمەن دەپ، قۇلىقىدىن مىخلىنىپ بىر نەچچە سائەت ئازاب چەككەن ئىكەن.

بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان گاسلىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، خوجا نىياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىلىڭلار بۇ يەردىمۇ تۇرالماي ئاقسۇ تەرەپكە قاچقان ئىدى.

ئۈرۈمچىدە جاڭجۇن ھۆكۈمىتى يىقىلىپ، ئورنىغا سوۋېت ياردىمى بىلەن شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت مۇقىملىشىپ بولغۇچە، ئالتىشەھەر ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىنىڭ ھەر تەرىپىدە قوزغىلاڭچىلار باش كۆتۈرگىلى تۇردى. سوۋېت رۇسىيە بىر تەرەپتىن، ئىلى ئۆلكىسىدە ئۆز سىياسىتىگە ماسلاشتۇرۇپ شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن بولسا، نەق شۇ پۇرسەتتە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى ئەنجان قىرغىزلىرىدىن ئالدىن تەييارلىغان قوشۇننى ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدا كاشغەر تەرەپكە كىرگۈزدى.

خوتەن خەلقى 1933 ـ يىلى (توغرىسى 1932 ـ يىلى) ئەتراپىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خىتاي باشلىقلىرىنى قالدۇرماي ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىگە «شاھ مەنسۇر» ئۇنۋانى بېرىپ، ئۇنى ئەسكەر باشلىقى قىلدى. شۇ ئارىدا ھەج سەپىرىدىن كەلگەن سابىت داموللامنى ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ

سايلىدى. سابىت داموللام باشلىق بارلىق ئەسكەرلەر، ئىلگىرىدىن بېرى ئالتىشەھەر پايتەختى بولۇپ كەلگەن كاشغەر شەھىرىگە كېلىپ، رەسمىي ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئىسلام ئاشىقلىرى، ساددا، ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان بىچارە ئۇيغۇرلار: «بىز نامىدا بولسىمۇ ئىسلام دۆلىتىنى قۇردۇق» دېيىشىپ، پايتەخت قۇرۇش مەسلىھەتىدە كاناي - سۇنايلار، ناغرا - دۇمباقلار چېلىشىپ، يولغا چىققان ئەسكەرلەرنى كۆرگەندە خۇشاللانغانلىقىدىن: «ئىسلام ئېچىلدى، ئىسلام ئېچىلدى» سادالىرى بىلەن يەر تېپىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخلاسمەن ئۈممەتلىرى بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىخلاس، ئېتىقادلىرى كۆڭۈللىرىدە كۆمۈلۈپ ياتقانلىقتىن، ئەگەر ئۇ گۆھەر ئېچىلىش بىلەن ھەر ياخشىلىققا ياراملىقلىرى، ھەر ئىشتا قابىلىيەتلىرى بارلىقى شەكسىزدۇر. بىراق بۇ بىچارىلەرنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا زاماننى چۈشىنىدىغان ھەقىقىي يولباشچىلىرى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى باسقۇنچىلارغا ئەسىرلەر بويلاپ ئاياق ئاستى بولۇپ كېلىۋاتىمىز. بولۇپمۇ، بۇ كېيىنكى يېرىم ئەسىر ئىچىدە سوۋېت رۇسىيە دىنسىز، كوممۇنىست ۋەھشىيلىرىنىڭ جەبرى - زۇلۇملىرى ئاستىدا ئەڭ ھاقارەتلىك ھايات كەچۈرمەكتىمىز. ئەمدى قۇرئان ھۆكۈمىگە قارىغاندا، «زالىملار زۇلۇمى كەچ قويۇلغان بولسىمۇ، ھېچ قويۇلمايدۇ» دېيىلگەنلىكتىن، ۋاقتى كەلسە، ئۈستىمىزدە تۇرغان تاغدەك قارا بۇلۇتلارمۇ ئاخىرى توختاۋسىز رەۋىشتە تارقىلىپ كېتىدۇ.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، خوتەن ئەسكەرلىرى شۇ يۈرگىنچە كاشغەرگە كەلگۈچىلىك ھېسابسىز كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، 1934 - يىلى ئاخىرلىرىدا كاشغەر شەھىرىگە كىردى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى يىقىلغان كۈندىن باشلاپ، پۈتۈن ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسى بويىچە تەرتىپسىز رەۋىشتە ھەر

جايىدىن مەسلەكسىز توپىلاڭچىلار باش كۆتۈرگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن «سۈنى لېيتىپ بېلىق تۇتۇش»قا ئادەتلەنگەن سوۋېت رۇسىيە بۇلاڭچىلىرى ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ ئۆز تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مەقسەتلىرى ئۇلۇغ، ئەمما ئۆز زامانىسىنى چۈشەنمىگەن، سىياسەت ئالەمىدىن يىراق، قولى قۇرۇق، بىرەر ئىش كۆرمىگەن تەجرىبىسىز ئادەملەر بۇنداق ئۇلۇغ ئىنقىلابنى بىر ياققا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ماددىي ۋە سىياسىي تەرەپتىن زامانىۋى، كۈچلۈك ھۆكۈمەت ھېسابلانغان سوۋېت رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىتىگە توغرا كەلمىگەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇپ قېلىشىغا ھېچ قاچان يول قويمايتتى. چۈنكى ئۇلار «پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا، ئۆز مەنپەئەتى يولىدا يەرلىك خەلقنى دائىم قۇربان قىلىپ كەلگەن ئىدى.

بىردىنبىر يول ـ ئەگەر مەن ئويلىغاندەك ـ پۈتۈن خەلققە سۆزى ئۆتىدىغان، ئابرۇيلۇق، داھىلىق شارايىتىگە ئىگە بولغان، زامانىنى چۈشىنىدىغان، تەدبىرلىك كىشى باشچىلىقىدا، جان پىدا، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەردىن بىر سىياسىي جەمئىيەت قۇرۇلغان بولسا، ئاندىن شۇ جەمئىيەت ئارقىلىق كاشغەردىكى باشقا بىر كۈچلۈك دۆلەت ۋەكىلى بىلەن كېلىشىپ، تەرتىپلىك رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن «ئۇيغۇرىستان» نامىدىن خەلقنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان، ھەقىقىي ئىسلامىيەت ئاساسىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلسا، ۋەتەن باللىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، كۈچلۈك بىر ئەسكىرىي قوماندانلىق تەشكىللەپ ۋە مۇمكىنقەدەر ياخشى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارغاندا، ئاندىن ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئىدى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇ چاغدا گاسىلىڭ قوراللىق كۈچ، مۇنتىزىم ئەسكەر بىلەن قۇيۇنىدەك توپىلاڭ قىلىپ خوجا نىياز، مەھمۇد سىلىڭ

ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ كاشغەر تەرەپكە كېلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى سۈجۈ، سالار ۋىلايىتىدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ۋىلايەت ھاكىمى مابۇفاڭ (گاسىلىڭنىڭ تاغىسى) دىندار، ئىسلامپەرۋەر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز جىيەنى ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) نى بىز مۇسۇلمانلارغا ياردەمگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ دىني روھى كۈچلۈك، ئەسكرىي نىزامى ياخشى ئىدى. كىيىملىرىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا يىراقتىن كۆرۈنگۈدەك قىلىپ ئەرەبچە خەت بىلەن «فى سەبىلىللاھ» يەنى ئاللاھ يولىدا غازات دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى. دۈشمەنلەر بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ نىزا چىقىرىپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى بۇزدى. ھېچ نەرسە كۆرمىگەن نادان ئوسمان قىرغىزنىڭ ئورنىغا گاسىلىڭنى باش قوماندان قىلىپ سايلاپ قويغان بولسا، ئەركىن تۈركىستان ھۆكۈمىتى ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ كۈنلەردە، مەن بۇ ۋەقەدىن يىراق غۇلجا شەھىرىدە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئويلىغان مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلالمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇشقا چىداپ بولالماي، ياقۇپ بەگ زامانىسىدىكى ئىككى ئاتۇشنىڭ ھاكىمى مەھمۇد ھەكىمنىڭ نەۋرىسى جىرجىس ھاجىمنى تېپىپ، تېزدىن كاشغەرگە ئەۋەتمەكچى بولدۇم.

بۇ كىشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىكەنكى، مەن كوممۇنىست ۋەھشىيلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلى ئۆلكىسىگە كېلىپ، قانخور دۈشمەنلەرنىڭ شۇم قولىدا قالغان قېرىنداش ئەل يۇرتۇم، سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىم ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرماقتا ئىدىم. بۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىمە چۈشكۈنلۈكى، بۇلارنىڭ ھايات ئالىمىدىن خەۋەرسىز قېلىشلىرى مېنى بەك ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىدى. ئاز بولسىمۇ، ھەمدەرد، مەسلەكداش، ۋەتەنپەرۋەر دوستلىرىمدىن ئايرىلغان ئىدىم. بۇ

يەرلىك قاتمال كىشلەرنىڭ ھېسسىياتسىزلىقى، ئاڭسىزلىقى، قالاقلىقى، ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن قاچاقلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قارىلىقى، كورلۇقى، ئۇلارنىڭ دۇنياپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىكلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھىممەت ئوتلىرى ئۆچۈشكە باشلىغان ئىدى. مانا شۇنداق ئۈمىدىم كېسىلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۈزۈلگەن ئۈمىدىم قايتىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى. بۇ كىشى بۇرۇندىن تارتىپ ئىنقىلابىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، ئېغىر - يەڭگىل تەجرىبىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆزى ئوچۇق، كۆڭلى ئويغاق، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەت سۆيەر بىر ئۇيغۇر ئوغلى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈم ئويلىغان يۇقىرىقى ئىش ئۈستىدە ئىككىمىز ئۇزۇن مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، بۇ كىشىنى ئەۋەتمەكچى بولغان ئىدىم. بىراق بۇ ئىشقا تەشكىلىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرمىگەنلىكتىن ئىقتىسادىمىز يېتىشمەي، بىزگە خېلى ئېغىرچىلىق كەلتۈردى. شۇنداق بولسىمۇ، بىر نەچچە دوست كىشىلىرىمىزدىن يوشۇرۇنچە ياردەم سوراپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا تىرىشتۇق. ئۇزاتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، بەختىمىزگە قارشى بۇ كىشى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، يولغا چىقالمىدى. بۇنىڭغا قارشى دورا - دەرمەك تەييارلاپ سەۋەبلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۇزىتىپ قويدۇق. بىراق بەختكە قارشى كۈچلۈك ئىرادىلىك، قەھرىمان، دىندار، ۋەتەنپەرۋەر تىلەكدىشىمىز جىرجىس ھاجىم يولغا چىقىپ، كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، مەرھۇم ياقۇپ بەگ ئاتىلىقتىن قالغان، دۈشمەنگە قارشى توسقۇن قونالغۇسى قىلىنغان «قورغان» دېگەن يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، تەلەپ يولىدا جان قۇربان قىلىش ھايات تارىخى ئالدىدا ئۇلۇغ شەرەپكە ئىگە بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

كىشى ئۆز مەسلىكى ئۈستىدە، مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى بىجىرىشتەك ئۇلۇغ خىزمەت يولىدا ئەجەل ئوقىغا ئۇچرايدىكەن، ھەممەت ئەھلى ئالدىدا زالىم يىرتقۇچلارغا قارشى شاھادەت ئۆلۈمىدىن پەرقى يوقتۇر. بۇ يولدا بولغان مۇسىبەت ئۆزى ئۈچۈن مۇبارەك سانالغان بولسىمۇ، قالغان مەسلەكداشلىرى ئۈچۈن خېلى ئېغىر مەيۈسلۈك كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يەنە قاراپ تۇرالماي، غۇلجا تەرەپتە بولۇۋاتقان تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلىك ۋەقەلەرنى، سوۋېت رۇسىيىنىڭ تۇتقان سىياسەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ توزاقلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ، بۇنىڭ پۈتۈن چارىلىرى بىلەن ئۆزۈن بىر بايانناما يېزىپ تەييارلىغان ئىدىم. بىراق بۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئۇنىڭغا قارشى كىمنىڭ قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاستىرتىن ئىگىلەۋاتقان سوۋېت ئەلچىخانىسى ئۆز پايلاقچىلىرىنى پۈتۈن خەلق ئىچىگە تارقاتقان ئىدى. ئىسلامىيەت، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ئاپىتى، كۆپۈرلۈق، كاپىرلار مەدەنىيىتىنىڭ زەھەرلىك مېۋىسى ھېسابلانغان كوممۇنىستلار بازىرىدا قانداق روناق تاپالىسۇن؟ ئۇلارنىڭ ئىشلىرى سۆز چۈشەنمەيدىغان، ھېچ نېمە بىلمەيدىغان، بولۇپمۇ، يوقسۇللۇق، كەمبەغەللىكتە ياشاۋاتقان، ھايۋان سۈپەت مىللەت ـ ۋەتەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان قارا نادانلار ئارىسىدا، راۋاجلىنىپ تېز ئەۋج ئالماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاي تۇپرىقىدا توقاي ئوتىنىڭ باشقا يەرگە تېزرەك تۇتۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشقا ئالدىرايتتى.

بۇنداق ئىنقىلاب كۈنلىرىدە، ئۆز ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارغا ئاچ قالغان يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك خىرىس قىلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىر نەچچە كۈن مۇشەققەت چېكىپ تەييارلىغان باياننامىنى قانداق قىلىپ ئەۋەتىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، ئاخىرى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى قاتناش يوللىرىدا

ئاتچى، ئېشەكچى كارۋانلاردىن باشقىلارنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇلارنىمۇ ھەر بىر توسۇقتا قاتتىق ئاختۇرۇپ ئۆتكۈزەتتى. شۇنداق يامان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئامالسىز تەقدىرگە تەن بېرىشكە توغرا كەلدى.

بېيىت

گەر شارائىت بولمىسا قولغا كەلمەس ئىشلىرىڭ،
قانچە قىلساڭ جان پىدالىق پايدىسىزدۇر ئىشلىرىڭ.

## گا سىلىڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىلىشى ۋە ئىنقىلابنىڭ ئاخىرى

ئەمدى سۆزنى گاسىلىڭدىن باشلايمىز.

كوچا شەھىرىدىن قېچىپ چىققان خوجا نىياز بىلەن مەھمۇد سىلىڭ ئاقسۇ شەھىرىگە كەلگەندە، شەھەر ھاكىمى بولۇپ تۇرغان باي جۇجاڭ، ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاقلىق يوق ئىدى. چۈنكى ئۈرۈمچىدىكى جاڭ جۈن ھۆكۈمىتى يىقىلغان كۈندىن باشلاپ، ھەر بىر شەھەردە قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئاقسۇلۇقلار ھۆكۈمەت شەھىرى بولغان ئاسۇق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى بارلىق خىتايلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭ قەھرىمانى باي سىجاڭنى ئۆزلىرىگە ھاكىم قىلىپ تىكلىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قارا باتۇرنىڭ كۆڭلىگە ئەمىرلىك ھەۋىسى چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقى ۋە ئەتراپتىكى كالۋالار ئىچىدە بۇ ئادەمنىڭ ئابرۇيى ئېشىپ، ھۆرمىتى بەك كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئەمەلپەرەس قارا باتۇرنىڭ ھەسەتلىرى قوزغىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ بىر ئىشتا كېلىشەلمەيدۇ.

باي سجاڭنىڭ قانداقلا بولمىسۇن، ئىسلام ئىتتىپاقى قۇرۇشقا كۆڭلى بارلىقى سېزىلگەچكە، ئىنسان ئىبلىسلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ چارىسنى كۆرمەكتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئارقىدىن كەلگەن غايىب ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ كىم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، كۆپچىلىك خەلق بۇ خىيانەتنى خوجا نىيازدىن كۆرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە ئۆزئارا ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ، ئاقسۇ ئۇرۇشىدا ئۆزىدىن ھەر جەھەتتە خېلى ئاز بولغان تۇڭگانلارغا مەغلۇپ بولۇپ، خوجا نىياز، مەھمۇد سىلىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ كاشغەرگە قاراپ قاچقان ئىدى. ئۇرۇش ئىشىدا ئازدۇر - كۆپتۇر تەجرىبە كۆرگەن گاسىلىڭ بۇ ئەھۋالنى سېزىپ، دەرھال ما خوسەن قوماندانلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەر بەلگىلەپ قاچقۇنلارنى قوغلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئاقسۇدا ئۇرۇش سىلىقى يىغىش ئۈچۈن قېپقالغان ئىدى. شۇ كۈنلىرى كاشغەر شەھىرى ھەر تەرەپتىن توپلانغان، ئەمما بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان، ئاڭسىز، سىياسىي چۈشەنچىسى يوق بىر نەچچە قارا كۈچنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. شۇنداقكى، خوتەن تەرەپتىن سابىت داموللام باشلىق شاھ مەنسۇر قوماندانلىقىدا كەلگەن خوتەن ئەسكەرلىرى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى يىقىلغاندا، شەھەر بېسىپ بىرىنچى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئوسمان قىرغىز، يوق مەنسەپنى تالىشىپ، قۇربان بولغان كۈچارلىق ھارۋىكەش تۆمۈر جۇجاڭ ۋە پەرغانىدىن قېچىپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قالدۇقى يۈسۈپجان قۇربېشى، يەنە ئۇلاردىن باشقا قوراللىق، لېكىن ئاڭسىز قارا باتۇرلاردىن بولۇپ، بىر قىسىم خەلق كۈچى بۇ يەرگە توپلانغان ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلار ھەرقانچە ئاڭسىز بولغان بىلەنمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، دىنسىزلار ھاكىمىيىتى بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئادەم كىرگۈزۈپ، شۇم تەسىرلىرىنى سىڭدۈرەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئىسلامىيەتنىڭ مۇھەببىتى ساقلانغان ئىدى.

ئەگەر ئەھۋالغا ئاڭلىق، ئۆتكۈر سۆزلۈك، ھۆرمەت ئىگىسى بولغان بىرەر ئادەم ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆر تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە، ئاقسۇدىن كېلىۋاتقان گاسىلىڭنى باش قوماندان قىلىپ سايلاپ، قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ قەدەر بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلۇپ، مۇنچىۋالا كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ چىقىشى ناتايىن ئىدى. ئەپسۇسكى، «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ ئاتالغان كاشغەردىن باشلاپ پۈتۈن ئالتىشەھەر ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىدە بۇنداق بىر ئۇلۇغ سىياسىي ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك يېتۈك بىر ئادەم يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىچارە مۇسۇلمانلار شۇنچىلىك ئېغىر بۆلگۈنچىلىككە ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى.  دۆلەت قۇرۇش شارائىتى قولىدا تەييار بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتەلەيدىغان ئۇستىكارلىرى بولمىغاچ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىل مەككارلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى ئاساسىدا قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ چارىسىنىمۇ قىلماقتا ئىدى. ئۇ كۈنلەردە، كاشغەردە رۇسىيىگە قارشى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىمۇ ئىش كۆرمەكتە ئىدى. يەرلىك خەلقتىن تەشكىللي رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بارغۇچى سىياسىي كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ھەم جۇغراپىيىلىك ئورنىمىز مەدەنىيەت ئالەمىدىن بەكلا يىراق بولغانلىقىدىن، بىز ئىككى تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى ئەسىرلەر بويى كۈتكەن شۇ ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەردىن يېتەرلىك رەۋىشتە پايدىلىنالمىدۇق. دېمەك، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئۆز دۈشمەنلىرىمىز، قارا ـ قىزىل ئەجدىھالارنىڭ ھېسابىغا قاراپ بەلگىلەنمەكتە ئىدى.

بېيىت

ئۈمىدسىز بولما ساغۇنىي ئۈمىدنىڭ كۆرگۈسى باردۇر،
قاراڭغۇ كېچە سۆڭىدىن قۇياشنىڭ چىققۇسى باردۇر.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، گاسىلىڭ ئۆزى ئاقسۇدا تۇرۇپ، بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرىنى ما خوسەننىڭ قوماندانلىقىدا كاشغەرگە يولغا سالغان ئىدى. ئۇلار خوجا نىياز، مەھمۇد سىلىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلىغىنىچە تۇتقان يەردە ئۆلتۈرۈپ، كاشغەرگە يېقىنلىشىپ باردى. ئالتىشەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن زاماندىن بېرى قۇرۇق ئاتاق، يالغان داۋراڭ، خۇراپىي سۆزلەرگە بېرىلىپ كەتكەچكە، خوجا نىيازنىڭ گاسىلىڭ ئەسكىرىدىن قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۇلارغا قاتتىق قورقۇنچ كەلتۈرگەن ئىدى. قىسقىسى، كاشغەر خەلقى كەڭ دالادا چوپانسىز قالغان، ئەتراپىنى ئاچ بۆرىلەر ئوراپ تۇرغان بىر توپ ئىگىسىز قويدەك ئەھۋال ئاستىدا تۇرغاندا، تۇڭگان ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ئۆزلىرىگە قارشى ھېچ قانداق چارە كۆرۈلمىگەنلىكىنى سەزگەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى خالىغان يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. قارىسا، ئۆزلىرى ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى. بىچارە مۇسۇلمانلار «ئىككى دۇنيالىق يولباشچىلىرىمىز» دەپ ئويلىغان، ھەر ياخشىلىقنى كۈتكەن چالا موللا ـ داموللىلىرى سىياسەت ئالىمىدىن خەۋەرسىز، توغرىسى ھەقىقىي ئىسلامىيەتتىن بەھرىسىز بولۇپ، ئېتىقاد ـ ئىشەنچلىرىنىڭ بوشلۇقىدىن مۇسۇلمانلار بېشىغا چۈشكەن شۇ كەبى ئېغىر كۈنلەردە ھېچ قانداق خىزمەت قىلالمىدى. بولمىسا: «پۈتۈن مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر» دېگەن ئايىتى بار قۇرئان كەرىمگە ئىشەنگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام قېرىنداشلىقىدىن پايدىلانماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نېمە چارە؟! بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ھەقىقىي ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىدىن ئىسلام ئالىمى

ئۈستىگە شۇ كۈنلەردىكىگە ئوخشاش دەھشەتلىك ئاپەت ـ بالالار ھەر ۋاقىت يېغىپ تۇرماقتا ئىدى. قۇرئاننىڭ: «ياخشىلىق كۆرسەتكەنلەر بىز قىلغان بولىمىز، يامانلىقا قالساڭلار، باشقىدىن كۆرمەي ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار»، دېگەن سۆزى ئەلۋەتتە ھەقتۇر.

شۇنداق قىلىپ، ما خوسەن كاشغەر خەلقىدىن ئۆمىد ئۈزۈپ، (مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چىقاردى. قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرستىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش باشلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئورۇنسىز قانلار ئېقىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، بەكرەك قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر پەرغانىلىق قۇر بېشى يۈسۈپجاننىڭ قالدۇق ئۆزبېك ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان ئۆينى تېشىپ ئاكوپ قىلىپ تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە كۆپرەك زەربە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن كىم قولغا چۈشسە، تىرىك قويماي ئۆلتۈردى. بۇلار ئىچىدە سوۋېت رۇسىيە قىزىل مەككارلىرى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلىرى خوجا نىياز ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەنجان چېگرىسى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالغان ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن شۇ كەبى ئاڭسىز ئادەملەرنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار سوۋېت رۇسىيە چېگرا ئەسكەرلىرى قۇيرۇقىدا قوراللانغان ھالدا ساقلىنىپ قالدى. بۇلاردىن باشقىلىرى، ئەگەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپلا قالغان بولسا، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ جېنىنى ئالدى. كاشغەردىن يىگىرمە چاقىرىم يىراق جايدىكى يېڭىشەھەردە، ئەسكى ھۆكۈمەت يىقىلغان كۈندىن باشلاپ ھېچ كىمگە بويسۇنماي، قاملىپ ياتقان بەش ـ ئالتە يۈزدىن ئارتۇق تۇڭگان ـ خىتاي قوراللىق ئەسكەر بار ئىدى. گاسلىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىشىنى ئاڭلىشى بىلەن دەرھال ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالا ئۈستىگە ئارتۇقچە بالا

بولۇپ، كاشغەر شەھرى ئىچىدە چىڭگىز ۋەھشىيلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئىشلار كۆرۈلگىلى تۇردى. بۇنىڭغا قارشى ھېچ قانداق چارە تېپىلمىدى. چۈنكى خەلق تېخىمۇ ئاڭسىز بولۇپ، سىياسەت دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، قالاق ئىدى. يەنى يىگىرمە - ئوتتۇز يىللاپ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان رۇس كوممۇنىست باسقۇنچىلىرىنىڭ قۇللۇقى ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئېچىنارلىق سەرگۈزەشتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي، يېڭى ھايات بازىرى ئېچىلغاندەك بىھوش ئىدى. زاكاتسىز يىغىلغان ھارام ماللارنى، ئۆزبېك بايلىرىدىن قالغان ھارام مال، ئالتۇن - كۈمۈش دۇنيالارنى تاشكەنتكە توشۇپ ئاپىرىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈشكەن ئىدى.

ھەقىقىي ئىمان بىلەن تەقلىدىي ئىماننىڭ پەرقى قۇرئان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىش، قىلماسلىق بىلەن مەلۇم بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېلىڭلارنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تۆمۈر قورغانغا قاماڭلار! يەنى زاكات مېلىڭلارنىڭ تۆمۈر قورغىنى بولۇپ ئاپەتتىن ئامان قالىسىلەر» دېگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىگە گۇمان كەلتۈرۈپ، زاكاتسىز يىغىلغان مال - دۇنيا قۇرئاندا ئېيتىلغاندەك «قىيامەتنىڭ نۇسخىسى» بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە ئوتلۇق تامغىدەك بېسىلغان ئىدى. چالا موللا ۋە بىر قانچە نادان بايلار بىلەن بىللە تۇرۇپ زاكاتسىز يىغىلغان ماللارنى ئۆز ئىختىيارىچە تاپشۇرۇشقا كۆڭلى قىيماي، ئۇ ساقلىغان زاكاتسىز يامبۇلار تېنىگە قىزدۇرۇلغان تامغىدەك بېسىلىپ جېنىغا زامىن بولدى. لېكىن بۇلار ئىچىدە ئەسلى مەرغۇلانلىق ئۆزبېك بايلاردىن مۇھىيددىن دېگەن بىر باي كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى 1934 - يىلى ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەن پۈتۈن بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئامان - ئېسەن پاكىستان يولى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ قۇتۇلغان ئىدى. ئۇ كىشىنى ئۆزۈم كۆرمىگەن

بولساموٴ، ئىشەنچلىك، چىن سۆزلەيدىغان كىشلەرنىڭ ئېيتىشچە، تىجارەت ئىشىغا كىرگەن كۈندىن باشلاپ، كەتكەن ئارىلىقتا قەدەر زاكاتنى قالدۇرماي بېرىپ كەلگەن كىشى ئىكەن. بەلكىم شۇنىڭ شارابىتى بولسا كېرەك، پاكىستان پايتەختى كاراچىغا بېرىپ كاتتا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شىركەت ئېچىپ بايلىقى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپتۇ. ئىلگىرى كاشغەردە تۇرغاندا، كوممۇنىستلار زۇلۇمىدىن ئۆز ۋەتىنىگە سىغماي ئۇ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئىلىم ئەھلى ھەمشەھەرلەرگە قانداق ياردەم قىلغان بولسا، ئافغانىستان، ھىندىستان مەملىكەتلىرىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن ۋەتەنداشلارغىمۇ شۇنداق ياردەم بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا كاشغەرنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىرىدىن ئۆمەر ئاخۇن باي، ئۆزبېكلەردىن سېتىۋالدى بايلار شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، چاترا ھىندىستان ئارقىلىق ئىككى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن كۆرىدىغان كۆرگۈلۈكى بارمىكىن تاڭ، بىر ئىككى يىل بولار - بولماي قايتىپ كېلىپ، ھەممىسى شۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولدى.

قىزىل مەككارلار بىر تەرەپتىن ئۆز سىياستىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تويمىغان ئاچ كۆزلىرىنى قىزىقتۇرغان كاشغەر بايلىرىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالىرىنىڭ باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىچىدىن قان كەتمەكتە ئىدى.

ئەنە شۇنداق، ھەپتە - ئون كۈنلەپ داۋاملاشقان تالان - تاراج، بۇلاڭ - تالاڭ، ئات - چاپ ئىشلىرى بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن، ئاقسۇدا قالغان گاسلىڭ كاشغەرگە كەلدى. ئەتىسى ھېيتگاھقا يىغىلغان خەلق ئالدىغا چىقىپ، بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۆزىنىڭ نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قاتتىق ئېچىنغان ھالدا كۆپچىلىكتىن كەچۈرۈم سورايدۇ. بىراق، يېشى ئوتتۇزغا يەتمىگەن

بۇ قەھرىمان قوماندان بىر تەرەپتىن دۈشمەن باشلىقى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۈتۈۋاتقان سىياسىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ كېلىشىدە چوڭ خەتەرگە يولۇقۇپ قالدى. يەنى كاشغەردىكى سوۋېت رۇسىيە كونسۇلخانىسى خادىملىرى مەككارلار مەركىزى بولغان كىرىملىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بۇ شۇڭقار قۇشنى تورغا چۈشۈرۈشكە قاتتىق كىرىشكىلى تۇردى. ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي ئالاقە باغلاش مەقستى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەزەلدىن بار ئىدى. بۇ پىلان گاسلىڭغىمۇ ياغدەك ياقتى. بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلىگەن كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شەيتان توزاقلىق كونسۇلخانا گاسلىڭ ھۆرمىتىگە ھەر تۈرلۈك ھاراق ـ شاراپ ئىچىملىكلەردىن تارتىپ، ئىنسان زاتى قىزىقىدىغان خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن زىياپەت تەييارلاپتۇ. گاسلىڭ ئەللىك ـ ئاتمىش ئەتراپىدا ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن زىياپەت زالىغا كەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز يۇرتىدىن چىققار ۋاقتىدىكى چوڭ ئۈمىدلىرىنى ئۇنتۇپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن يالغان مۇسۇلمانلاردىن كۆڭلى سوۋۇغان ھالدا، ئادەم شەيتانلىرى سۆھبىتىگە داخىل بوپتۇ. ئەنە شۇ زىياپەتتىن كېيىن: «فى سەبىلىللاھ» شوئارلىق بۇ قەھرىمانلارنىڭ ھىممەت ئوتلىرى سۇنۇپ، ھال ـ پىكىرلىرى ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ ۋە كېچە ـ كۈندۈزلەپ، بەلكى ھەپتە ـ ئايلاپ كونسۇلخانىدا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپتۇ.

بۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «مۆمىن ئادەم ئىمان نۇرى بىلەن ھەقنى باتىلدىن، توغرىنى خاتادىن ئاجرىتالايدۇ» دېگەن مۇبارەك سۆزلىرىدىن ئاجرالغان ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، گاسلىڭغا قاراشلىق ئەللىك ـ ئاتمىش نەۋقىران ئەسكەر باشلىقى بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، يىلان ئاغزىغا چۈشكەن قۇشقاچتەك ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ قىزىل جاللاتلار قولىغا تاپشۇرۇلدى. چېگرىدىن ئۆتۈشى بىلەن ھەممىسى قورالسىزلاندۇرۇلغان ئىدى. كېيىنكى ھالىنىڭ نېمە بولغانلىقى

بىزگە نامەلۇم. گاسلىك ئەسكەرلىرى ئەينى زاماندا «سەككىزىنچى ئارمىيە» دەپ ئاتالغان قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ قوشۇنىغىمۇ بىر نەچچە قېتىم زەربە بېرىپ ئاتنىقى چىققان قوشۇن ئىدى. رۇسلار ئۇلارنى بىر ھىيلە بىلەن ئاسانلا قولغا چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ، يالغۇز «شەرقىي تۈركىستان»دىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خىتاي تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن قوزغىلاڭلار سوۋېت رۇسىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ سىياسىتىگە ماس كەلگەن ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان ئىدى.

ما خوسەن بۇ ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇنراق خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، يەركەن، قاغىلىق، خوتەن ئەتراپى بىلەن چەرچەن، چاقىلىقلارغىچە بېرىپ، ئۇ يەرگە ئىگە بولغان ئىدى. ھەر تەرەپتىن قاچقان سوقۇندى ئەسكەرلەر سىغىقۇدەك يەر تاپالماي ما خوسەنگە قېتىلىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن چاترا يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ قۇتۇلدى. لېكىن قۇرۇق نامى بولسىمۇ، يېڭى قۇرۇلغان ئەركىن « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى سابىت داموللا باشلىق يەتتە كىشى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئالاقزادە بولۇپ، بەزىلىرى ئۆز ئۆيىدە، بەزىلىرى باشقا يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆندىلىك ئەھۋالى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇلاتتى. شۇنىڭغىچە سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلگەن خوجا نىياز ئوقۇتۇلغان ياش بالىدەك تەييار ئىدى. 1934 ـ يىلى، سوۋېت كونسۇلخانىسى ئۇنىڭ قولىدىن ھۆججەت ئالغانىنىڭ ئۈستىگە، يەرلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى باشلىق بايلارنى ۋە باشقىلار پاش قىلغان كىشىلەرنى قالدۇرماي تۇتۇپ، شىڭ دوبەنگە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرغان ئىدى. قويۇلغان بىر قانچە شەرتلىك ماددىلار خوجا نىياز تەرىپىدىن ئورۇندالغان تەقدىردە، ئۇنى مۇسۇلمانلار ۋەكىلى سۈپىتىدە شىڭ دۇبەنىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بارلىق ئىشلار قىزىل مەركەز تەرىپىدىن قېلىپقا سېلىنغان لايدەك تەييار

بولغانىدىن كېيىن، قىزىل جاللاتلار ئىشقا كىرىشكىلى تۇردى. خەلق كۆزىنى بوياپ قورقۇتۇش، يۈرىكىنى مۇجۇپ ھەممىگە دەھشەت كۆرستىش، خەلق ئىچىدە ھەيۋەت ئاشۇرۇش ئۇلارنىڭ قانۇنىي شوئارى بولغانلىقتىن، ھېچ قانداق ئىش كۆرمىگەن، بولۇپمۇ، دىنىي زاتلار، چوڭ - كىچىك بايلار، خەلق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنى بىرىنچى نۆۋەتتە قولغا ئالغىلى تۇردى.

مۇھەممەد ئاخۇن خەلپىتىم، كاشغەر ئۆلىمالىرىدىن سابىت داموللام ئاتۇش، سابىت ئاخۇن قىزىلبۇيا، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، شەمشىدىن داموللام  باشلىق دىنىي ئالىملاردىن قىرىق - ئەللىك ئادەم شۇ ئىنقىلابنىڭ قۇربانى بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىداناملىرى چىققان  ئالىملار كىتاب يېزىش، ئەسەر تەسنىپ قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئەمما سابىت داموللامدىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئەسەر يازغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، بۇلارنىڭ قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئۆلمەي، ساق قالغانلىرىنى قول ئايىغىغا زەنجىر - كىشەنلەر سېلىپ، ئۇرۇمچىگە، شىڭ دو بەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئالدىنى قىيناپ ئۆلتۈردى، ئاخىرىنى ئۇزۇن يىل قاماق جازاسىغا مۇپتىلا قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ: « بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان، ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزگە، ئىنسانىي ھەقلىرىمىزگە ئىگە بولساق بولاتتى» دېگەندىن باشقا نېمە گۇناھى بار ئىدى؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمىنىڭگە قارشى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە كۈچ - قۇۋۋەت توپلا!»

مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ يالغۇزلا شۇ ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلغان بولسا، پۈتۈن ئىنسانلارغا ھۆكۈمران بولۇپ، ئىسلام ئادالىتى يەر يۈزىدە ئورناشقان بولاتتى. بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىدە شەك يوقتۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: «مېنىڭ ئۇممەتلىرىمدىن قايسى كىشى ياخشىلىق كۆرسە، ئۇنى ئاللاھتىن كۆرسۇن ۋە

بۇنى ماڭا ئاللاھ بەردى، ـ دەپ بىلسۇن. ئەگەر يامانلىق كۆرسە، ئۆزىدىن كۆرسۇن ۋە ئۆزىگە مالامەت قىلسۇن!» دېگەنىدى. قۇرئان ھۆكۈمگە قارىغاندا، باشقىلارغا ۋەتەنلىرىنى باستۇرۇپ، ئۆز مىللىي ھۆكۈمىتىنى ئۆلارغا تەۋە قىلغان مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىمىغانلىقتىن، جاۋابكارلىققا تارتىلىپ، ھەر ئىككى دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ. بىزنىڭ ئىنقىراز بولۇشىمىزدىكى بىرىنچى سەۋەب ئىتتىپاقسىزلىقىمىز بولدى. ھالبۇكى ئىسلام دىنى مۆمىنلەرنى ھەمىشە بىرلىك، ئىتتىپاقلىققا ئۈندەيدۇ.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، قىزىل سېپەرگەرلەر قولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان پىتنە ـ پاسات ئوتى، يەنە شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئۆچۈرۈلۈپ، 1934 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئالدىن پىلانلىغان شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شىڭ دوبەن ئۆزىنىڭ قېيناتىسى چۇ سىلىڭ دېگەن قېرى خىتاينى ئىلى ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ، غۇلجىغا ئەۋەتتى. تۇقماقتىن كەلگەن بايلاردىن ئەسلى كاشغەرلىك ئالماس بەگ ئوغلى تۇداخۇن دېگەن كىشىنى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ بېكىتتى. لېكىن شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى ھەر تەرەپتىن سوۋېت سىياسىتىگە باغلانغانلىقتىن پۈتۈن ئىشلار سوۋېت رۇسىيە كونسۇلىنىڭ دېگىنى بويىچە بېجىرىلەتتى. چۈنكى ياپونلار مانجۇرىيىنى بېسىۋېلىپ شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسىگە كۆز تىككەن ئىدى. شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى ياپونلارنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسىگە يېقىن يولاتماسلىق ئۈچۈن، شىڭ شىڭشا چېگرىسىغا 20 مىڭ ئەسكەر قويدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى  غەربىي تۈركىستانغا ئوخشاش ھەر تەرەپتىن سوۋېت رۇسىيە سىياسىتىگە ماس ھالدا باشقۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ياپونىيىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى ئۈچۈن قەغەز ئۈستىدە بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى قىلىپ ھېسابلىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تۇپرىقى شەرقىي تۈركىستان ئېغىزدا جاڭ كەيشى خىتاي

ھۆكۈمىتىگە قارىغان بولسىمۇ، ئاستىرتىن سوۋېت رۇسىيە ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشقا قاتتىق تىرىشۋاتاتتى. بولۇپمۇ، بۇ ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى پۈتۈنلەي سوۋېت رۇسىيىگە باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تىجارەت ئىشلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بۇ ساھەدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز كەسپىدىن ئايرىلىپ، ئىشسىز قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەلۇمكى، خەلقئارا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق قانچىلىك كۆپىيىدىكەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ ھالاكەت تۈزىقىغا شۇنچىلىك يېقىنلىششى مۇمكىن ئىدى.

قۇلاققا يېقىملىق ئالتىشەھەرنى كۆز - كۆز قىلىپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ نەيرىڭى بىلەن، پۈتۈن خەلقنى تۈرلۈك يوسۇندا ئوينىتىقلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە: «ياپونلارغا قارشى ئارقا سېپىمىزنى چىڭىتىپ، ختاي جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن بايلارغا سېلىق سېلىپ، ئالۋان - ياساق توپلىغىلى تۇردى. شۇنداق قىلىپ، خەلقنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئوينىتىپ، 1937 - يىلىغا كەلگەندە، ئۆز پىلانىغا قارىتا بىردىنلا ئۆزگىرىش ئېلىپ باردى. يانۋار كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، غۇلجا شەھىرىدىكى تۇداخۇن باشلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىشىنى ھېچ قانداق سەۋەبسىز قولغا ئالدى. يەنى غۇلجا ۋالىسى چۇ سىلىڭ سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۇتۇلىدىغان كىشلەرنى مەجلىسكە چاقىردى. سائەت 12 بولغاندا، ئالدىن تەييارلانغان ختاي ئەسكەرلىرى مەجلىستىن قايتىپ كېلىۋاتقان تۇداخۇن باينىڭ ماشىنىسىنى توختىتىپ، قىشلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يالاڭ كىيىمى بىلەن قاراڭغۇ كامېرغا سولاپ قويىدۇ. ئۇندىن باشقىلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئۆز ئۆيىدە ياتقاندا ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، يىرتقۇچلارچە قوپاللىق بىلەن خوتۇن - قىزلىرىنىڭ بويندىكى ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ، ئۆزلىرىنى ئەسكى كىگىزگە يۆگەپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا ئۇدۇلىدىكى قوشنا ئەختەم باينىڭ قورۇسىغا

تاشلايدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، تۇداخۇننىڭ يىگىرمە ياشلىق ئوغلى نۇرتاي بىلەن تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەن ئوغلى ئەھمەت بەگنى ياتقان يېرىدىن تۇتۇپ، كۆينەكچان پېتى بىر يەر ئاستى ئۆيگە سولاپ قويىدۇ. شۇ قامالغان پېتى ئۆلارنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغان ئىدۇق. ھەتتا ئۆلارنىڭ كوچىدا قالغان بالا ـ چاقىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقىمۇ ھېچ كىم جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. بىرىنچى تۈركۈمدە قامالغان كىشىلەرنىڭ قورۇ ـ جاي، مال ـ مۈلك، ئۆي ـ بىسات، يېمەك ـ ئىچمەك ھەممە نەرسىسىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۆلارنى كوچىغا ھەيدەپ چىقارغان ئىدى.

تۇداخۇن باينىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارى بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇپ، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىغانلىقى ھەم باشقا جايدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭغا چېقىلمىغان ئىدى. كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭمۇ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى قاماپ قويىدى. بىچارە سىڭلىسى تاشخان خىتايلارنىڭ بوسۇغىسىغا باش ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇۋالغاچقا، يەتمىش كۈن بولغاندا ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئىدى.

بېيىت

دۆلەت باشتىن كېتەردە،
كەڭ كىيىمىڭ تار بولۇر.
قوي دېگەنگە كۆنمىگەن،
ئاراچىگە زار بولۇر.

ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاپ، نەھىسىدىن قايتمىغان كىشىلەرنى بالادىن كىم قۇتقۇزالىسۇن؟! ھالال كەسىپ بىلەن مۇسۇلمان مېلىنى دۇنيالىق ـ ئاخىرەتلىك

ئاپەتلىرىدىن ئامان ساقلاش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا زاكاتنى تۆمۈر قورغان قىلغان ئىدى. دۇنيا ئىشلىرىغا قاتتىق بېرىلىپ، قۇرئان ھۆكۈمىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىگە گۇمان بىلەن قارىغان بولغانلىقتىن، زاكاتسىز، خەير - ئېھسانسىز يىغقان ھارام مال - دۇنيالىرىنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئىت - توڭگۇزلارغا يەم بولۇشىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟! قۇرئاننىڭ ئېيتىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن قۇللىرىغا ئاتا قىلغان ھالال رىزىقلىرىنى ھارامخور كاپىرلارغا يېگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس.

## شىڭ دوبەننىڭ زۇلۇمىدىن قېچىش ۋە تۇرمە

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، «دۆلىتىم بېشىمدا بولسا، يار - بۇرادەرلىرىم يېنىمدا» دېگەندەك، قۇۋۋىتى كەتكەن، دۆلىتى قاچقان كۈنلەردە ھەركىمنىڭ ئۆز ئائىلىسى، ئاتا - ئانىسى ياكى قەدىرداﻥ دوستىدىن باشقىلىرى دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. تۇداخۇن باينىڭ شۇنچە كۆپ يار - بۇرادەر، دوست - ئاغىنىلىرىدىن بىرەرسى ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىشقا بارالماي تاشلىۋەتتى. ئاخىرى، مەن چىداپ تۇرالماي، ئۆزۈم ھەر قانچە تەشۋىش ئىچىدە بولسامۇ، يېرىم قوي گۆشى بىلەن بىر تونۇ ناننى ئېلىپ، مەرھۇم ئائىلىمنى كىرگۈزگەن ئىدىم، ئۇلار: «ۋاي بۇ دۇنيادا بىزنى يوقلايدىغان كىشى بار ئىكەن» دەپ يىغلاپ كەتتى. شۇ قېتىم قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزلىرى غۇلجىنىڭ سىرتىدىكى بىر يېزىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. ئۇلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشىمىز شۇ بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئوخشاش ھەممە كىشى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىپ ئۇلاردىن خەۋەر ئالالمىدۇق. چۈنكى ئۇ كۈنلەردە بۇ جاللاتلار ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي خىزمىتىگە سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىناتتى. قۇل غوجا ئەھمەد سۇلتانىمنىڭ: «پۇچەك پۇلغا ئىمانىنى ساتىدۇ» دېگەن سۆزى راستتىنلا ئەمەلدە كۆرۈلگىلى

تۇرغان ئىدى. جەننەت مىسالى، ئۇرۇق ـ ئايماقلىق سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ، ئامانلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئىدۇق. قىزىل سېپەرگەرلەرنىڭ شۇم قولى بىلەن بۇ يەردىمۇ ناھەقلىق ئەۋج ئېلىپ، خەير ـ بەرىكەت، تىنچ ـ ئامانلىق كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ ۋەقە بولماستىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى خىتاي، جەنۇبىي ھىندىستان يوللىرى ئوچۇق تۇرغان بولسىمۇ، ئىش باشلىنىشى بىلەن ھەممە تەرەپ پۈتۈنلەي قامالغان ئىدى. پەقەت ئىشنىڭ ئوڭ ـ سولىنى بىلمەيدىغان قارا ئىشچى، ساۋاتسىز كىشىلەرلا خاتىرجەم بولۇپ، بىزدەك ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى بىلىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى ناھايىتى تەس ئىدى. بايقۇشنىڭ شۇم كۆزى كېچىسى ئېچىلغاندەك، بۇ قانخور جاللاتلارنىڭ كۆزىمۇ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئېچىلاتتى. كۆپ كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە ياتالماي، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن دەككە ـ دۈككىدە كۈن كەچۈرىدىغان ھالغا چۈشكەن ئىدى. يەنى بۇ ئىنسان ۋەھشىيلىرى ھېچ قانداق گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كېچىلەپ باستۇرۇپ كىرىپ، تۇتۇلغانلارنىڭ پۇت ـ قولىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىپ قارا زىندانغا تاشلايتتى. مانا قاراڭ، 20 ـ ئەسىردە ئىنسانلار ھوقۇقىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىشىنى! تۇنجى تۈركۈمدە قولغا ئېلىنغان كىشىلەر تۈرمىگە كىرىپ، ئۈچ ـ تۆت ئايلىق قىش ئۆتۈپ كۆكلەم كەلگەندە، يېڭى قورقۇنچلۇق ئىشلار، شۇم خەۋەرلەر ئاڭلانغىلى تۇردى. ئىككىنچى تۈركۈمدە تۇتۇلىدىغانلار قاتارىدا مېنىڭمۇ ئىسمىمنىڭ بارلىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەي، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال قىلىپ، غەم قايغۇ ۋە ئەندىشە بىلەن تاڭنى ئاتقۇزىدىغان بولدۇم. چۈنكى ھەر كېچىسى يېتىپ ئەتىسى تۇرغىنىمىزدا: « بۇ باسقۇنچىلار پالانى ـ پالانىلارنى تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلايتتىم. ئارىدىن بەش ـ ئون كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچە بولغاندا، دەرۋازا قېقىلغىلى تۇردى. ئوغلۇمنى

چاقىرىپ: «ئاسىلخان ئوغلۇم، ئىشىكنى ئاچ!» دېدىم. دەرۋازا تۈۋىدە ئۆزبېك ئاقساقىلى شىرىپ شاڭيونىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوغلۇم: «مانا ئاچقۇچنى تاپاي» دېگەن باھانە بىلەن قايتىپ كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلدى. ئۆزۈممۇ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدىم، تاشقىرىغا چىقتىم، ھاۋا جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ئىدى. «نېمە بولسا مەيلى، ئالدىغا چىقاي» دەپ ماڭغىنىمدا، ئوغلۇم ئاسىلخان: «دادا ئۇلارنىڭ قولىدا كىشەنلەر جالدىرلاپ تۇرىدۇ، قېچىشىمۇ پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان ئادەتقۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوغلۇم ئاسىلخان پۇتۇمدىن كۆتۈرۈپ، ئېگىز تامغا يۆلەپ قويدى، تامدىن ئارتىلىپ قوشنىمىزنىڭ ھويلىسىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ھەم يامغۇر يېغىپ ھەم شامال چىقىۋاتقاچقا، ئۇلار سىرتتا تۇرۇپ سەزمەي قالدى. قورۇدىن قورۇغا ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى بىر بېدە دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇندۇم. ئارىدا بەش - ئالتە ھويلا بولسىمۇ، ئارىدا ئوچۇقچىلىق بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ تۇردۇم. ئۇلار قوشنا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا قويۇق ئاختۇرۇپ، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، مېنى تاپالماي ئاسىلخاننى ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئائىلەمگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنى ئىككى پۈتلۈق ھايۋان دېسىمۇ ئادەم خاتالاشمايدۇ. ئۇلار كېتىپ، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، يامغۇر خۇددى ئاسماندىن چېلەكلەپ قۇيغاندەك قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. ئۈستى بېشىم يامغۇردا ھۆل بولۇپ، سۇغا چىلىشىپ كەتتى. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن باشقا بىر جايغا ئورۇنلىشىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاشغەرلىك قوشنىمىز ئايۇپ ئاخۇن ئۇستامنىڭ قورۇسىغا كىرىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، مىڭ خىجالەت بىلەن ئۆزى ياتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى چەكتىم. ئاۋازىمدىن تونىدى بولغاي، دەررۇ كېلىپ مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بويىچە مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. بۇ ۋەقە، 1937 - يىلى مارت ئايلىرىدا بولغان ئىدى.

**شۇ ئارىدىن ئوتتۇز ئۈچ يىل ئۆتۈپ بۇ كىتابنى يازماقتىمەن. ئەگەر ئارىدىن مىڭ يىل ئۆتسىمۇ، بۇ ياخشىلىقنى ھەرگىز ئۇنتۇماي، دائىم ئۇنى ئەسلەپ تۇرىمەن. ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!**

**ھۆل كىيىملىرىمنى قۇرۇتۇپ تۇرۇشۇمغا، بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى. يوغان چاپاننى كىيىپ، يوغان سەللىنى ئوراپ، ئايۇپ ئاخۇن بىلەن «بىسمىللاھ» دەپ ئۆيدىن چىقتۇق. نامازغا ماڭغان كىشىدەك ئىشىك ئالدىمىزدىن ئۆتۈۋېتىپ قارىسام، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىككى نەپەر خىتاي چېرىكى تۇرۇپتۇ. ئۇلارغا پىسەنت قىلماي، شۇ ماڭغىنىمىزچە مەرھۇم ئوسمان قارىمنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. دەرۋازىسى تېخى ئېچىلمىغان ئىكەن. بىرى دەرۋازىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ مېنىڭ خەۋىرىمنى يەتكۈزدى. ئوسمان قارىم دەرھال ئۆيدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ، ئۇيلىغىنىمدىن ئارتۇقراق ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى. ئاللاھ ئۇلۇغ ئەجىر بەرسۇن!**

**بۇ كىشىنىڭ ئۈز ئۆيىدە تۇرۇشىمىز ئېھتىيات يۈزىسىدىن توغرا كەلمىگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن يىراقراق خىلۋەت كوچىدىكى كۈيئوغلىنىڭ قورۇسىدا تۇرۇشىمىزغا مەسلىھەت بەردى. مانا شۇ جايدا ئون كۈندەك تۇردۇم. بىر كۈنى ھۆكۈمەت جاسۇسلىرىدىن بولغان ۋىجدانسىز، ۋەتەن خائىنى شىرىپ شاڭيو ئوسمان قارىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مېنىڭ توغرۇلۇق ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئورۇن يەڭگۈشلەش قارارىغا كەلدۇق. قارىمنىڭ بېغىدا نەچچە يىللىق تاشلاندۇق، كونا خۇمدىنى بار ئىكەن، ئالدىراشلىقتا ياتىدىغان يەر تاپالماي، شۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ 9 سائەتتەك ياتتىم. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بۇ جايدىن يۆتكىلىپ، دەريا بويىدا بىر خىلۋەت يەر تېپىپ، شۇ يەردە ئەزىز جېنىمنى بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ ساقلىدىم. مېنىڭ بۇ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىمدە ۋاپادارلىق قىلىپ، دوستلۇق ھەققىنى ئۆتىگەن ئەركەكلەرنىڭ بىرىنچىسى توقماقلىق ئابدۇرەھمان ئىدى. ئۇ ئوغلى ئابدۇلقادىر باشلىق چوڭ -**

كىچىك پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن مېنىڭ ياردىمىمدە بولدى. ماڭا جان پىدالىق بىلەن ئىخلاس قىلىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەردىن يەنە بىرى ئاتۇشلۇق سودىگەرلەردىن مەتنىياز ئىدى. بۇ قەھرىمانلار ئالتاي موڭغۇلىيىدە غۇلجا يىلقىسى پۇل ئىكەن دەپ، ئاتايىن مەن ئۈچۈن يۈز يىلقا سېتىۋېلىپ، موڭغۇلىيىگە ھەيدىمەكچى بولدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، مېنى خىزمەتچى يىلقىچىلار قاتارىغا قوشۇپ موڭغۇلىيىگە ئاپىرىپ، ئۇ كۈنلىرى مانجۇرىيىدە تۇرۇشلۇق ياپونلار تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدى. چىن كۆڭلى بىلەن بىز ئۈچۈن بۇ ئىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، يولىمىز توغرا كەلمەي قىلىپ، باشقا ياققا ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق.

«يا رەببىم! بەندىلىرىڭنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا يارىشا ھېچ قانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، سېنىڭ يولۇڭدا ياخشىلىق قىلىش ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش مېنىڭ ئەڭ سۆيۈنۈپ تىلىگەن مەقسىتىم ئىدى. ئى ئۇلۇغ ئاللاھىم! مەن قىلالمىغان بولسام، مەن ئۈچۈن ئۇلارغا ئىككى دۇنيا ياخشىلىقلىرىڭنى ئۆزۈڭ بەرگەيسەن ـ ئامىن!»

دۇنيادا قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندىن ئېغىر ئىش يوق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، باشقا كەلگەندە ئۇنى تارتماسلىققا چارە يوق ئىكەن. ئۇۋچىدىن قاچقان تۈلكىدەك ئۇ تۆشۈكتىن بۇ تۆشۈككە، بۇ تۆشۈكتىن ئۇ تۆشۈككە قېچىپ يۈرۈپ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدۈم.

شۇ ئاردا، مەرھۇم ئوغلۇم غاپپارخان ۋەدە بويىچە كۈنەستىن ئىككى ئاتنى ئېلىپ سەپەر تەييارلىقى ئۈچۈن كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى تۇتالماي، 18 ياشلىق ئوغلۇم ئاسلخاننى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرى: «ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرى كىملەر؟» دەپ سورىغاندا، بەزىبىر مۇناپىقلار سوقولۇقلۇق تۈڭگان دوستلىرىمدىن كۆپرەك ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭ

بىلەن، سوقۇلۇق ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق تۆڭگانلىرىدىن دوستۇم مەرھۇم ياڭ شاڭلۇ بىلەن ئۇنىڭ بالىسى قاسىمنى ئىدارىگە چاقىرىپ كېلىپ، خىتايلارنىڭ كونا ئادىتى بويىچە ئۇرۇپ ــ قىيناپ، بىلمىگەن، كۆرمىگەن ئىشلاردىن سوراق سوراپ، بىر نېمىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن ئىكەن. كېيىن، يوشۇرۇن ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتىلىق مېھرى بىلەن تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئابدۇرەھمانىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم. ياسىن خەلپىتىم باشلىق سىرداش دوستلىرىمىزدىن كۆپ كىشى بۇ يەردە بىزنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلار بىلەن خۇددى ھەجگە كېتىۋاتقان كىشىلەردەك قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ خوشلىشىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن، يېرىم كېچىدە توپپا دەك بىلەن غۇلجىدىن چىقىپ ئىلىقا يولى بىلەن كۈنەسكە قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەر غۇلجا شەھىرىنىڭ توپتوغرا شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ھارۋىدا ماڭسا، تۆت ـ بەش كۈنلۈك يول ئىدى. بىز غەربتىكى كۈنگەي پىيادە يولى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ، كۆكتالنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدۇق. بىز بىلەن بىللە توقماقتىن قېچىپ چىققان قىرغىز يولداشلىرىمىزدىن ھەيدەر ئىلى دېگەن ئاكىمىز بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. بۇ كىشى ئوغلۇم غاپپارخانغا بىزنى يولدىن توسۇپ ئېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ تارماقلىرىدىن قوي داۋان تاغلىرىنىڭ قېلىن قارىغايلىقىدا بىزنى كۈتۈپ ياتقان قىرغىز تۇرغۇن باي ئۆيىگە باشلاپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن ئىكەن. ئۇ ۋەدە قىلغان يەرگە كەلمىگەنلىكتىن، ئوغلۇم غاپپارخان بىرەر ھادىسە چىقىپ قالغان بولمىسۇن دەپ، سۈرۈشتە قىلغىلى كەتتى. بېرىپ قارىسا، ناھايىتى چوڭ بىر پاجىئە يۈز بەرگەن ئىكەن. بۇ كىشى ئىككى ئاياللىق بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بىرى بالا يۈزى كۆرمەي، كۆپ تىلاۋەت قىلىپ ئاخىرى تاپقان بالىسى بەش ـ ئالتە ياشقا كىرىپ، سۈننەت تويىغا ئاز قالغان ئىكەن. غاپپارخان بېرىش ئالدىدا ئۇنى يىلان چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

غاپپارخان قـان يىغـلاپ ئولتۇرغـان مۇسـىبەتلىك كـىشـىگە باشـقا گەپ ـ سۆز قىلماي، باشقىلاردىن ماڭـدىغان يولنى سوراپ، قايتـىپ كەلـگەن ئىـكەن. بۇنـداق ئېغىر ئەھۋال ئۇستىدە كېتىۋاتقاندا بۇ ھادىسـىنىڭ يـۈز بېرىـشى بىـز ئۈچۈنمۇ بىـر كېلىــشمەسلىك ئىــدى. شـۇنداق بولــسىمۇ، ئوغلــۇم غاپپارخــان: «ماڭــدىغان يولىمىزنى بىلىۋالدىم، ئاداشماي تېپىپ بارالايمىز» دېگەن بولغاچقا، ئۇ يەردىـن قوزغىلىپ يولغا چۈشتۇق. كېچە ـ كۈنـدۈزلەپ يـۈرۈپ، ئـارال تـۆپە سـىرتى بىـلەن تۇن يېرىمدا كۇنەس دەرياسى بويىغا كەلدۇق. قاراڭغۇ تۈندە شـارقىراپ ئېقىۋاتقـان سۇنى كېچىپ ئۆتۈش راستتىنلا قورقۇنچلۇق بولـسىمۇ، ئاللاھنىـڭ يـاردىمى بىـلەن ئامان ـ ئېسەن ئۆتىۋالدۇق. ئات ئۇستىدىن چۈشمەي ماڭغانلىقىمىزدىن ھېرىپ ـ چارچاپ، ئـاران دېگەنـدە تـاغ ئېتىكىگە چۈشـۈپ، بىـر ئـاز بولـسىمۇ ئۇخلىۋالـدۇق. لېكىن تاغ ئىچىدە يالغۇز ئاياق يوللاردا مېڭىپ كـۆنمىگەن كـىشىگە يولباشچىسى بولمىسا، كۆزلىگەن جاينى تېپىپ بارالمايدىكەن. ئەتىسى كۈنـدىكى يۈرۈشـىمىزدە نـېمە بولـدىكىن، خاتـا يـول مېڭـىپ كـۆزلىگەن يەرنـى تاپالمـاي، ئېگـىز ـ پەس تاغنىڭ ئىچىدە ئادىشىپ قالدۇق. كۆزىمىزگە بۇلۇتقـا تاقاشـقان ئېگـىز تـاغلاردىن باشـقا ھـېچ نەرسـە كـۆرۈنمەيتتى. شۇ ئاداشقىنىمىزچە كۈنـدۈزنى كېچىگە ئۇلاپ مېڭىپ خۇپتەن ۋاقتى بىلەن بىر يەر تېپىپ ئورۇنلىشىش نىيىتىگە كەلدۇق. بىرئـاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كـۆڭلىمىزگە: «بـۇ يـەر ختـاي قاراۋۇلخانىسـىغا يـېقىن يەر بولۇپ قالسا، چارلاپ چىققان چېرىكلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، بىزنى يەنە پالاكەت باسمىــسۇن» دېــگەن گۇمــان چۈشــتى. شــۇنىڭ بىــلەن، ئوغلــۇم غاپپارخــان تەكشۈرگىلى كەتتى. «خۇدا ساقلىسا، بـالا يـوق» دېگەنـدەك، بىـر ئـاز يۈرگەنـدىن كېيىن يىـراقتىن چـىراغ يـورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. «بـۇ يەر قـازاق ئـاۋۇلى بولمىغـىدى، بېرىـپ سـوراپ باقـاي» دەپ قارىسا، «ئۈيغـۇدا ياتقـان ختـاي ئەسكەرلىرى» نىـڭ داغۇت، تاي داۋنىنى توسۇپ ياتقان قالماق قاراۋۇللىرى ئىكەن. خۇدانىـڭ كـارامىتى

بىلەن بۇ قالماقلار قولدا باققان بۆرە ئىتلاردەك ئۇخلاپ ياتقانىكەن. دەرھال كەينىمىزگە قايتىپ باشقا يولغا چۈشتۇق. كېلىشىمىزدە كۆرۈنمىگەن، ئەمما ئالدىن مۆلچەرلىگەن بەلگىلىرىمىز، قايتىشىمىزدا «مانا مەن» دەپ ئوپئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇ نىشان بىلەن تاغ تۆپىسىگە قاراپ كۆرۈنگەن يالغۇز ئاياق يولغا چۈشتۇق. ئۈچ ـ تۆت بەل ئېشىپ تۇتاش تاغلار ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا، يولدىن ئاداشقان يولۋاستەك بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. «بۇ نېمە ئاۋازدۇر؟» دەپ ئەتراپقا سەپسالساق، ئىككىنچى بىر تاغنىڭ بېشىدا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ كىشى: «هاي غاپپارخان» دەپ قاتتىق توۋلاۋاتاتتى. بۇ توۋلىغان كىشى ئۆتكەنكى كۈنىدىكى ۋەدىسى بويىچە، بىزنىڭ كېلىش يولىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان كىشى ئىكەن. بىز ئادىشىپ كېتىپ بىر كۈن كېچىكىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ: «بۈگۈن يولدا هامان ئۇچرىشىمىز» دەپ ئارال تۆپىگىچە بارماقچى بولۇپ، يولغا چىققان ئىكەن. غاپپارخانمۇ تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ ئادەم ئارقىسىغا قايتىپ، بىز تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەلدى. يېقىنلىشىپ كەلگەندە، مېنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ يىغلىغىنىچە كېلىپ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كىشى رۇسلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىيالماي، بىزدىن بىر يىل ئىلگىرى غۇلجىغا قېچىپ كەلگەن توقماقلىق قىرغىزلاردىن ئىدى. مېنىڭ بېشىمغا زالىملارنىڭ كۈلپىتى چۈشۈپ، پاناھلىنىدىغان يەر تاپالماي قېچىپ يۈرگەنلىكىمنى ئاڭلاپ، خاپا بولۇپ: «مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن، يۇلدۇز داۋان يولى ئېچىلغۇچە ئۇ كىشىنى مەن ئۆزۈم ساقلايمەن» دەپ ئوغلۇم غاپپارخانغا ۋەدە بەرگەن ئىكەن.

بۇنىدىن ئىلگىرى كۆرۈشمىگەن، تونۇشمىغان بولۇشساقمۇ، بىر يۇرتلۇق ھەققىنى ساقلاپ شۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىزگە ياردەم قىلىپ، باشپاناھ بولۇشتەك بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى قىلغان ئىدى. ئەگەر ۋاپات بولۇپ دۇنيادىن

ئۆتكەن بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر ھايات بولغان بولسا، ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە ئاللاھنىڭ پاناھىدا بولسۇن!

بېيىت

ياخشىلىق قىلغان كىشىنى ھېچ ئۇنتۇماس ساغۇنى،
تا ھاياتى بارىچە دائىم دۇئادا ياد قىلغاي ئۇنى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ دوستىمىز تۇرغۇن ئاغا بىلەن يول ئۇستىدە تېپىشقاندىن كېيىن، قوي داۋىنىغا يېقىن يەردىكى قېلىن قارىغايلىق تاغ ئىچىدە بىز ئۇچۇن تەييارلانغان يالغۇز چېدىرغا كېلىپ چۈشتۇق. مەرھۇم ئوغلۇم غاپپارخان مېنى شۇ جايغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆز تىرىكچىلىكى ئۈچۈن يەنە ئارال تۆپىگە قايتىپ كەتتى.

مەن تۇرغان بۇ جاينىڭ ھەممە تەرىپى خەلقتىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز چاقىرىملاپ يىراق، ئېگىز تاغلار، قېلىن قارىغايلار بىلەن قاپلانغان ئورماننىڭ ئارىسىدا بولغانلىقتىن، ئۆزۈمنى ئىنسان يىرتقۇچلىرى، زالىم ۋەھشىيلەردىن قۇتۇلدۇرغان ھېسابلاپ، ئۈستى كۆرۈنمەيدىغان ئاسماننىڭ تېگىدە، ئاز بولسىمۇ ئازادىلىك لەززىتىنى تېتىپ ياشاۋاتقاندەك بىر ھېستا ئىدىم. ۋاقىتلىق بولسىمۇ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېبابەت خىزمىتىنى ئىشلىگەن كۈنلىرىمدىن باشلاپ توپلىغان تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن: «ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا خەلق ئۈچۈن، بولۇپمۇ، ئۆز ئەۋلادىم ئۈچۈن خاتىرە بولۇپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئېنىق تۈركى تىلىدا بىر كىتاب يېزىپ، نامىنى «شىپائۇل ئىلەل» (كېسەللىكلەر داۋاسى) قويدۇم. ئەگەر شۇ كىتابنى ھوشيارراق بىر كىشى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، چۈشىنىپ بىر تەلىم ئالسا، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن پايدىسى بولۇشى تەبىئىيدۇر. ئۇنىڭ

ئۈستىگە، بۇ كىتابچە كۆزگە كىچىك كۆرۈنسىمۇ، تارىخىي دەھشەتلىك كۈنلەردە يېزىلغان بولغانلىقتىن، ئەۋلادىمىز ئۈچۈن شۇ كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، ھەر ئۆيدە بۇنىڭدىن بىر نۇسخا بولۇشى ئەلۋەتتە لازىمدۇر.

شۇنىڭ بىلەن، باشپاناھىمىز تۇرغۇن باي ئۆيىدە بىرەر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تاغلاردىكى قارلار ئېرىپ، داۋان يولى ئېچىلاي دېگەندە، ئۈلۈغ يۇلدۇز يولى ئارقىلىق ئالتىشەھەرگە سەپەر قىلماقچى بولدۇم. بىراق بۇ ئۆزۈن، جاپالىق سەپەردە ماڭا ھەمراھ بولغۇدەك ھېچ كىم يوق ئىدى. بۇ توغرىدا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، تۇرغۇن باي ئاغا يول باشچى بولۇپ، مېنى ئۈلۈغ يۇلدۇزغا يەتكۈزۈپ قويماقچى بولدى.

ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە كۈچار شەھىرىدىن كەلگەن سودىگەر ئېشەكچىلەرگە قوشۇلۇپ ئۆزۈم كەتمەكچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، مەرھۇم ئوغلۇم غاپپارخان سەپەر تەييارلىقى ئۈچۈن ئات ـ ئۇلاغ تەييارلىدى. 1937 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىنىڭ باشلىرى، پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، تۇرغۇن باينىڭ ئۆيىدىن «بىسمىللاھ» دەپ ئاتلىنىپ يولغا چىقتۇق. ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئوغلۇم غاپپارخان ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆزەڭگىگە كۆزىنى سۈرتۈپ، يۈزىنى قولۇمغا قويۇپ، يىغلىغان ھالدا مەندىن رازىلىق سورىدى.

خانتەڭرى تارماقلىرى ئۈلۈغ تاغلار ئارىسىدا ئاتا ـ بالا يىغلاشقان ھالدا بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. تېخى مېھرىگە تويۇپ قانمىغان ياش بالىلىرىمنى يىغا ـ زارە ئىچىدە تاشلاپ مېڭىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ئورنۇمدا مېھرى ـ شەپقەت قىلىشقا بۇيرۇدۇم. ھايات ئالەمدە كېرەكلىك ۋە دۇنيا ئاخىرىتىدە پايدىلىق، زۆرۈر نەرسىلەر بىلەن نەسىھەت قىلدىم. ئوغلۇم غاپپارخان كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيماي، كەينىگە قارىغان پېتى ئارقىسىغا قايتتى. بىز ئىككىيلەن ئۇزاقتىن مۇزلۇق ئەينەكتەك يالتىراپ كۆرۈنگەن تەڭرىتاغ تىزمىسىنى

بويلاپ تاغ ئارىلاپ ماڭدۇق. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن، ئۇدۇلىمىزدىكى قوي داۋىنىنى ئېشىپ، چاپقى يايلىقى ئۈستىگە كەلدۇق. بۇ يەرنى كىچىك يۇلدۇز دەپمۇ ئاتىشاتتى. بۇ يايلاقتا ئىلگىرى تۇرغاۋۇت قالماقلىرى ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بىرەر يۈز يىلدىن بېرى قىزاي قازاقلىرى ئېگىلىپ تۇرغان ئىدى.

بۇ ئورۇندا يېزىلغان «قوي داۋنى» دېگەن سۆز، بۇندىن سەككىز يۈز يىل ئىلگىرى ھازىرقى جامبۇل ـ تالاس ئۆلكىسىدىن ئۆتكەن تۈرك ئۇلۇسىنىڭ تۆپكى ئۇرۇقى قىرغىز خەلقىدىن چىققان قەھرىمان ماناس باھادىرنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ قەھرىماننىڭ ئىلى ئالمىلىق قالماقلىرىنى قىرغىن قىلماقچى بولۇپ، قوشۇن تارتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى قىرغىز داستانچىلىرى تەسۋىرلەپ تۆۋەندىكىچە ئېيتىشىدۇ:

ئىلىنىڭ باشى ئۈچ ئارال،
كۆرگەن چۆرە بارسىن بى.
تاي ئاشۇ مىنان قوي ئاشۇ،
ئاشقان چۆرە بارسىن بى.

بۇ سۆز خەلق ئاغزىدا يېقىنقى سەككىز يۈز يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. قوي داۋىنىنى بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ ئېشىپ ئۆتۈشۈم بىز ئۈچۈن بىر تارىخىي ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز چۈشكەن قونالغۇدىكى ئاۋۇل قازاقلىرى بىزنى يۇلدۇزچى سودىگەرلەردىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، چۈشكە يېقىن قارا كۆل داۋىنىغا كەلدۇق. ئۈچ ـ تۆت سائەت ئەتراپىدا داۋان ئۈستىگە چىقتۇق. داۋان يوللىرىدىكى قارلار ئېرىپ، يەر قارىداپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈپ مېڭىشقا توغرا كەلمىدى. پەس ئويماندىن ئۆرلەپ

يۇقىرىقى تاغ بېشىغا چىقىپ بىر ئاز يۈرگىنىمىزدە، ئىككى تاغ ئارىسىدا بىر قارا كۆل يالتىراپ كۆرۈندى. شۇ كۆلنى ياقىلاپ بىر نەچچە سائەت يول يۈرۈپ، باش - ئايىغى كۆرۈنمىگەن ئۇلۇغ يۇلدۇز يايلىقىنىڭ تۈگىمەس تۈزلىڭگە چىقتۇق. تارىخلاردا داستان بولغان ۋە «تۈرك ئۇلۇسىنىڭ ئايدارى» دەپ ئاتالغان بۇ كەڭ مەيداننىڭ غەربى غۇلجا تېكەس تاغلىرى، شەرقى ئۈرۈمچى داۋانچىڭ تاغلىرى، جەنۇبى كۇچار، قاراشەھەر تاغلىرى، شىمالى تەڭرىتاغ تارماق تاغلىرى بىلەن ئورالغان ئىدى. بۇ يايلاقنىڭ بېشىدىكى ئاياق ئايلانمىسى ئات يۈرۈشىدە ئون كۈندىن ئارتۇق دەپ مۆلچەرلىنىدۇ. مانا شۇ كەڭرى يايلاقتا باش - ئايىغى ئون مىڭ ئائىلىگە توشمىغان ئەللەك سۇمۇل (بولۇس) تورغاۋۇت موڭغۇللىرى ياشايدىكەن. تارىخچىلاردىن: «بۇلار بۇندىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئاشتارخان ئەتراپىدىن كۆچۈپ قاچقان موڭغۇللاردىن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. دەشت - قىپچاق چۆللىرىنى بېسىپ ئۆتكۈچە، كۆچمەن تۈرك ئۇلۇسىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىمىغانلىرىدىن ئامان قالغانلىرى يېرىمىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ كەڭ تۈز مەيدان ھاۋاسىدا بىر تۈرلۈك ئۆزگىرىش بارلىقىدىن بولسا كېرەك، ئادەمنىڭ كۆزىگە يىراقتىن قوي - ئۆچكىلىرى تۆگىدەك، ئاتلىرى دىۋىدەك كۆرۈنەتتى. قىش كۈنلىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمىدۇق، لېكىن بىز ئۆتكەن ياز چىللىسىدە تاغ پارچىلىرىدەك ئاق بۇلۇتلار ئاسماندا لەيلەپ يۈرەتتى، چاقماقلار چېقىلىپ، بىر دەمدە ھاۋا ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭ ئارقىسىدىن قار - مۇز ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ، يەنە ھايال ئۆتمەي ئاق - قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ، يالتىراپ قۇياش چىققىلى تۇرىدىكەن. يۇلدۇزنىڭ يېرى تۈز، توقىيى يوق بولسىمۇ، ئۇششاق كۆللىرى كۆپ بولغانلىقتىن ئۇۋ قۇشلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈكى بۇ يەردە كۆپ ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، يەر يۈزىدە ياشايدىغان بورسۇق، سۇغۇر، قاشقۇلاققا ئوخشاش تەبىئي ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. غاز، ئۆردەككە ئوخشاش قۇشلارنى ئوۋلاپ يېيىش

بۆلارنىڭ ئادىتى ئەمەس ئىكەن. بولۇپمۇ، قاناتلىق قۇشلار ئىچىدە ئاققۇنى «تەڭرى قۇشى» دەپ بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇنى بەك ئەتىۋارلاپ، ئازار بەرمەيدىكەن. ئازار بەرگۈچىلەر بولسا جازالايدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى باشقا يەرلەرگە قارىغاندا ئارتۇقچە سۆپەتلىك بولۇپ، كۈچلۈك كېلىدىكەن. بولۇپمۇ، تورغاۋۇتتىن ئۆلكە بويىچە ئاتاقلىق يورغىلار، يۇرتاقىلار چىقىدىكەن. مەن شۇنداق بىر چەكسىز كەڭ مەيداندا تۇرۇپ: «ئەگەر بۇ ھايات ئالەمدە مەدەنىيەت ھەقىقىي ئىسلامىيەت ئادالىتىگە قۇرۇلمايدىكەن، شەرمەندە مەدەنىيەت ئىسكەنجىسى ئاستىدا ياشىغاندىن كۆرە، ئۆمرۈمنى مۇشۇ مەيداندا ئۆتكۈزسەمۇ بولىدىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلدىم.

يۇلدۇز يايلىقىنىڭ باشقا تارىخىي ۋەقەلىرىنى ئېيتمىسامۇ، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈمكى، موڭغۇللار سەلتەنىتىگە، تۆمۈر سۇلتان ئەڭ ئاخىرقى زەربىنى دەل مۇشۇ ئورۇندا بەرگەن ئىدى. موڭغۇل ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ، قىلىچتىن قۇتۇلغانلىرى ئىلياس خوجا ئوغلى ئوغلان خاننى ئېلىپ، ئەسلى ۋەتىنى قاراقۇرۇم موڭغۇلىيىگە قاراپ قاچقان ئىدى.

بۆلارنىڭ ئارقىسىدىن مىرزا ئۇلۇغ بەگ قوماندانلىقىدا تولۇق قوراللانغان ئون مىڭ ئەتراپىدىكى تۆمۈر ئەسكىرى ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇلار ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەندە، يېتىشەلمەي قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلۇغ بەگ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسى تۆمۈر سۇلتان ئالدىغا چىقىپ، ئۇلۇغ يۇلدۇز يايلىقىدا قىرىق كۈن توي ـ تاماشا ئۆتكۈزۈپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىزى چىڭگىز ئەۋلادىدىن بولغان بى بى خانىم بىكەنى ئۆز نىكاھىغا ئالغان ئىدى. ئۇلۇغ خاقان قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن موڭغۇللار تۆمۈر سۇلتاننى «كوراگان»(موڭغۇلچە كۈيئوغۇل دېگەنلىك بولىدۇ)  دەپ ئاتىغان ئىدى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئېلى ئۆلكىسى جۇڭغارىيە تۈزلەڭلىكى بىلەن «ئۇيغۇرىستان» ئالتەشەھەر قوشۇلۇپ، چىن ئىقلىمى چېگرىسىغىچە تۇران پادىشاھى تۈرك خاقانى تۆمۈر سۇلتان ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ئىدى. ئاخىرىدا، ئالتەشەھەر ئۆلكىسىدىكى موڭغۇللارنى تۈگىتىش لازىم بولۇپ قالدى. بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەسكەر تەشكىللەپ مىرزا ئۇلۇغ بەگنى كاشغەر تەرەپكە يولغا سېلىپ ئۆزى ئالمىلىققا (غۇلجا) ئۆتۈپ، سەمەرقەنتكە قايتقان ئىدى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇلدۇز كەڭ مەيداندىن چىقىپ، شۇ ماڭغىنىمىزچە كەچكە يېقىن يۇلدۇزچى سودىگەرلەر بىلەن بىللە ئاتۇشلۇق قاسىم ھاجىمنىڭ قونالغۇسىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرى يۇلدۇز قالماقلىرىنىڭ سوداخانىسى ئىدى. ئۆي ئىگىسى بىلەن تونۇشمىساقمۇ، تۈركىستان خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە قوي سويۇپ، مېھماندوستلۇقنى بىلدۈرۈپ بىزنى ياخشى مېھمان قىلدى. لېكىن بىزنىڭ ئىشىمىزدىن بىر ئاز خەۋىرى بولسا كېرەك، بۇ يەردىن پاتراق چىقىپ كېتىشىمىزنى كۈتكەندەك بولۇپ قالدى. بىزمۇ كۆپ تۇرماي، ئەتىسى تۇرغۇن باي ئاغىمىز بىلەن بىللە يولغا چىقىپ كەتتۇق. يۇسۇپ بۇجۇرغۇر دېگەن كۈچارلىق سودىگەرنىڭ قونالغۇسىدا، كۈچاردىن كەلگەن ئېشەكچى كىراكەشلەر بار دەپ ئاڭلاپ، شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم. قونالغۇدىن چىقتۇق، يۇلدۇز يايلىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسى قاتارىدا ئىككى ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈشكە باشلىدى. غەرب تەرىپىدىكى موڭغۇلچە كونىكاي چىقىش، يېنىدىكىسى كويكۈن دەپ ئاتىلىدىكەن. تۇرغۇن باي ئاغا ماڭا ئېشەكچىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز يۇلدۇزنىڭ كىشى كۆرۈنمەيدىغان كەڭ مەيدانىدا ئۈزۈن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ ئات

ئۈستىدە خوشلاشتۇق. تۇرغۇنباي ئاغىمىز كەينىگە قايتتى. مەن ئۆزۈم يالغۇز ئاياق يولغا چۈشۈپ مەنزىلگە يېتىپ باردىم. بىراق بىزگە ئوخشاش كۈچلۈك دۈشمەندىن قاچقان، يولدىشى يوق يالغۇز ئادەمنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ياردەم يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى شۇ خەتەرلىك سەپىرىمدە تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمالار: «ئاپەتنىڭ ئۆزى بىر مۇسىبەت» دېگەن ئىكەن. كىشىلەرنىڭ يار ـ بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك، يانتاياق بولۇپ، توغرا مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇشلىرى ئەلۋەتتە لازىم ئىكەن. جان قورقۇنچىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق خەتەرلىك سەپەردە مېڭىش، ھەمراھسىز يولغا چىقىش توغرا ئەمەس ئىكەن. مەدەنىيەت ئالىمىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلىرىدىن ۋاقتىلىق بولسىمۇ قۇتۇلغان بولسامۇ، بىراق ئالدىمدىكى يولۇمدا، يەر يۈزىدىكى يايلاقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئاتالغان يۇلدۇز تاغ تىزمىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ھەمراھسىز، قورالسىز يالغۇز كېتىۋاتقاچقا: «ئالدىمدىكى تۆپىسى ئاق ـ قارا بۇلۇت بىلەن قاپلانغان ئالا تاغ ئارىسىدا بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان چىقىپ قالسا نېمە قىلغۇلۇق؟» دېگەن خىياللار بىلەن مېڭىپ، يولۇمدىن ئادىشىپ قالدىم.  تۇرغۇنباي ئاغا يىراقتىن بەلگىلەپ بەرگەن جايدا ئېشەكچى سودىگەرلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس، ئىزىنىمۇ تاپالمىغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، يولدىن ئاداشقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەستىن، كونىكاي يولغا كىرىپ قاپتىمەن. ئالدىن ئۆتكەن ئات ـ ئېشەك ئىزلىرىمۇ كۆزۈمگە چالا ـ پۇلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن تاغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى يوللار تارىيىپ، ئىزلار ئازىيىپ، بۆرىگە ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قاچقان كىيىككە ئوخشاش ئۇۋ ھايۋانلىرىنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇ يەردىن ئۆتۈپ يالغۇز ئاياق يول بىلەن بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن، ساي ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا كېلىپ قالدىم. قارىسام، سۇنىڭ ئۇ يېقىدا يول

ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يالغۇز كىشى ئۆچۈن سىنالمىغان بۇنداق سۇدىن كېچىپ ئۆتۈش خەتەرلىك بولسىمۇ، سۇ ئۈزۈش ئىشىدا بىر ئاز تەجرىبەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلىق بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، ئەسىر نامىزىمنى ئوقۇدۇم. ئاندىن شۇ يول بىلەن يېرىم سائەت ئەتراپىدا يول يۈرۈپ، يەنە بىر سۇ بويىغا كېلىپ قالدىم. ئۇ تەرەپتە ئىز بولۇپ، كۆرۈنگەن يول بىلەن مېڭىش خىيالىدا ئاتنى سۇغا سالدىم. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگىنىمدە، تاشقا تاقىلىپ قېلىپ ئاتتىن يىقىلدىم. سۇ بېلىمگە چىقىشى  بىلەن «يائاللاھ» دەپ بىر كۈچىگەن ئىدىم، ئېتىم ئورنىدىن دەس تۇردى. ئاتنى يېتىلەپ ئارقىغا قايتىپ كەتتىم. نامازشامنىڭ ۋاقتى كىرگەن ئىدى. بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. سائىتىمگە قارىسام، يۇلدۇز يايلىقىدىن ئۆتۈپ تاغ ئىچىگە كىرگىنىمگە ساق ئون ئىككى سائەت بولغان ئىكەن. ھەر سائىتىگە ئون چاقىرىمدىن ئاز يول يۈرگەنلىكىم ئۆزۈمگە مەلۇم بولدى. چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك ياغقان يامغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى پۈتۈنلەي ھۆل قىلىۋەتتى. تېنىم سۇغا چىلىنىپ، سوغۇققا چىدىيالماي غال ـ غال تىترىگىلى تۇردۇم. بۇنىڭغا قاراڭ! جاھانگىر چىڭگىز، ساھىپ قىران ئەمىر تۆمۈرگە ئوخشاش ئۇلۇغ قوماندانلار كۆرەك ئۆتكۈزگەن، سانسىز ئەسكەرلەر ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن مەيدىسىگە جەڭ بەلگىسىنى تاقاپ يۈرگەن، تۇياق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، قالتىس نام قالدۇرغان يۇلدۇز يايلىقىنىڭ كۆككە تاقاشقان تاغ تىزملىرى ئاستىدا ئۆزۈم يالغۇز سۇغا چىلىشىپ، غال ـ غال تىترەپ ئولتۇرۇشۇم، ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان تارىخي بىر ۋەقە ئەمەسمۇ؟!

تۆت ئەتراپىمغا قارىسام، بېشى بۇلۇتقا تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئالا تاغلاردىن باشقا يامغۇرغا دالدا بولغۇدەك بىرەر دەل ـ دەرەخمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەم يىرتقۇچلىرىدىن ۋاقىتلىق ئامان تاپقان بولساممۇ، تاغ يىرتقۇچلىرىنىڭ

قورقۇنچلۇق ئاياق ئىزلىرى ھەر يەردە كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇراتتى. مانا شۇنداق دەھشەت قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ كېچىدە ئەڭ ھالاكەتلىك ئورۇندا تۇرغان بولسامۇ، كۆڭلۈمدە ئىمانىم بار سەۋەبلىك، ياراتقان مېھرىبان ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ، ئۈمىد بىلەن ئالغا مېڭىۋەردىم. روھانىي قۇۋۋىتىم، جىسمانىي كۈچۈمگە مەدەت بېرىش بىلەن ساي ئىچىگە چۈشتۇم. ئۇزۇن يول بېسىپ، ئوي - چوڭقۇر يەرلەردىن ئۆتۈپ، ھارغان ئاتنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن سۇغۇتۇش لازىم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاتنىڭ پۇتىغا چېدەر سېلىپ، چۇلۋۇرىنى چېك تۇتۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇردۇم. ھايات ئالىمگە سەۋەب قىلىش لازىم بولغاندەك، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزۈمنى ساقلىماق ئۈچۈن ئالدىمغا كۆتۈرەلىگۇدەك تاشتىن بىر نەچچە دانىنى توپلىدىم، پىچاقنىڭ دەستىگە لاتا ئوراپ بىر قولۇمدا تۇتۇپ تۇردۇم. تەبىئەت ئالىمنىڭ ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلىرى ئوتنىڭ يورۇقىدىن قورقىدۇ دەپ، قولۇمغا گۈگۈت قېپى ئېلىپ، كېلىدىغان دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويىدۇم. بىر تەرەپتىن ئايەتۇلكۇرسىنى، قۇرەيش سۈرىسىنى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتىم.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «راھەت كۈنلىرى ئاللاھنى ئۇنتۇماي، ئۇنىڭ ئەمرىنى چىڭ تۇتساڭ، بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، ئاللاھ سېنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ» دېگەن ئىدى.

بېيت

ھەر گۇناھنى قىلغان بولساڭ، چىن كۆڭۈلدىن تەۋبە قىل،
چىن كۆڭۈلدىن تەۋبە قىلساڭ، ھەر گۇناھنى يۇيغۇسى.
سېنى ياراتقاننىڭ ئەمرىنى تۇتساڭ راھەت كۈنلىرى،
چۈشسە مېھنەت بېشىڭغا، بولغاي ئاڭا قۇتقۇزغۇچى.

ئەي ئوغۇل ـ قىزلار، خۇدا ئەمرىنى قالدۇرماي تۇتۇڭ!
بولسا مۇشكۈل ئىشلىرىڭ، ياردەم خۇدادىن بولغۇسى.
ساغۇنىي قىلغاي نەسىھەت تا ئەجەل يەتكۈنچىلىك،
چىن كۆڭۈللۈك دوستلىرىغا ئەستەلىك قالدۇرغۇسى.

يەنە ئىۈز سۆزىمىزگە كەلسەك، چۈشكەن يېرىم ساي ئىچى بولۇپ، بىر تەرەپتىن شامال، يەنە بىر تەرەپتىن توختاۋسىز قۇيۇلۇپ تۇرغان يامغۇر ئاستىدا ئىچى ـ تېشىم سۇغا چۆمگەنلىكتىن، سوغۇقتا چىدىيالماي لاغىلداپ تىترىگىلى تۇردۇم. مېنىڭ جان يولدىشىم، سەپەرداشىم ئات شۇ دەھشەتلىك قاراڭغۇ كېچىدە مېنىڭ قاراۋۇللۇقۇمنى قىلغان ئىدى. يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن هامان، دەرھال بوينىنى كۆتۈرۈپ قۇلاقلىرىنى تىك ئۆيىنتىپ ماڭا: «ھازىر بول!» دېگەندەك ئىشارەت بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، غەم ـ قايغۇلۇق ئۆزۈن تۈننى يار ۋەسلىنى كۈتكەن ئاشىقتەك: «قاچان تاڭ ئاتاركىن؟» دەپ تەلپۈنۈپ، شۇ كېچىنىڭ دەھشىتىدىن ئامان ـ ئېسەن چىققانلىقىم ئۈچۈن، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ شۈكۈر سەجدىسى قىلدىم.

يولىدىن ئادىشىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزگەندىن كېيىن ئارقامغا ياندماقچى بولدۇم. ئېتىم جانىۋار ئاداشقانلىقىمنى مەندىن بۇرۇن سەزگەن ئىكەن. چۈنكى بۇ ياققا كېلىشىمدە زورلاپ قامچا بىلەن ئۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. سەل بوش قويۇپ بەرسەم، ئارقىسىغا قايتىشقا مەندىنمۇ بەكرەك ئالدىرايدىغاندەك قىلاتتى. يامغۇر قاتتىق يېغىپ يول بۇزۇلغانلىقتىن، يالغۇز ئاتنىڭ تۇياق ئىزى بىلەن بېسىشقا توغرا كەلدى. باش ـ ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان ن سۇنى بويلاپ مېڭىشتىن باشقا چارەم يوق ئىدى. كېچىدىغان يولنى تاپالماي تۆت ـ بەش

سائەت ئاۋارە بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈستى ـ بېشىم تېخى قۇرماي تۇرۇپ، يەنە ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر ئارىلاش قار ياققىلى تۇردى. ئاخىرى: «ئات ـ ئۇلاغ، خۇرجۇن، تاراق ـ تۇرۇقنى تاشلاپ، يارنىڭ ئۈستىدىن سۇنىڭ ئېقىشىغا سەكرەپ، ئۇ تەرەپكە ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتەيمۇ ـ يا؟» دەپمۇ ئويلىدىم. بىراق ئۆزۈم سۇدىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىپ، يەنە: «رەببىم ئاللاھ» دەپ ئېتىمغا مىندىم.

شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مەن ئۈچۈن ئات ئىزىنى كۆرمەك، يار يۈزىنى سۆيمەكتىنمۇ ئارتۇقراق بىلىنگەن ئىدى.

بېيت

يار يۈزىنىڭ زوقىنى راھەت ئەھلى بىلگەيلەر،
يول يوقاتقان ئادەملەر ئات ئىزىنى سورىغايلەر.

قايتىدىن ئېتىمغا مىنىپ، تىزغا چىققان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئىز ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىمدا، خۇدا ئوڭلاپ، بۇلۇت ئىچىدىن چىققان ئاينىڭ يورۇقىدا ئاتنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ قالدى. ئەگەر تۇياقنىڭ يېنىدا ئالتۇن تۇرغان بولسىمۇ، بۇنچىلىك سۆيۈنمىگەن بولاتتىم. بۇ ئىزنى كۆرۈپ كۆزۈمگە سۈرگىدەك بولۇپ، شۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولدۇم. بىراق ئۇ تەرەپتىكى تاغنىڭ بىر تۇمشۇقى ساڭگىلاپ سۇنىڭ يېرىمىغا كىرىپ تۇرىدىكەن. سۇ يولى شۇ تۇمشۇقنىڭ ئوڭ يېنىدا ئىكەن. مەن بولسام، بۇنى بىلمەستىن سول ياققا قاراپ يۈرۈپ، شىددەتلىك ئېقىۋاتقان سۇنىڭ كۈچى بىلەن قارشى تەرەپتىكى تاغ تۆپىسىگە چىقىپ قاپتىمەن. قارىسام، تاغ ئېتىكىدە توپلىنىپ قالغان ئوتتۇز ـ قىرىق گەز ئۇزۇنلۇقتا شېغىل قۇم بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە يول بارلىقىنى

بىلىپ، توغرا يولغا كېسىپ چىقماقچى بولۇپ، ئايلىنىپ تاغقا قاراپ ئات سالدىم. قىيقاس ـ سۈرەن بىلەن يېرىم بەلگە چىققاندا ئات ئايىغى توختىماي قۇم ـ شېغىل ئارىلاش پاتقاققا تېيىنىپ، شۇ تېيىنغىنىچە سۇ بويىغا بېرىپ تاقالدىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ سائەت سۇ ئىچىدە ئاۋارە بولۇپ، يولنى مۆلچەرلەپ، يەنە سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تەسلىكتە ئۇ تەرەپكە ئۆتتۇم. ئاخىرى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۇغا كىرگەندە يول تېپىپ، قارشى تەرەپتىكى تاغ يولىغا كېلىپ قالدىم، مانا شۇ چاغدا ھاۋا ئېچىلىپ، يەر ـ زېمىن بىر خىل كۆك كۆرۈنۈپ كەتتى، قۇياش ھەممىنى يورۇتقان ئىدى. سۇغا چىلاشقان كىيىم ـ كېچەك، ئات ـ جابدۇقلىرىمنى كۈنگە قاقلاپ قۇرۇتۇپ، قاق چۈشكىچە شۇ يەردە دەم ئالدىم. لېكىن  ئادەمنىڭ كۆزىگە يەر ـ ئاسماندىن باشقا ھېچ قانداق بىر نەرسە چېلىقمايتتى. ئىككى ـ ئۈچ سائەت يېتىپ ھاردۇقۇمنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۈستى  بېشىمنى قۇرۇتۇپ يەنە ئاتقا مىندىم. مېڭىۋېتىپ ھەيران قالدىمكى، كېلىشىمدە ماڭغىلى ئۇنىماي قامچىنىڭ زەربى بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە ماڭغان ئېتىم، ئەمدى قايتىشىمدا قامچا سالمىساممۇ ئىتتىك مېڭىپ، ئۆزىگە قامچىنىمۇ تەككۈزمەيتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، كېلىشىمدە ئېتىم مېنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى ئالدىن بىلگەن ئىكەن. بۇ تەجرىبە ھايۋانلارغا، بولۇپمۇ، ئاتقا بېرىلگەن ئىلاھىي سەزگۈ بولۇشى مۇمكىن.  بۇ يولدىن قايتىپ كېلىشىمدە ناھايىتى تېز يۈرمىسەم بولمايتتى، چۈنكى بارىدىغان مەنزىل يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمكان بار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى مەنزىلگە يېتىپ بېرىشىم لازىم ئىدى. بۇلۇتقا تىرەلگەن ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى سوقماق يولدا ئات چۆلۋۈرىنى ئىختىيارىچە قويۇۋەتسەم، ئات شۇنداق تېز ماڭدىكى، ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. يىراقتىن بىر كىشىنىڭ بېشى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالدى. بۇ كىشىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمگە: «يول توسىدىغان قاراقچىلاردىن بولۇپ قالمىسۇن» دېگەن

ۋەھەمە چۈشتى. ئىسلامىيەت قانۇنىدا زىيان - زەخمەت سىزىلسە، ھەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى قىلماق لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىنى راسا چىڭىتىپ، چاپاننىڭ ئىككى ئۇچىنى چىگىپ ئىچىگە بەش - ئالتە دانە تاش سېلىپ، قوينۇمغىمۇ تاش تولدۇرۇپ، قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ ئاتقا مىندىم - دە، ئوغرى قوغلىغاندەك ئاتنى بەش - ئالتە چاقىرىمغىچە توختىماي چاپتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، چوڭ سۇ بويىدىكى قالماقلار تىككەن تىكلىخان ئارچىسىغا يېتىۋالدىم.

موڭغۇللار ئادىتى بويىچە ئۆلۈغ ئېقىننىڭ بويىغا، داۋان تاغ چوققىلىرىغا قۇرۇق ئارچا پۇتاقلىرىنى قاداپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا تاشنى ئايلاندۇرۇپ دۆۋىلەپ، شاخنىڭ ئۇچىغا ئاق لاتا باغلاپ قويۇشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر ئىنسان ئۆز پادىشاھىنىڭ دىنىدا ياشايدۇ» دېگەن ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركىستان ئۆلكىسى ئۇزۇن يىللار موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ياشىغانلىقتىن، خوتۇن خەقلەرنىڭ ياغاچلارنىڭ پۇتىقىغا لاتا باغلاپ قويۇشى شۇنىڭدىن قالغان كونا ئادەت ئىدى.

خەيرىيەت ئالىمدە ئەركىنلىكتە ياشىغۇچى ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدەك ئېچىلغان ھاۋا ئاستىدا يامغۇر - يېشىن كۆرمەي شۇ يەرگىچە كەلگەن بولسامۇ، تىكلىخان ئارچىسىدىن ئۆتكەندە، تاغ پارچىسىدەك ئاق - قارا بۇلۇتلار ھەر تەرەپتىن پەيدا بولۇپ تاراقشىغىلى تۇردى. چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرمامىلار خىرىس قىلىپ، قەھرى غەزىپى بىلەن بۇلۇتقا ھەيۋە قىلغىلى تۇرغاندا، بۇلۇتلار قورقىنىدىن پۇتۇن ۋۇجۇدى تىترەپ كۆز ياشلىرىنى قالدۇرماي تۆكۈشكە باشلىدى. بىر دەمدە يورۇق ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، قازاننى كۆمتۈرگەندەك قوش قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدىم. قاپقارا تۈن قاراڭغۇلۇقى بىلەن قېلىن قارا بۇلۇتلار ئاستىدا تۇرۇپ، چېلەكتىن قۇيۇلغاندەك ياغقان يامغۇر ئىچىدە تۇرغان بىر

ئادەمنىڭ هالى نېمە بولسۇن؟! ئىلاجىم يوقلۇقىدىن ئاتتىن چۈشۈپ، يامغۇردىن باشپاناھ بولغۇدەك بىر يەر ئىزدەپ يۈرسەم، ئالدىمدا كەڭلىكى بىر ئادەم پاتقۇدەك بىر غار پەيدا بولۇپ قالدى. دەرھال ئېتىمنىڭ پۇتىنى چۈشەپ، چۇلـۋۇرىنى بېلىمگە مەھكەم باغلاپ، ئۆزۈم كىچىككىنە غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتىم. بىراق ئۈستى - بېشىم پۈتۈنلەي سۇغا چىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇ ئىچىدە ياتقاندەك بولۇپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۈيقۇسىزلىق ئۈستىگە ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە ھېچ نېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئويغىنىپ قارىسام، تاڭ يېڭىدىن يورۇغان بولۇپ، ھاۋادا بىر پارچە بۇلۇت قالمىغان، ئاسمان كۆكىرىپ، يۇلتۇزلار جاراقلاپ كەتكەن ئىكەن. ئورنۇمدىن دەرھال تۇرۇپ، ئاتنى يېشىپ ئوتقا قويدۇم. لېكىن كىيىملىرىم ھۆل بولغانلىقى ئۈچۈن سالقىن شامالدا توڭلاپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدىم. بىر تەرەپتىن كۈن بويى ئات ئۈستىدە ماڭغانلىقىم ئۈچۈن، مەندە قاتتىق بىر ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولغان ئىدى. يامغۇر شۇنچە كۆپ ياغقان بولسىمۇ، ھېچ قانداق بىر يېرىدىن ئىچكىدەك سۇ تېپىلمىدى. ئاخىرى چۆپلەرنى قېقىپ يۈرۈپ، ئاران ئۈچ - تۆت قوشۇق سۇ يىغىپ شۇنىڭ بىلەن تامغىمنى نەملەپ تۇردۇم. شۇ ئارىدا قۇياشمۇ يالتىراپ چىقىشقا باشلىدى. يامغۇردا چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىمنى، ئات - جابدۇقلىرىمنى كۈنگە قاقلاپ، ئۈچ - تۆت سائەت شۇ يەردە ياتتىم. ئاندىن بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، مۆلچەرلىگەن تەرەپكە قاراپ ئىككى سائەت يۈرگەندىن كېيىن ئالدىمدا يالتىراپ كۆرۈنگەن ئاقار سۇ كۆزۈمگە چۈشتى، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىچكەن ئابى ھايات سۈيىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم.

بېيىت

ئاچ كىشىگە نان يۈزى يارنىڭ يۈزىدىن ياخشىدۇر،

چاڭقىغان ئادەمگە سۇ ھۆر كۆزىدىن ياخشىدۇر.

ئاتمۇ يىراقتىن سۇنى كۆرۈپ، مېنىڭ باشقۇرۇشۇمنى كۈتۈپ تۇرماستىن يۈگۈرگەن پېتى سۇغا بېشىنى تىقىپ قانغۇچە ئىچتى، مەنمۇ ئاتتىن سەكرىگەن پېتى سۇنىڭ بويىغا بېرىپ بېشىمنى كۆتۈرمەي قانغۇچە ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇقتا بولغان تەشنالىقىمنى قاندۇردۇم. ئاندىن ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، مۇندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قونۇپ كەتكەن ئاق چېدىرغا قاراپ ماڭدىم، يولدا كېلىۋاتقىنىمدا ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلىق بىر قالماق بالىسى ماڭا ھەمراھ بولۇپ، بىر ـ ئىككى چاقىرىم يولنى بىللە بېسىپ كەلدى. ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ غوتۇلداپ ئۈزۈندىن ئۈزۈن سۆزلىگەن بولسىمۇ، موڭغۇل تىلىنى بىلمىگەچكە، نېمە دېگىنىنى بىلمىدىم. ئاخىرى قىلغان ئىما ـ ئىشارىتىدىن چۈشەنسەم، قولىدىكى ئەسكى قامچىسىنى ماڭا قالدۇرۇپ، مېنىڭ يۇرت ئىچىدە «بىر قوي تۆرە» دەپ ئاتالغان ياخشى قامچامنى سورىغان ئىكەن. قارىسام، باشقا چارە بىلەن مەندىن ئايرىلمىدى. سۆز چۈشەندۈرەي دېسە، تىلىمنى بىلمەيدۇ. «كەل، ئىككىمىز ئات چېپىشايلى!» دېگەن بولۇپ، ئاتنىڭ بېشىنى قويۇۋېتىپ، ئارقامغا قارىسام، ئېتىمنىڭ چېڭىغىمۇ يېتەلمەي بىر يەردە قېپقالدى. شۇنىڭ بىلەن كەچكە يېقىن بىر چېدىرغا كېلىپ چۈشتۇم. ئىلگىرىكى چۈشكەن يەرگە بېرىشنى لايىق كۆرمىدىم. چۈنكى ئۇ ئادەم مېنى سەزگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىر كېچە قوندۇرۇپ، ئەتىسى ئۈزىتىپ قۇتۇلغۇچە كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، كوممۇنىست بولشېۋىكلارنىڭ قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە زۇلۇملىرىغا چىدىمىغان بەزى خەقلەر ئىنسانىيەت شەرىپىنى سېتىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى ئۇ

كۆنلەردە ياخشى يولنى تۇتۇش، ئۆزىنى بىلىش ياكى بىر مۇسۇلماننى ئۆزىدىن ئارتۇق كۆرۈشتەك ئۇلۇغ شەرەپكە ئىگە ئىسلام يولىنى تۇتقان چىن مۆمىنلەردىن باشقا ھېچ كىم ئۇنداق ئىشنى قىلالمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بىر كېچە ئۇ يەردە يېتىپ، ئەتىسى كۈچارغا كېتىدىغان ھەمراھ ئىزدەپ ئۆيدىن چىقتىم. چىقار ۋاقتىمدا بارىدىغان جايىمنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويۇشقان بولسىمۇ، ئۇلار كۆرسەتكەن ئۇ ئاق چېدىر تەرەپكە ماڭماي، ئۇن چاقىرىم يىراقلىقتىكى قالماقلارنىڭ ئاق چېدىرىغا قاراپ كېتىپ قاپتىمەن. ئارىدا ئۈچ - تۆت چاقىرىم كەلگۈدەك پاتقاق سازلىق بار ئىكەن. بۇ سازلىقتىن مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، چېدىرغا يېقىنلىشىپ باردىم. تورپاقتەك چوڭلۇقتىكى ئون نەچچە ئىت يۈگۈرۈپ چىقىپ ئېتىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشتى. بىر چوڭ ئىت ئېتىلىپ كېلىپ، ئېتىمنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ چىقىپ پۈتۈمنى چىشلىمەكچى بولدى. چاققانلىق قىلىپ قولۇمدىكى قامچا بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىۋىدىم، ھاۋشىغىنىچە ئۇنى ئۆچۈپ جىمىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ئېسىنى يىغىپ، قايتىدىن چىشلىمەكچى بولۇپ ئېتىمنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلدى. ئېتىم ئارقا پۇتى بىلەن بىرنى تېپىۋىدى، ئۈچ - تۆت موللاق ئېتىپ يىراققا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭىلدىغىنىچە جاھاننى بىر ئالدى. ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۆي ئىگىلىرى ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئالدىمغا پالاقشىپ كېلىشتى.

ھېچنېمىگە قارىماي ئىتلىرىنى ھەيدىگىنىچە، مېنى كۈچاردىن كەلگەن چوڭ سودىگەر دەپ چۈشىنىپ ئارىغا ئېلىۋېلىشتى. مەنمۇ ئۇلارغا سىرىمنى بەرمەي: «مېلىم ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ، يۈسۈپ غوجغۇرنىڭ قونالغۇسىغا چۈشەتتىم» دېگەن بولۇپ، دەرھال ئاتتىن چۈشتۈم. قارىسام، ھەش - پەش دېگۈچە ئون

نەچچە ئۇششاق بالا مېنى ئورىۋېلىشتى. مەنمۇ دەرھال خوجۇنۇمدىن بىر كىلو كەلگۈدەك قەنتنى ئېلىپ ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردىم.

غۇلجىدىكى سودىگەرلەر تورغاۋۇت موڭغۇللىرى ئىچىدە ئەركىن، ئازادە ياشايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى يالغۇز چارۋا مال بىلەن ئۆتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشىغا كېرەكلىك نەرسە - كېرەكلەرنى سودىگەرلەر يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بايلىق ھەۋەسكە چۈشكەن غۇلجا، ئالتىشەھەرنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يولدا ھەر قانچە جاپا چەكسىمۇ پايدىغا قىزىقىپ، بۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي خانلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرىدىن بېرى تونۇلۇپ كەلگەن تورغاۋۇت موڭغۇللىرىنىڭ ئۆزىدىن چىققان خانلىرىمۇ بار، ئۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئوكۇرتاي، ئىلگىتاي ئۇنۋانىدىكى نويانلىرى بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ «ياساق تۈزۈمى» نىڭ ھۆكۈمى بويىچە قارا قالماقلىرى ئۆز نويانلىرىغا قاتتىق بويسۇنىدۇ. ئۇلار كەلدى - كەتتى سودىگەرلەرنى كۆپچىلىك خەلق ئۈچۈن ۋە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ھېسابلاپ، ئۇلارغا قارشى تەرتىپ بۇزغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سودىگەرلەر بۇ يولدا ھېچ قانداق دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماي، بىمالال يۈرەلەيدۇ. بۇ يەرگە چۈشكەن ئېشەكچىلەر شۇلارغا مەنسۇپ سودىگەرلەردىن ئىدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى كۇچارغا ماڭماقچى بولۇپ، ئۆيلىرىدىن چىقىپ، بۇ يەرگە توپلاندى. مەنمۇ شۇ ئېشەكچىلەرگە ھەمراھ بولدۇم. مەن ئۇلار بىلەن مېڭىپ، ئۆزۈم ئاداشقان تاغلارنى ئوڭ تەرىپىمدە قالدۇرۇپ، كونەكەي تاغلىرىنى بويلاپ، كۇچارغا قاراپ يولغا چىقتىم. بىرىنچى قونالغۇدا شۇلار بىلەن بىللە قونغان بولساممۇ، كېيىنكى ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە ئۇزلىرىنىڭ ياتىدىغان يېرى بار ئىكەن. شۇلار بىلەن تاغنىڭ، تاشنىڭ دالدىسىدا ياتتىم، لېكىن يېمەك - ئىچمىكىمىز مول ئىدى. «تاغنىڭ سوغۇقىنى ياغ يەيدۇ» دېگەندەك ھەر كۈنى

كەچقۇرۇن كارۋان بېشىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ياغلىق پولۇ يېدۇق. ئۇچىنچى كۈنى «ئايغىر داۋان» دىن ئۆتۈپ «كۆل» دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتۇق. شۇ يەرگە كەلگۈچە يالغۇز ئاياق يولدىن باشقا ھېچ قانداق يول كۆرۈنمىدى. «بۇ يەردە توقماق، بىشكەك ئەتراپىدىكى سولتا سارباغىش قىرغىزلىرىدىن قېچىپ كەلگەن بىر يۇرتلۇق ئوتتۇز - قىرىق ئۆيلۈك كىشىلەر بار» دەپ ئاڭلىدىم. لېكىن يول ئۈستى سەپەردە بولغانلىقىم ئۈچۈن يولۇقالماي قالدىم. ئەتىسى كۆل سارايدىن چىقىپ، «قىرغىز داۋىنى» غا كەلدۇق. قارىسام، بۇ داۋان چوققىسى ئىككى ياقتىكى ئېگىز تاغ تاشلىرى بىلەن قىسىلىپ كەلگەن تار يول ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەرھۇم ياقۇپ بەگ ئاتىلىق ئالتىشەھەر ئۇيغۇرىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرغاندا، كۈچار خەلقىنى يۇلدۇزدىكى تورغاۋۇت قالماقلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇ يەرنى چېگرا ھېسابلاپ، يوغان قارىغاي ۋە ئېغىر تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ توسۇپ قويغان ئىكەن.

بۇ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن تەقدىرلىنەرلىك ئىش بولغانلىقتىن، پاتىھە ئوقۇپ مەرھۇمنى ياد ئەتتىم. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن «سەكسەن كېچىك» قىرغىز داۋىنى ئوتتۇرىسىدا يەنە ياقۇپ بەگنىڭ زامانىسىدا چېگرا ساقچىلىرى ئۈچۈن ياساتقان كاتتا بىر قورغان خارابىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. بۇ، ئۇلاغ ئېغىلى، ياتاقخانا، ئاشخانا بولۇپ، ئىككى - ئۈچ يۈز كىشىگە جاي بولغۇدەك كەڭلىكتىكى يەر ئىكەن. ئۈچ - تۆت يۈز گەز ئېگىزلىكتە ئەسكەرلەر ئۈچۈن ياسالغان مەسچىت خارابىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى زىيارەت قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا گۈزەل سەنئەت بىلەن ياسالغانلىقى، پەشتاق مېھرابلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قالدۇقلىرى بىلەن ياد ئېتىلىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدەك ئىش قىلمىغان بولسامۇ، ئىستىقبال ئۈچۈن ئىستىقلال يولىدا كۈرەش قىلىپ، قۇربان بولغان ئۆزبېك ئوغلى بۇ قەھرىماندىن قالغان ئەسەرنى ھۆرمەتلەپ، مېھرابتىن تۇپراق ئېلىپ كۆزۈمگە سۈرتتۈم. ئۆز ۋاقتىغا

كۆرە مەرھۇمنى بىر تەرەپتىن تەقدىرلىگەن بولسامۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تەنقىدىي كۆز قاراشلىرىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم. ياقۇپبەگ ئۆز زامانىسىدىن قارىغاندا پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئىككى قېتىم لوندونغا، ئىككى قېتىم تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخانغا ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى. لوندون ئەلچىلىرى بىرىنچى نۆۋەتتە ئون ئىككى مىڭ، ئىككىنچى نۆۋەتتە يىگىرمە تۆت مىڭ پەرەڭ مىلتىقى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ قوراللار شۇ زاماندىكى زامانىۋى قوراللار ھېسابلانغانلىقتىن ھەر ھالدا خىتاينىڭ شۇ زاماندىكى ئىشلىتىۋاتقان قوراللىرىدىن، ھەتتا شۇ زامانلاردا بىزنى بېسىۋالغان رۇسىينىڭ قوراللىرىدىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقتىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئەنگلىيە بىلەن رۇس دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز رىقابەت كەسكىن بولۇپ، شۇنداق قۇلاي شارائىتتا تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى تاپالمىدى. يەنە ئۇ دەۋردە پۈتۈن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىسلام چىرىغىنى ئۆچۈرۈش مەقسىتىدە ئىسلام مەركىزى ھېسابلانغان تۈركىيەگە ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. شۇنداق شارائىتتا خەلىپە ھەزرەتلىرى قورallıق كۈچ ئارقىلىق ياردەم يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، زامانغا لايىق ئەسكەر تەييارلاش ئۈچۈن ئالتە نەپەر ھەربىي زابىت (ئەسكىرىي قوماندان ـ ت) ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئاتلىق، پىيادە پۈتۈن ئەسكەرلەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان، ئۇرۇشتا ئارقىغا چېكىنمەيدىغان، ئىنتىزامچان قوشۇنغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ئىش يالغۇز سۆزدە ئەمەس، ئەمەلدە كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇرۇمچى ئۇرۇشىدا، سانى بەش يۈزگە يەتمىگەن ئاتلىق ئەسكەر يىگىرمە مىڭغا يېقىن تۇڭگان ئەسكىرىگە قارشى ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى تارمار قىلغان ئىدى. شۇ قەدەر تەجرىبىلىك ئىش كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە خەلق ئاغزىدىكى: «ۋاي خىتاي بۇزۇلسا، ئالەم بۇزۇلۇپ قىيامەت قائىم بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن خۇراپىي سۆزنىڭ كاساپىتىدىن مەرھۇمنىڭ ئىرادىسى بوشاپ،

زامانىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىزلىكىنى بىلدۈردى. بولمىسا، ئون تۆت يىللىق دۆلەت باشلىقى بولغان بۇ قوماندان، مۇستەھكەم ئىرادىلىك سىياسىي قوماندان بولسا، قولىدا 40 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئەسكىرى تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنى كاپىر دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويمايتتى. بەندىدىن كەمچىلىك ئۆتمىگۈچە بەرگەن نېمىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئاللاھنىڭ ئادىتى ئەمەس ئىدى. ھايات ئالىمىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا زەپەر ياكى خەتەر بىر قانچە سەۋەبكە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر زەپەر ئەسۋابلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇقلانماي تۇرۇپ، ئۇرۇشقا كىرىلىدىكەن، قۇرئان كەرىم ھۆكۈمىدە مۇنداق ئادەم خاتا ئىش قىلغان بولۇپ، شەرىئەت ئالدىدا جاۋابقا تارتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، شارائىتى تولۇق تۇرۇپ، ئارقىسىغا چېكىنىدىكەن، ئۇ تارىخ يۈزىنى قارىلىغۇچىلار بولۇپ، ئىسلام ھەققىگە خىيانەت قىلغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتى ئۈچۈن ئاللاھ قانۇنى ھۆكۈمىدە بەلگىلەنگەن ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك سەۋەبلىرىنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ: «تەقدىر شۇنداق ئىكەن» دەپ ئولتۇرۇش ئەڭ نادانلىق بولۇپ، ئاللاھ قانۇنىغا قىلىنغان قارشىلىق ھېسابلىنىدۇ.

بېيىت

سەۋەبنى قىل مۇسەببەبنى ئۇنتۇما،
ھەقىقەت شۇل ئېرۇر تەسكارى كەتمە.
ئاتا ساغۇنىي قىلمىشتۇر نەسىھەت،
چۈشەنگەنلەر بۇ سۆزدىن ئالغاي ئىبرەت.
دېمە: «ئۆزگەرمەس ئالەم ئىش پۈتۈپتۇر،
نە بولغاي ئەرتىكى كۈن كىم بىلىپتۇر».
ھاياتىڭنى تۈزەتمەككە سەۋەب قىل،

ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى بىل.
بىرىنچى چارىسى ئىلىم ئوقۇماقتۇر،
جاھالەت جازاسى توقماق ـ تاياقتۇر.
جاھالەت بىزنى ئاجراتتى ۋەتەندىن،
يالغۇز ۋەتەن ئەمەس ھەم جانۇ تەندىن.
بولار ئىش بولدى ئەمدى كىملىكىڭنى
ئۇنتۇما ئەي ئوغۇل ئۆزبېكلىكىڭنى.
يۇتۇلماستىن بۇرۇن ساقلا تىلىڭنى،
قۇرتار قۇللۇقتا چۈشكەن بېلىڭنى.
ئەگەر تىل ساقلاماس ئەرسەڭ يۇتارلەر،
ئاياق ئاستىغا سالغاي قۇل ئېتەرلەر.
سېنى يۇتماققا تەييار ئەجدىھالەر،
قارادۇر ياكى ئاق تويماس بالالەر.
نە بولدى «ئۇيغۇرىستان» ئاچ كۆزۈڭنى،
كۆزۈڭ ئاچ «ئۆزبېكىستان» كۆر ئۆزۈڭنى.
نە ئەردىڭ، ئەمدى نە بولدۇڭ قاراپ باق،
قاچان بىر جايدا بولغاي جۇپ ۋە تاق.
پەرىشتىگە يېقىن بولغاي مۇسۇلمان،
ئەگەر دىن ئۆشلەسە بۇ ھۆكۈمى قۇرئان.
بىلىپ دىنىڭنى ساقلا ئەي مۇسۇلمان،
جۇدا بولغان كىشىگە مىڭ پۇشايمان.
ئاتا ساغۇنىي قىلدى بۇ نەسىھەت،
ھەجەپ ئېرمەس كىشىلەر ئالسا ئىبرەت.

مەرھۇمنىڭ يۇقىرىقى تارىخىي ۋەقەسى ھەسرەتلىك داستانلار قاتارىدا يېزىلغان بولسىمۇ، كېلەچەكتىكى ۋەتەن ئوغلانلىرى ئۈچۈن بەلكىم پايدىسى بولۇپ قالار.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، تارىخىي سۆزلەر يېزىلغان بۇ قورغاندا بىر كېچە يېتىپ، ئەتىسى بۇلۇتقا تىرەلگەن ئىككى تاغ قىسىقىدا «سەكسەن كېچىك» دەپ ئاتالغان ئاقارسۇنى بويلاپ يولغا چۈشتۇق. قارىساق بۇ يولىمىزدا سەكسەن ئەمەس، بەلكى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كېچىكلەر بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، يازنىڭ ئۇزۇن كۈنىدە توختىماي يول مېڭىپ يەنە كەچ قالغان ئىدۇق. ھەرتەرەپتىن تۇمان ئارىلاش قارا بۇلۇتلار يۈگۈرۈپ چىقىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئاستى ـ ئۈستىمىز سۇغا چىلىنىپ، قاراڭغۇدا ھېچ نېمىنى كۆرگىلى بولمىدى. نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تۇرغىنىمىزدا، ئالدىمىزدىكى تاغ باغرى تەرەپتىن ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئاتنىڭ بېشىنى قويۇۋېتىپ شۇ ياققا قاراپ چاپتۇق. بارساق، يايلاققا قوي باققىلى چىققان كۆچارلىق پادىچىلار يامغۇردىن قورقۇپ تاغ كامىرىغا كىرىپ ياتقان ئىكەن. ئۇلار ياتقان بۇ دەھشەتلىك قارا ئۆڭكۈر كۆزىمىزگە ئاق سارايدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ ئالەمدىن بىخەۋەر، ئالدىدىكى بىر توپ قوي بىلەن ئۆچكىسىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلانغان بۆرىدىن ئەندىشىسى بولمىغان بۇ پادىچىلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان بولسا، مەن يەنىلا بەدۆلەتنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ، مەدەنىيەت دۈشمەنلىرىگە غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن لەنەتلەر ئوقۇماقتا ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ، ساپ كۆڭۈللۈك، توغرا نىيەتلىك، مىسكىن ئۇيغۇر پادىچى باللىرى بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ، شۇ كېچىنى ئۆڭكۈردە ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى

تاڭ ئېتىشى بىلەن ھاڭرىغان ئېشەكلىرىنى ھەيدىگەن سودىگەرلەر بىلەن بىللە يولغا چىقتىم.

ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەي «سەكسەن كېچىك» نى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قىسماق ئېغىزغا چىقتۇق. شۇ ماڭغانچە «تىكمەن» دېگەن ئۇيغۇر قىشلىقىدىن ئۆتۈپ، كەچكە يېقىن قىلىن دەرەخلىك بىر سارايغا كەلدۇق. بۇ يەر بىز بىلەن كېلىۋاتقان ئېشەكچىلەرنىڭ خوجايىنىغا قاراشلىق كەڭرى بىر قورغان ئىكەن. كېچە بۇ يەردە يېتىپ، ئەتىسى ئېشەكچى سەپەرداشلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، ئابدۇررەھمان دېگەن كۆچارلىق بىر سودىگەر بالا بىلەن كۆچارغا قاراپ كەتتۇق. بۇ بالىنىڭ كۆچار سىپىلىدىن تۆت ـ بەش چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى «شامال باغ» دېگەن قىشلاقتىكى ئۆيىگە كېلىپ چۈشتۇق. ھاۋاسى ساپ، سۇلىرى مول، باغۇ بوستانلىق يەر ئىكەن. بۇ جايدا ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ھاردۇقىمىز چىققاندىن كېيىن، شەھەر كۆرۈش ھەۋىسى بىلەن بازاردا ئايلىنىپ يۈرسەم، بىر كىشى كېلىپ قولۇمنى تۇتتى. قارىسام، بۇ كىشى غۇلجىدىكى دوستلىرىمىزدىن ئاتۇشلۇق تۇردى قارىم ئىكەن. بۇ كىشىمۇ ماڭا ئوخشاش كاشغەردىن قېچىپ، ھېچ يەرگە سىغماي كۆچارغا كەلگەندە، تۇرار جايلىق بىر تۇل خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ: «ۋاي تۆرەم! ھەجەپمۇ ياخشى كەلدىڭىز، سىزنى خۇدايىم ماڭا يەتكۈزدى، پېشانىمىزغا نېمە پۈتۈلگەن بولسا، ئەمدى بىللە كۆرىمىز» دەپ يىپپىشىۋالدى. شامالباغدىكى ھېلىقى بالىنىڭ ئۆيىگە بىللە كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۆي ئىگىسىدىن مېنى سوراپ، خوجۇن ـ قاچىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئىككى قاچاق باش قوشقاندىن كېيىن سىرىمىز ئېچىلدى. كاشغەر، غۇلجا ۋە باشقا شەھەرلەردە بولغان ۋەقەلەر بىردىنلا بۇ يەردىمۇ باشلانغان ئىدى. ئىككىمىز بىر كېچە ـ

كۈندۈز مۈڭدىشىپ چىقتۇق. شۇ ئارىدا، ئۈستۈن ئاتۇشلۇق سالىھ داموللامۇ قاچاق بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن، بۇ كىشىمۇ بىزگە قوشۇلدى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن قاچاقلار بۇ يەرگە جەم بولۇپ، بىللە ياشىدۇق. ياز ۋاقتى بولغاچقا باغ سەيلىسى، زىياپەتلەردە بىللە بولۇپ، ئون ـ ئون بەش كۈننى تىنچ ـ ئامان بىللە ئۆتكۈزدۇق. بۇ ئارىدا بۇخارادا بىللە ئوقۇغان موللا ھاشىم كۇچارلىق تالىپلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتىپ، بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. شەھەر سىرتىغا جايلاشقان ئاقار سۇلۇق، باغۇ بوستانلىق بىر يېزىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىكەن. 1921 ـ يىلى، بۇخارادىن قايتىپ توقماق ئارقىلىق كېتىۋاتقاندا، ھەمراھلىرى بىلەن بىزنىڭكىدە بىرەر ھەپتىدەك تۇرۇپ، قايتقان ئىدى. سالىھ داموللام باشلىق ھەممىمىز بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە ـ كۈندۈز مېھمان بولدۇق. قوي سويۇپ ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە زىياپەت بەردى. ئىچىمىزدە بىر ـ ئىككى ئىلىملىك كىشى بار بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقتىمىز كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلمىي مۇنازىرە بىلەن ئۆتتى. ئۆي ئىگىسى: «يىراق ـ يېقىندىن ئالىم مېھمانلار كەلدى» دەپ خەۋەر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، مەھەللە باشلىقلىرى ۋە باشقىلاردىن بولۇپ، بەش ـ ئون كىشى كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتداش بولدى. ئەتىسى بۇ يەردىن خۇرسەنلىك بىلەن چىقىپ، جاي ـ جايلىرىمىزغا تارقاشتۇق. تۇردى قارى ئېشەكلىك، مەن ئاتلىق ئىدىم. ئىككىمىز شەھەردىن ئون ـ يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر قىشلاقتىن مېۋىلىك باغ ئېلىپ، يازنى شۇ باغ ئىچىدە ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتۇق. شۇ يېزىدا قارىمىنىڭ ئىشەنچلىك بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن، شام ۋاقتى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتۇق. ياخشى ئادەم ئىكەن، ئىلگىرى كۆرۈشمىگەن بولساقمۇ، ھۆرمەت بىلەن مېھماندوستلۇقىنى بىلدۈرۈپ، بىزنى ياخشى قارشى ئالدى. ئۆيىدە بار ـ يوق ھەممە نېمىسىنى ئالدىمىزغا قويدى. كېيىن قارىنى بىر چەتكە چاقىرىپ، ئۇزاقتىن ئۇزاق

پىچىرلاشقىلى تۇردى. مەن: «بىر ۋەقە بولدىمۇ نېمە؟ بۇ كىشىنىڭ بىر ئىشتىن خەۋىرى بار ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدىم. بىر ئازدىن كېيىن، تۇردى قارى چىرايى ئۆزگەرگەن هالدا يېنىمغا كېلىپ: «ۋاي تەقسىر! بېشىمىزغا بالا كەلگەن ئوخشايدۇ. بىز چىققان كۇنى كەچقۇرۇن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باسمىچىلىرى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ: ئۆيۈڭگە يات كىشىدىن كىم كەلدى؟ ئېرىڭ قارى قەيەرگە كەتتى؟ سەن بىلىسەن، دەپ بىزنىڭ خوتۇنىنى قىيناپ تۇرغان چاغدا، بۇ دوستىمىز بىزدىن خەۋەر ئالماقچى بولۇپ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ئىكەن، ئۇ كىشىنىمۇ تۇتۇۋېلىپ: سەن بۇ ئۆيگە كەلگەن كىشىنى تېپىپ بەر! دەپ قىيناپتۇ. مەھەللىدىكى كىشىلەر گۇۋاهلىق بېرىپ: بۇ ئادەم ئەمدى كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوق، دېگەندىن كېيىن ئاران قۇتۇلۇپ، مانا هازىر كەپتۇ. بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىپ، دەرهال بۇ يەردىن كېتىدىغان ئىشنى قىلايلى!» دېدى. دەرهال ئاتنى يېتىلەپ باغدىن باغقا كېسىپ ئۆتۈپ، قاراڭغۇ كېچىدە ئىككىنچى بىر يېزىغا كەتتۇق. تۈن يېرىمدىن ئېشىپ كەتكەچكە، كىمنىڭ ئىشىكنى قېقىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق. ئاخىرى تۇردى قارىم: «مۇشۇ يەردە بىر خوجا كىشى بولىدىغان. چالا تونۇش بولسىمۇ شۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى، باشقا بارىدىغان يېرىمىز يوق» دېدى. شۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ ئادەم تەشۋىش ئىچىدە تىترەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، «نېمىگە بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟» دېسەك، ئۇ بىچارىمۇ هەر يىلى تاغ ئىچىگە كىرىپ مۇرىت تۇپلاپ، قوي ـ ئۆچكە يىغىپ كېلىدىغان خوجا ئىكەن. بۈگۈن تاغدىن كېلىشىگە بىزمۇ كەپتۇق، بۇ ئادەم: «مېنى تۇتىدىغان ساقچى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ يېرىم كېچىدە كېلىشىمىز تىنچ ياتقان كىشىگە ئارتۇقچە ئىش بولغاندەك قىلدى. قارا چىراغ يورۇقىدا ئەندىشىلىنىپ ئولتۇردۇق.

ئۇ ئادەمگە بىر مەھەل تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، تاشقىرىغا چىقىپ ياتتۇق. ئەمما: «ئەتە نەگە بېرىپ، كىمنىڭ ئىشكىنى قاقارمىز؟» دېگەن تەشۋىش بىلەن پەقەتلا ئۇخلىيالمىدۇق. تاڭ ئېتىشى بىلەن يولغا چىقىپ، تونۇغۇن مېھمان بولغان ئۆي ئىگىسى ھاشىم داموللامنىڭ ئۆيىگە بارايلى، قانداقلا بولمىسۇن بىلمى بار، ئىلمي ئادەم، بىزگە بىر مەسلىھەت بېرەر دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردۇق. بارساق ھاشىم داموللام يوقكەن، تال تېگىدە ساقلاپ ئۇزۇن ئولتۇردۇق. شۇ ئارىدا ئىچكىرىكى قورۇ ئىچىدىن بىر ئايال چىقىپ، قاراپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. ئۆتكەن كۈنى كەلگەن مېھمان ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن بولسا كېرەك، بىر ئازدىن كېيىن بىر بالا قۇرۇق بىر پارچە كىگىزنى سۆرەپ چىقىپ ئالدىمىزغا تاشلىدى. دەسلەپكى كەلگىنىمىزدە قېرىنداشلارچە قىزغىن كۈتۈۋالغان بىر ـ ئىككى كىشى بۇ قېتىم كەلگىنىمىزدە قول ئۈچىدىلا بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر نەرسىدىن قورققاندەك كۆپ ئولتۇرماي قايتىپ كېتىشتى. بىز بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىمىزگە ھەر تۈرلۈك خىياللار كېلىپ، بۇ يەردىمۇ بىر ۋەقە بولغان ئوخشايدۇ دەپ تۇرۇشىمىزغا، ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە بىز بىلەن كۆرۈشكەن سەكسەن ياشلىق باي ھاجىمنىڭ ئوغلى پالانى ئاخۇن دېگەن ئادەم كېلىپ قالدى ۋە بۇ ھەقتە بىزگە تولۇق مەلۇمات بەردى، شۇنداقكى، شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، پۈتۈن ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسى سوۋېت نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار تەرەپلەرگە «ك پ ئۇ» دا مەخسۇس تەربىيلەنگەن، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ تونۇمايدىغان تاتار، ئۇيغۇر باللىرىنى كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭغا كۆرە، ھەر جاينىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىشىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس ئادەتلىرى بويىچە مەجبۇرىي رەۋىشتە جاسۇسلۇق ئىشىغا باغلىۋالغان ئىدى. ئۆتكەننكى كۈنى زىياپەت مەجلىسىدە بۇلاردىن بىرقانچىسى بار ئىكەن. بىز كەتكەندىن كېيىن، ساقچى

جاللاتلىرى ئۆي ئىگىسى ھاشىم ئاخۇن دامولامنى تۇتۇپ قاماققا ئالغان ئىكەن. باسمىچىلار بىزنىمۇ قولغا ئېلىش مەقسىتىدە تۇردى قارىنىڭ ئۆيىنى باسقان ئىكەن. تۇردى قارى ئىككىمىز باغ ئالىمىز دەپ يېزىدا قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ كۈنكى تۇتقۇندىن ئامان قالغان ئىكەنمىز. ساقچىلار: «قەيەردە كۆرسەڭلار ياكى ئاڭلىساڭلار، دەرھال بىزگە مەلۇم قىلىڭلار. ئەگەر خەۋەر قىلمىساڭلار، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭلار جاۋاب قايتۇرىسىلەر» دەپ ئۇلاردىن تىلخەت ئېلىۋالغان ئىكەن. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىمىز قېيىپ كەتتى. بىر كۈن بولسىمۇ دىنىمىز، ئىمانىمىز، رەھىمسىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئىدۇق. بىز ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇنداق ئېغىر كۈلپەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ قايغۇردۇق. ھاشىم داموللامنى دۈشمەن قولىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ ئېلىشقا چامىمىز يەتمەيتتى. بىر زامانلاردا پەيغەمبىرىمىزمۇ زالىملاردىن، ئەخمەق ـ نادانلاردىن قاچقان ئىكەن. مەنمۇ زالىم قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قېچىشنى لايىق تاپتىم. ئالدىنقى كۈنى ئەتراپىمىزدا پايپېتەك بولغان كىشىلەر ئەمدى بىزنى كۆرسە قاچىدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. بىز نەگىلا بارساق، خەۋىرىمىز بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنى كۆرگەن ئادەملەر بۇ يەردىن تارقالغىلى تۇرغاندا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بۇ يەردىن دەرھال كېتىشنىڭ چارىسىغا كىرىشتۇق. ئادەملەر بىزدىن قورقۇپ تارالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنى قالدۇرۇپ، پىيادە چوڭ سايغا چۈشتۇق. قارىساق، سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاتلىق ئادەم كىرسە، ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتكەن قېلىن چۆپ بار ئىكەن. بىزنى ئىزدىگەن ۋەھشىي دۈشمەنلەر قارىمىز ئۈزۈلمەي تۇرۇپ، ئارقىمىزدىن ئىزدەپ چىققان بولسىمۇ، بۇ يەرگە كەلگىنىمىزنى ئويلىماس دەپ، سۇدىن ئۆتۈپ، قېلىن ئوت ـ چۆپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. چۆپنىڭ دىمىقىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ،

ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن چىقىپ كەتتۇق. قۇياش تازا قىزىغان چاغ ئىدى، ئەتراپتا بىرەر كىشى كۆرۈنمەيتتى. بىراق قەيەرگە بېرىشىمىزنى، كىمدىن باشپاناھلىق تىلىشىمىزنى بىلەلمەي، ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن قېلىن دەرەخزارلىقلارنى مۆلچەرلەپ يۈردۇق. ئەسىر نامىزى ۋاقتى بىلەن يېزا چېتىدىكى بىر دېھقاننىڭ چوڭ دەرۋازىلىق قورۇسىغا كىردۇق. بۇ كىشى مېھمان كۈتۈپ باقمىغان، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەن.

شام نامىزىدىن كېيىن: «بىز مېھمان كۈتەلمەيمىز، باشقا جايغا بېرىپ يېتىڭلار» دەپ بىزنى ئۇ يەردىن چىقىشقا مەجبۇرلىدى.

بېيىت

ساغۇنىي ئەر قەدرىنى بىلمەس ئىكەن دەپ قايغۇرما،
ھەزرەت مۇسا قەدرىنى ھەم بىلمىگەن قىشلاقىدۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئۆزى كەلگەن مېھماننى قايتۇرۇش ئىماننىڭ جۇملىسىدىن ئەمەس» دېگەن سۆزىگە قارشى تۇرغان كىشىگە نېمە دېگىلى بولسۇن؟! ئۇ يەردىن چىقىپ، قەيەرگە بېرىشىمىزنى بىلمەي قاراڭغۇ كېچىدە بىر باغقا كىردۇق. «بىر كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ، ئەل ئۇيقۇغا كەتكۈچە شۇ يەردە پاشىغا تالىنىپ ئولتۇردۇق. بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىن چىقىپ يەنە قەيەرگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىشىمىزنى بىلەلمەي كوچا ئايلىنىپ، ئاخىرى ئىشىكى ئوچۇق بىر مەسچىت ئالدىغا چىقتۇق. بۇنى غەنىمەت بىلىپ شۇ يەردە ياتماقچى بولدۇق. ئەتىكى خەتەرنى ئويلاپ، پاراڭلىشىپ تۇرساق، خۇدا ئىشىمىزنى ئوڭ قىلىپ، كۈچار تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ھارۋىغا يولۇقتۇردى. قارىساق، «خاناق ئاتام» دېگەن جايدىكى بازارغا مال ئېلىپ كېتىۋاتقان

سودىگەرلەر ئىكەن. خىزىرغا يولۇققاندەك سۆيۈنۈپ، سىرىمىزنى بىلدۈرمەستىن شۇ هارۋىغا ئەگەشكىنىمىزچە كېچىلەپ ماڭدۇق. ئوتتۇز چاقىرىم يول بېسىپ تۈن يېرىم بولاي دېگەندە، بىر ئىگىلىككە كېلىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇردۇق. سەپەردىشىم تۇردى قارى مەندىن ياش بولسىمۇ، سەپەرگە چىدامسىزراق ئىكەن. «مۇشۇ يەردە بىر ئاز ئۇخلىۋالايلى» دەپ كۆپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. مەن: «هارۋىدىن ئايرىلىپ قالساق، يولدىن ئادىشىپ قالىمىز» دەپ ئۇنىمىدىم. شۇ يۈرگىنىمىزچە ئۈچ ـ تۆت مەهەللىدىن ئۆتۈپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن يەنە بىر مەهەللىگە كەلدۇق. ئاخىرى ئۇيقۇسىزلىقتا چىدىيالماي بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا كىرىپ، ناماز ۋاقتى بولغۇچە ئۇخلىدۇق. ئەتىسى هاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر ياغقىلى تۇردى. يامغۇرغا قارىماي دەرەخنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر يەرگە كىردۇق. كىشىلەر ئۈستى ـ بېشىمىزدىكى سۇنى كۆرۈپ هەيران قالدى. هازىرقى مەدەنىيەت ئالەمىدىن خەۋىرى يوق، بۇ ساددا ئىنسانلار ماڭا ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانلىرىنى ئەسلەتتى. قاراڭغۇلۇقتا ياشاۋاتقان بۇ ئىنسانلار ئىسلامىيەت شەرىپىدىن يالغۇز ئىسىم ئىگىسى بولسىمۇ، تېخى ئىنسانىي ئەخلاقىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. ماۋزېدۇڭ مەلئۇنىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلىپ ياتقان تۆت مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر مىللىتى دىنىي، مىللىي هوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان هالدا، قىزىل يالماۋۇزنىڭ ياردىمى بىلەن قارا يالماۋۇزنىڭ بوغۇزىغا كىرىپ، يۇتۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئىككى تۈركىستان ۋەتەن ئوغلانلىرى ئۇلۇغ بوۋىلىرى ئوغۇزخان روھىنى هېچ ۋاقىت ئۇنتۇيالمايدۇ. ئەگەر ئۇنتۇيدىكەن، هايات ئالەمىنىڭ قارا سەھىپىسىگە چىقىرىلىپ، ھەققەت يازغۇچىلار تەرىپىدىن قىزىل قان بىلەن يېزىلىپ، رەزىل ئەپتى بەشرىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، يولدا بىزدىن گەپ سورىغان كىشىلەرگە: «خاناق ئاتام بازىرىغا مال ئەۋەتكەن ئىدۇق، ھارۋىمىز كېتىپ قالغان ئىدى» دەپ باش - ئايىغى يوق گەپ بىلەن ئۇلارنى ئىشەندۈرۈپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. ناماز پېشىن بىلەن خاناق ئاتام بازىرىغا كەلدۇق. كۈچار ئەتراپىدىكى يېزا - بازار خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى بۇ بازارغا كېلىدىكەن. بازار ئىچىدىن بىرەر چاقىرىم چەتتىرەك يەردە قېلىن دەرەخزارلىق بار بولۇپ، خاناق ئاتام بازىرى شۇ دەرەخزارلىقنىڭ سايىسىدا بولىدىكەن. يىلان چېقىۋالغان كىشى ئارغامچىنى كۆرسە قورققاندەك، قارى ئىككىمىز بازارغا كىرىشتىن قورقۇپ، توغرا مازارغا باردۇق. قارىساق، ئەتراپى ئوچۇق، دەرەخزارلىق، ھاۋاسى ياخشى، ئېقىپ تۇرغان سۈيى، ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرىمۇ بار ئىكەن. مانا شۇ يەردە ئۆزۈمنى بۇ ۋەھشىيلەردىن قۇتۇلدۇرغان چاغلاپ، تەركى دۇنيا بولغان سوپىلارنىڭ ئادىتى بويىچە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇپ، باشقا كۈنلىرى قۇرۇق نانغا قانائەت قىلىپ، قىرىق كۈندىن ئارتۇق شۇ يەردە ياتتىم. بىزنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئىككى ئۆلكە خەلقى ئىچىدە بۇرۇندىن تارتىپ مازارپەرەسلىك بىدئەتى ۋە ئەزىز ئەۋلىيالارغا سېغىنىش ئادىتى كۆپ راۋاجلانغان ئىدى. قىشلاق خەلقى خاناق ئاتام مازىرىنى تۈركىستاندا ھېكمەت ئېيتقان مەشھۇر قۇل خوجا ئەھمەد يەسەۋى دەپ ئىشىنىدىكەن.

مازارغا كىرىپ قارىسام، كۈچاردىن سەكسەن - توقسان چاقىرىم جەنۇب تەرەپتىكى تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي ئېتىكى، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن چىققان تارىم دەرياسى بويىغا كەلگەن ئىكەنمەن. شۇ يەردىن لوپنۇر كۆلى ئارقىلىق جاڭگاللىق يول بىلەن ئون ئىككى كۈندە خوتەنگە بارغىلى بولىدىكەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن: «كىشى بىلمەيدىغان، دۈشمەن قەدىمى يەتمەيدىغان، تىنچ جايغا كەلگەن ئوخشايمەن» دېسەم، بىر - ئىككى جۇمە

ئۆتتۇشى بىلەن: «ۋاي پالان مازارغا خوجاملاردىن شۇنداق بىر كىشى كەپتۇمىش» دېگەن سۆز تارقىلىپ، ئەتراپتىكى ئادەملەر زىيارەتكە كېلىشكىلى تۇردى.

غوجا نىياز قوزغىلىڭىدا خىزمەت كۆرسەتكەن سەھرا خەلقى ئىچىدە ئەبۇل مىراپ ۋە مەتنىياز شاڭيو دېگەن ئىككى كىشى بار ئىكەن. بۇلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىزگە ئوخشاش قاچاق بولۇپ، باسقۇنچىلارغا تۇتۇق بەرمەي، كەڭ دالا، قېلىن ئورمانلىقتا قېچىپ يۈرۈپ، جان ساقلاپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ ئىككىسى بىرىم كېچىدە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار بىلەن ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ، ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ تۇرمىساق چىدىمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدۇق. ئەبۇل مىراپ ئوقۇمىغان كىشى بولسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن، ئوچۇق يۈزلۈك چېچەن، تىلى تاتلىق، ئەمما شىر يۈرەك كىشى ئىدى. مەتنىياز بولسا، ئۇنىڭدىن بىر ئاز ياشراق، ئېغىر ـ بېسىق، مەدرىسە كۆرگەن، ئاز بولسىمۇ بىلىمى بار، سىياسەت كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان، خۇش پېئىل، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق يىگىت ئىدى. ئۇلاردىن باشقا، يىراق ـ يېقىندىن ئاڭلاپ كەلگەن ئاشنا ـ ئاغىنىلىرىمىز كۈندىن كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. بىز بۇ يەردە قاچقۇن ئەمەس، بەلكى ساياھەتكە چىققان كىشىدەك بولۇپ، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا ۋاقتىمىز يېتىشمەي قالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن تۇردى قارىمنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ: «پالانى يەردىكى كۇچارلىق ئاغىنەمدە بىر ئاز ئىلىشىم بار ئىدى، شۇ يەرگە بارغاچ، كۇچاردىكى ئۆيۈمدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي، بىر ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن» دەپ مەندىن رۇخسەت سوراپ كەتتى. مەنمۇ: «قېچىپ يۈرگەن كىشى ئىككى بولغاندىن بىر بولغىنى تۈزۈك، ئوشۇق يۈك بولمىسۇن» دەپ يولغا سېلىۋەتتىم. بۇ كىشى كېتىشى بىلەن ئەبۇل مىراپ ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، جاڭگال يولى بىلەن خوتەن تەرەپكە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتمەكچى بولدۇق. سەپەر تەييارلىقى ۋە

ھەممە چىقىمنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان بولدى. ئۆزىنىڭ ئىپتىشىچە مال ـ دۇنياسى كۆپ، پەرزەنتى يوق بولۇپ، قەدىردان خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. كېيىنكى خوتۇنىدىن بالىسى بولمىغانلىقتىن: «ئارقامدا تارتىشىدىغان، قايغۇرىدىغان بىر نېمەم يوق، مۇشۇ زالىم ھۆكۈمەتتىن قۇتۇلۇپ، باشقا بىر مەملىكەتكە چىقىپ كېتىپ ياشىسام بولاتتى» دەيدىغان ئارمىنى بار ئىكەن. باي بولغىنى بىلەن بىر يەرگە چىقىپ باقمىغان، يىراق ـ يېقىن سەپەر كۆرمىگەن بولغاچقا، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ماڭا ئۇچراپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. جاڭگال يولىدا ئىككى ـ ئۈچ كۈن سۇسىز چۆلنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ: «بۇ يولغا قېچىردىن باشقا ھايۋان چىدىمايدۇ. مېنىڭ ئاتقا تېگىشكۈسىز بىر قېچىرىم بار، سىزگىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قېچىر ئالاي. ئۇ يولنى گەرچە ھەر قانچە بىلگەن بىلەنمۇ، يولنى پىششىق بىلىدىغان بىر يولچىنى ئېلىۋېلىشىمىز كېرەك» دەپ، مېنى شۇنچە قىزىقتۇرغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈنكى ئۇ يولغا زادى قىزىقمىغان ئىدىم. سەپەر تەييارلىقى پۈتكەن ئىدى، ئەگەر مەن: «ماقۇل، ماڭايلى!» دېسەملا، يولغا چىقىپ كېتەتتۇق.

ﺑﯧﻴﯩﺖ

كۆرگۈلۈك بولسا تەقدىردە ئۇنى كۆرمەي چارە يوق،
تۈز نېسۋەڭ قايدا چۈشسە، ئۇنى تېتىماي چارە يوق.

دېگەندەك، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆرىدىغان كۈنىمىز يېتىپ قالغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق، بىز ئۇنىڭغا چارە ئىزدەپ يۈرگىنىمىزدە، تۇيۇقسىز: «ساقچىلارنىڭ ئەبۇل مىرابنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى» دېگەن خەۋەر كەلدى.

ياتقان جايىمىز قىشلاقتىن يىراقراق بولغاچقا خەۋەر تاپالماي قالغان ئىكەنمىز. ئەتىسى ئەبۇ مىراپنىڭ ئىنىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرۇشىمىزغا، بىزنىڭ تونۇش كىشىلىرىمىزدىن يەنە بىرى كېلىپ: «ۋاي ھاجىم ئۇچ ـ تۆت كۈن بولسىمۇ، بۇ يەردىن باشقىراق بىر يەرگە كەتمىسەك بولمايدۇ» دەپ بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى قۇملۇق بىر مەھەللىگە ئاپىرىپ، يوشۇرۇن ھالدا بىر قورغانغا ئېلىپ كىردى. قارىسام، ئىشلار باشقىچە بولۇپ، ھەرخىل سۆزلەر كۆپەيگىلى تۇردى. شۇ كېچىسى، ئەبۇ مىراپ ئائىلىسىگە كۆڭۈل قويغاچ ئۆلاردىن مەسلىھەت سورىغىلى بارغان ئىدىم، كۆرۈشكەن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشىمنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ مىراپنىڭ قېينىئىنىسى بىلەن ئۆلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئەھۋال سورىغىلى كەلگەن كىشى مېنىڭ خىجالەتمنى كۆرۈپ: «داموللا ھاجىم خاپا بولماڭ، بۇ كېچىدىن قالدۇرماي سىزنى كۇچارغا يەتكۈزۈپ قوياي، سىزنى ئۆيۈمدە ئۆزۈم ساقلايمەن. بۇ ئىشلار بىر ئاز جىمىققاندىن كېيىن، مەسلىھەت بىلەن سىز دېگەن جايغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا يارايمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، كۆڭلىمىزنى بولسىمۇ توختىتىپ قويدى. شۇ كېچىسى، ۋەدىلەشكەن جايغا مىراپنىڭ ئۆگەي ئوغلى ئەبۇل مىراپنىڭ ئەتۋارلىق قېچىرىنى مەپىگە قوشۇپ، چوڭ يولنى تاشلاپ، چۆل يولى بىلەن توختىماي يۈرۈپ، تاڭ ئاتار ۋاقتىدا دېگەن جايىمىزغا يەتكۈزۈپ قويدى.

يول بىلگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، يۈز چاقىرىمغا يېقىن يول يۈرگەن ئوخشايمىز. ئىچكى ختايدا مەپە بىلەن بىر كۈندە يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرىدىغان ئون يامبۇلۇق ئېسىل قېچىرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇ سەپىرىمدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يول يۈرگەندە، قۇلاقلىرىنى ئوينىتىپ شىپىرلاپ مېڭىپ، ئايغىنىڭ باسقان تاۋۇشىنىمۇ سەزدۈرمەي، قامچىنى ئۆزىگە

تەگكۈزمەي، ئۈچقاندەك يۈرگىنىنى كۆرۈپ: «بىچارە مىراپ بۈنىڭغا ئون ئات ئەمەس، ھەرقانچە باھا قويسىمۇ ئەرزىيدىكەن» دەپ ئويلىدىم ۋە ھىندىستان سەپىرى يادىمغا كېلىپ، ئەپسۇسلىنىپ كۆڭلۈم بۇزۇلغىلى تۇردى.

«ئاخشام بىللە بولغان دوستىمىزنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىغان ئۇلغىنى مەن مىنىپ، قاچقان جايىمغا قايتىشىم، قايسى تۇرلۇك قازانى مېنىڭ بېشىمغا كەلتۇرەركىن» دېگەن قايغۇ بىلەن بەلگىلەنگەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇم. كوچا ـ كويغىمۇ چىقمىدىم. مازاردا تۇرغان كۈنلىرىمدە، كاشغەر مەدرىسىدە ئوقۇغان، ئۆزىگە يارىشىملىق ئىلمى بار، خەلق ئاغزىدا «قازى ئاخۇنۇم» دەپ ئاتالغان موللا نىياز ئىسىملىك (ئەسلى يۇرتى تورغات ئىكەن) بىر كىشى مەندىن دەرس ئېلىپ يۈرگەن ئىدى. مەھەللە ئادەملىرى بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ، بىزدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرۇشۇپ خاپا بولۇشۇپتۇ. بىز كېتىپ ئون كۈندىن كېيىن: «ھەر قانچە بولسىمۇ، شۇ ئادەمنى يوقلاپ قويساق بولاتتى» دېيىشىپ، قىرىق ـ ئەللىك سوم پۇل بىلەن قازى ئاخۇنۇمنى بىزگە ئەۋەتكەن ئىكەن. ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئۇنىڭ پېيىغا چۈشكەن بولسا كېرەك، بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بارغاندىن كېيىن: «قاياققا بارلىڭ؟ پۇل بەرگەن كىشلەرنى بىزگە كۆرسەت، ئۇنىڭ بىلەن كىملەر ئالاقە قىلىدۇ؟» دەپ ئاخۇنۇم بىچارىنى قاتتىق قىيناپ سوراق قىلغان ئىكەن.

جان ئاچچىقىدا قىيناققا چىدىيالماي ھەممىنى پاش قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي جاللاتلىرى مازار مەھەللىسىگە كېلىپ، بىز بىلەن ئالاقە قىلغان كىشلەرنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ: «ئۇ ئادەمنى تېپىپ بېرىش!» دەپ ھەيۋە كۆرسىتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن قىشلاق خەلقى: «شۇ كىشى بىلىدۇ» دەپ قازىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ۋەقەدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىدى. قازى كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ياتاقخانىدا يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ، بىزگە يېقىن

مەھەللىگە كۆپ يىللاردىن ئىلگىرى كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەنجانلىق بىر كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچى بولۇپ، بېغىغا باردىم. ئۇمۇ ئۆز يۇرتلۇقىنى سېغىنغان بولۇشى كېرەك، ئاكا ـ ئۇكا تېپىشقاندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۆز ئاغىنىلىرىمدىن غۇلجىلىق تۇرسۇن باي مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، غۇلجا تەرەپكە قايتماقچى ئىكەن. ئۇمۇ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. مانا شۇ ئارىدا ئۆز ئارا تاراق ـ تۇرۇق، غەيۇەت ـ شىكايەت ئارىلاش يامان گەپ بولۇنۇپ قالغىلى تۇردى. خادىك ئېلىپ تاشقىرىغا چىقسام، ئىككى ياش بالا يۈگۈرگىنىچە كېلىپ: «سىزنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، ساقچىنىڭ ئادەملىرى ياتاقخانىڭىزغا كىرىپ كەتتى» دەپ خەۋەر بېرىپ كەتتى. باشقا سۆز ئېيتىشقا پېتىنالماي، يېنىمدىكى يانچۇق سائىتىمنى چىقىرىپ، تۇرسۇن بايغا: «بۇ سىزگە ئامانەت، ئۆيۈمدىكىلەرگە بېرىپ قويۇڭ» دەپ تاپشۇردۇم. «زالىمدىن بىردەملىك بولسىمۇ نېرى تۇراي» دەپ، بىر پارچە يۇلغۇنلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. نەپسىم بوغۇلۇپ، يۈرىكىم قاتتىق سوقماقتا ئىدى. ئىككىسى قوراللىق بەش ـ ئالتىسى قورالسىز ئەسكەر يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئات ئۈستىدە تۇرغىنى مېنى كۆرۈپ قالدى. مەنمۇ قېچىپ ئۆلگۈرەلمەسلىكىمنى بىلىپ، ئامالسىزلىقتىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. قارىسام، خاناق ئاتامدىن قازى ئاخۇنۇم بىلەن مەن چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن مەن ئۇچۇن خېلى جاپا ـ مۇشەققەت چەككەنلىرى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ماڭا ياردەم قىلىش ئۇچۇن چېپىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر مېنى بۇ ئېچىنارلىق ھالدا كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرۇشقان بولسىمۇ، قوراللىق كۈچ ئالدىدا بويسۇنماستىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، مېنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرى چۈشۈپ كەلگەن قارا مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدى ـ كەينىنى كىشى كۆرمەيدىغان قىلىپ ئوراپ: «بېشىڭنى

چىقارما! بېشىڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن» دەپ ھەيۋە قىلىپ، قورالىق ساقچىلار ئالدى ـ كەينىمدىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ ماڭدى. بىر يەرگە كەلگەندە توختاپ، ئالدى ـ ئارقامدىكى ئەسكەرلەر مېنى ھەيدىگىنىچە ئىچكىرىدىن ئىچكىرى، قاراڭغۇ ھەم ئۇزۇن بىر ئۆيگە ئاپىرىپ، ئارقامدىن ئىتتىرگىنىچە ئۆينىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. خۇدا ساقلىسۇن، گور قاراڭغۇسىمۇ مۇنىڭدەك بولامدىغاندۇ؟ ھېچ بىر يەردىن كىچىككىنە يورۇق چۈشىدىغان تۆشۈكى يوق بىر يەر ئىكەن. «لائىلاھە» نى ئوقۇپ، بىر ـ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، بىر كىشىنىڭ تىنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. كەينىدىن ناھايىتى سۇنۇق ئاۋاز بىلەن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام، بىر كىشى مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىپتۇ. مەنمۇ بۇ يەردە ئادەم بارلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ ئۇ كىشىدىن ئەھۋال سورىدىم. ئۇ كىشى: «بۇ يەرگە كىرىپ ياتقىنىمغا يىگىرمە كۈن بولدى. ھەممىدىن يالغۇزلۇق يامان ئىكەن. خاپا بولمىسىلا، خۇدايىم رەھىم قىلىپ سىلىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. مەن خوتەندىن، ئىسمىم تۇراخۇن، تىجارەت مېلىم بىلەن قولغا چۈشۈپ قاملىپ قالدىم» دېدى. مەنمۇ: «بۇرادەر پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى كۆرمەستىن باشقا چارىمىز يوق، سەۋر قىلايلى، كۆپ خاپا بولماي ئولتۇرايلى، سىز ـ بىز قۇرئانغا ئىشەنگەن مۇسۇلماندۇرمىز. قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر بىر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەلۋەتتە بىر ياخشىلىق كېلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ھەر ئىككىمىزگە قۇۋۋەت بەرگەي!» دەپ، دىنىي سۆزلەرنى ئېيتىپ، زىندان يولدىشىمنى بىر ئاز بولسىمۇ بەزلىگەن بولدۇم. مېنىڭ ئۇستۈمدە بىر قات يازلىق كىيىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق ئىدى. ئەتىگەن ـ ئاخشىمى يەيدىغانغا بىر قاچا قايناق سۇ بىلەن بىر موما بېرەتتى. ياتقان ئۆيىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىرچە كەلسىمۇ ئىنى تارلىقىدىن پۇتنى ئۇزىتىپ

ياتقىلى بولمايتتى. ئاستىمىزدا توپىدىن پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر بورىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. كەلگەن كۈنۈم كېچىسى مېنى قوراللىق بىر ئەسكەر كېلىپ سوراققا ئېلىپ چىقتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراڭغۇ تار يولدا ئوقلانغان مىلتىقنى ئارقامغا تەڭلىگەن پېتى لامپا يېقىلىق كاتتا بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. قارىسام ئۈستەل يېنىدا بىرمۇ خىتاي يوق. ئۇيغۇرچە دوپپا كىيگەن بىر تاتار بالىسى ئولتۇرۇپتۇ. ئۆز ئىچىمدە: «بۇ شۇم ئاياقلار بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەپتۇ ـ دە؟» دېدىم. ئۇلار كۆرسەتكەن جايغا بېرىپ ئولتۇردۇم. نېمىشقىدۇر تېز گەپ قىلالماي، بەش ـ ئالتە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن: «پالانچى دېگەن سەنمۇ؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ قەيەرگە بارماقچى؟» دەپ سورىدى. مەن: «غۇلجىدىن كەلدىم، خوتەنگە بېرىپ، ھىندىستاننىڭ دورىلىرىدىن ئېلىپ كەلمەكچى ئىدىم» دېدىم. ئۇلار: «يالغان گەپ قىلما!» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «غۇلجىدىن بىرەر مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدىم. باشقا بىر نەرسە دېمەي، ئارىدىن ئون مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇ ئۆيگە سولاپ قويدى. ئىشىكتىن قاراڭغۇ ئۆيگە قەدەم قويۇشۇم بىلەن تۇراخۇن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ: «ۋاي غوجام، سىلە چىققاندىن كېيىن بەك ئەنسىرەپ كەتتىم، باشقىلارنى سوراققا ئېلىپ چىقىپ قايتۇرۇپ ئەپ كېلىشىدە تازا ئۇرۇپ، يېرىم جان قىلىۋېتەتتى. تاياقنىڭ زەربىسىدىن ئۆرە تۇرالماي، ئەسكەرلەر ئۆزلىرى يۆلەپ ئەكىرىپ قوياتتى» دېدى. مەن: «ئاللاھ مېنى ئۇنداق ئىشلاردىن ساقلىدى» دېدىم.

بېيىت

ياخشىلىق كۈنلىرى خۇدانى ھېچ ئۇنتۇما ساغۇنىي،
باشىڭغا چۈشسە قارا كۈن تاشلاماس ئول ھەم سېنى.

ياشلىقىڭ ئۆتتى غۇرۇرلۇق بىرلە تائەت قىلمىدىڭ،
كېكسالىكدە كەتتى كۈچ، سالغان ئىماراتىڭ قېنى.
ياش يېتىپدۇر قان يۇتۇپ غەم قايغۇدىن ئايرىلمادىڭ،
بارچەسى ھەق يولىدا بىلگىن خۇدانىڭ بەرگىنى.
ئاق ساقالى ھەققىدە بۇ ساغۇنىي بىچارەگە،
كۆرسەت ئۆلمەستىن بۇرۇنراق ئۇل مۇھەممەد قەبرىنى.
كىم ئوقۇسا ھەر قاچان ساغۇن ئاتانىڭ شېئىرىنى،
بىر ئېغىز قۇرئان ئوقۇپ، شاد ئەيلەسۇن ئەرۋاھىنى.

بۇ ياۋۇز جاللاتلار قولىدىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماي قۇتۇلغانلىقىم ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈرلەر ئېيتىپ، كۆپ ھەمدۇ سانالار ئوقۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن، مېنى بىر چاقىرغىنىچە ئىككىنچى قېتىم چاقىرمىدى، ئۇ زالىم قانخورلارنى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاللاھقا يەنە شۈكۈرلەر ئېيتتىم.

ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندە، ھەمراھىم تۇداخۇننى سوراققا چاقىردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ قىيىن ـ قىستاق ئىشنى كۆرگەن بولسا كېرەك: «مېنىڭ ئىشىم بۇ قېتىم نېمە بولار؟» دەپ ئەندىشە بىلەن چىقىپ كەتتى. «كېمىگە چۈشكەن ھەممە كىشىنىڭ جېنى بىر» دېگەندەك، ئۇنىڭ قايغۇسىدا ئولتۇرالماي قالدىم. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بىچارە تۇداخۇننى سۆرەپ ئەكېلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا تاشلىغان ئىكەن. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن يىقىلغان پېتى مېنىڭ ئالدىمغا دومىلاپ چۈشتى. قارىسام، ئۈستىدىن سۇ قۇيۇلغاندەك  قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئىكەن. «ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تىڭشاپ تۇرغانلار بولمىسۇن» دەپ ھال ـ ئەھۋالىمۇ سورىيالمىدىم. « ئى خۇدا! بۇ زالىملاردىن ئۆزۈڭ ئاسرىمىساڭ، كۆرەر كۈنىمىز شۇ ئىكەن» دەپ، «لائىلاھەنى» ئوقۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. رەسۇلۇللاھتىن: «مۆمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر زامان قايسىدۇر؟»

دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ھارامزادىلەر ئوغلى ھارامزادىلەر خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر» دېگەن مۆجىزىلىك سۆزلىرى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنگەندەك بولدى.

بۇ ۋەھشىي يىرتقۇچلار زۇلۇم كۆرگەن ھەر بىر كىشىدىن ئۆزلىرى قىلغان ۋەھشىيانە زالىملىقلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۇيالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شەيتانلىقىدىن ھېچكىمگە ئېيتماسلىقتا تىلخەت ئالاتتى. «جېنىڭنى ئالىمەن، ئاۋازىڭنى چىقارما!» دېگەندەك، بىچارە كىشىلەر باشقا سوراقچىلارغىمۇ ئۆز ئۈستىدىن ئۆتكەن ناھەق زۇلۇملىرىدىن بىر ئېغىزمۇ دېيەلمەيتتى. تاشقىرىغا چىقمىسا كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ ئۆيدە ھەپتە - ئون كۈننى شۇنداق قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدۇق. بىز سولانغان ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۆيدىن ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ قېتىم بىر ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، تامنىڭ ئارقىسىدىن گۈپۈلدىتىپ ئۇرۇلاتتى. ھەمراھىمدىن: «بۇ نېمە ئاۋازدۇر؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مەن كەلگەندىن بۇيان ئاشۇ تامنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازى داۋاملىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بىر پەستىن كېيىن تامنى ئۇرىدۇ. مەن بىر نېمە دەي دېسەم، ساقچىلاردىن قورقتۇم» دېدى. بىر كۈنى، يەنە تامنىڭ ئارقىسىدىن يىغىنىڭ ئاۋازى چىقىپ قالدى. قارىسام، گۈندىپايلار كۆرۈنمىدى، تۇداخۇنغا: «ئىشىككە قاراپ تۇرۇڭ!» دەپ، ئارقا تامنى گۈپۈلدىتىپ ئۇرۇپ: «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سورىدىم. «مەن دوپ بېگىمنىڭ خوتۇنى پالانى خانىم بولىمەن، ئالتە ئاي بولدى، مۇشۇ يالغۇز ئۆيدە ياتقىلى، قورقىنىمدىن يالغۇزلۇقتا چىدىماي كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىم يىغلاپ سىلەرگىمۇ ئارام بەرمىدىم. باشقا ئىلاجىم يوق، خاپا بولۇشمىسىلا» دېدى. بۇ خوتۇننىڭ ئالتە ئايدىن بېرى يالغۇز ئۆيدە ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «بىزنىڭ ئىشىمىز ئۇ خوتۇننىڭ تارتقان ئازابىدىن خېلىلا ئاز ئىكەن» دەپ ئويلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. يەنە

بىر كۈنى، ئۇتتۇرا تامىنىڭ بىر يېرىدە بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك بولدى. قارىسام، بىر تال تەڭگىدەك چوڭلۇقتىكى تۆشۈكنى چوكىدەك چوڭلۇقتىكى بىر تال ياغاچ توسۇپ تۇرۇپتۇ. ياغاچنى ئېلىۋەتكەنىدىم، ئارىمىز بىمالال ئېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تېلېفون قۇرغاندەك دەخلىسىز گەپلىشىدىغان بولدۇق. ئېرى دوپ بېگى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خوتۇننى تۇتۇۋېلىپ ئالتۇن ئۈندۈرمەكچى بولغانىكەن. ئۇ ئايال بىزگە تۈرمىنىڭ سىرلىرىدىن بىر قانچىنى ئۆگەتتى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، بۇ خوتۇن تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئادىتى بويىچە دىندارلىق بىلەن مەستۇرىلىكتە يۈرۈپ، كۆپ ئۆتمەي، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. خۇدا رەھمەت قىلغاي!

يىگىرمە كۈندىن كېيىن، بىزنى يان تەرەپتىكى كەڭ ۋە يورۇقراق بىر ئۆيگە چىقاردى. بۇ ئۆيدە كۇچار ئاقساقىلى مۇھەممەد ئەلى ئاخۇن بىلەن يەنە بىر كىشى بار ئىكەن، تۆت كىشى بىللە ياتتۇق. ئون كۈن ياتقاندىن كېيىن، ئىككى ئەسكەر كىرىپ بىزنى ھەيدىگىنىچە بىر مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. قارىساق، ئالدى - ئارقىسى چۈمكەلگەن ئىككى ئات قوشۇلغان كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىدا قوراللىق ئۈچ ئەسكەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقى قىرغىز بولۇپ، قالغان ئىككىسى ئۇيغۇر ئىكەن. مىلتىقلىرىنى بەتلىگەن ھالدا، خىتاي ئەسكەرلىرىدەك قۇرۇق سۆرەن سېلىپ، بىرسى ئالدىدا، ئىككىسى ياندا مىلتىقلىرىنى تىكلەپ، يولدىكىلەرنى: «نېرى تۇر!» دەپ ۋارقىراپ قورقۇتۇپ، ھارۋىنى قاتتىق گۈلدۈرلىتىپ ھەيدىگىنىچە بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھارۋىدىكىلەردىن مۇھەممەد ئەلى ئاقساقال ساددا كۆڭۈل، كونا ئادەملەردىن بولغاچ، يول بويىدا قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ، خۇددى ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان كىشىدەك ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ بېشىنى ئەگدى. بۇنى كۆرگەن بىچارە مۇسۇلمانلارمۇ ساقىلىنى سىلاپ، بىزگە قاراپ دۇئا قىلىشقان بولدى. كۇچاردىن چىقىپ بىرىنچى قونالغۇغا كەلدۇق. يولدا ئات - ئۇلاغلىق بىر نەچچە كىشى

كېتىۋاتاتتى. يولۇچىلار ئەسكەرلەرنىڭ: «ئات ـ ئۇلىغىڭنى تارت!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال يولنى، بوشىتىپ، بىزگە كەيىنىنى قىلىپ تۇرۇشتى. يىرتقۇچلار ئالدىدا باشقا جانىۋار قانداق قورققان بولسا، بۇ بىچارىلەرنىڭمۇ شۇنداق قورقۇنتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. بىرىنچى قونالغۇغا كەلگەندە، ئەسكەر باشلىقى مېنى چاقىرىپ: «سىز ياخشى كىشىدەك كۆرۈنىسىز، بىزنىڭ قانۇنىمىزچە، كېچىسى جىنايەتچىلەرنىڭ قول ـ پۇتىغا زەنجىر سېلىپ قويۇلۇشى كېرەك ئىدى. سىزنى كۆرۈپ بۇنداق قىلىشقا پېتىنالماي قالدۇق. ھۆكۈمەت بۇيرۇقى بولغاچقا، بۇنى قىلماسلىقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئەگەر سىلەر تىنىچ بولساڭلار، ھېچ ئىش يوق. بىزمۇ تىنىچ بولىمىز» دېدى. ئىككىنچى كۈنى «باي» دېگەن قىشلاققا كەلدۇق. بۇ يەر نامىغا يارىشا باغۇ بوستانلىق، دەرەخزارلىق، سۈيى ئەلۋەك، ھاۋاسى ساپ جاي ئىكەن. شۇ كېچىسى، ساقچىلار بىزنى يەرلىك ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزلىرى غايىپ بولدى. بۇ يەردىكى خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر باللارنىڭ ئالدى ئوتتۇزغا يەتمىگەن، قالغانلىرى ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە: «بىزنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلىرىمىز» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇلار بىزنىمۇ دۈشمەن كۆرۈپ، خىيانەت قىلغىلى تۇردى. ھايات ئالىمىدە تەربىيە ـ سۆھبەتكە ئوخشاش تەسىرلىك نەرسىنىڭ يوقلۇقى شۈبھىسىزدۇر. يالغۇز ئىنسانغا ئەمەس، جانلىق ـ جانسىز ھەممە نەرسىلەردە، تەلىم ـ تەربىيە تەسىرى كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈلۈپ، بۇنىڭ نەتىجىسى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ تۇرماقتا. ئوقۇتۇش ـ ئۆگىتىش بۇيانىدا تۇرسۇن، سۆھبەتنىڭ ئۆزىمۇ سۆھبەتداشلىرىغا ئوت بىلەن سۇدەك تېز يۇقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىمگە ئۇنىڭ قىلغان سۆھبىتىگە قاراپ باھا بېرىلىدۇ. نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يامانغا يانداش بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلىك زاتىدىن ئايرىلغان ئىدى. ئەسھابۇل كەھفىنىڭ ئىتى ياخشىلارغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن،

قۇرئانىدا قىسسىسى بايان قىلىنغان ھەق يولدىكى ئادەملەر قاتارىغا كىردى. بولۇپمۇ، ئىسلامنىڭ نامىدىن، قۇرئاننىڭ خېتىدىن باشقا ھېچ نېمىگە ئىگە بولالمىغان بىر مىللەت باللىرى، كۆڭۈل ـ كۆزلىرىدە ياخشى ـ يامان ھېچ نەرسە ئەكس ئېتىلمىگەنلىكتىن، ئەنە شۇ تەلىمنى قوبۇل قىلغان ئىدى. سوۋېت سىياسەتچىلىرى شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، بۇ ئۆلكىنى «قىزىل ئۇيغۇرىستان» قىلىش ئۈچۈن، قەلەم كۆرمىگەن، خەت تونۇمىغان، قۇرامىغا يەتمىگەن مەسۇم ئۇيغۇر باللىرىنى كوممۇنىستىك روھتا تەربىيىلەپ چىققان ئىدى. مانا بىز بەختىمىزگە قارشى قولغا ئېلىنغان كۈنىمىزدىن باشلاپ، ئاتىسىنى تونۇمايدىغان شۇ باللار ئالدىدا سوراق بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئەقلى ـ ھوشى بار ئادەملەر بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن قانچىلىك ئېغىر ئىشلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى مېنىڭ شۇ سۆزۈمدىن بىلىۋالسا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئەتىسى ئۆز ساقچىلىرىمىز كېلىپ ئۈچىنچى قونالغۇغا قاراپ ماڭدۇق. قاپلان سۈيىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، تۇراخۇننىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ: «بۇ زالىملارنىڭ بىزنى ساق قويۇشىغا كۆزۈم يەتمىدى. بۇ كېچە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا قارىماي ئىككىمىز قاچايلى، جاڭگال يولىغا يېتىۋالساق، ئۇ ياققا ئۆزۈم يول باشلاپ ماڭىمەن» دەپ مېنى سىناپ باقتى. بۇ ئىش خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن رازىلىق بىلدۈرمىدىم. كەچكە يېقىن سايرام قىشلىقىغا كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ سايرام ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، بۇندىن ئىككى يۈز يىللار ئىلگىرى، غۇلجا خانى قالماق قوڭتاجى بۇ يەرلىك خاقانلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى، ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۈچسىز، رەسۋالىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن غۇلجىدىن ئەسكەر تارتىپ چىقىپ، سايرام شەھىرىنى قامال قىلىدۇ. ئەتراپتىكى بۇخارا، خارەزم خانلىرى تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرىدۇ. بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن قالماقلار ھىمايىسىز قالغان شەھەرگە باستۇرۇپ

كىرىدۇ. شەھەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ، خانىۋەيران قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈن يۇرت چوڭلىرىدىن ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك ئائىلىنى گۆرۈگە ئېلىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ.

قوڭتاجى ئۆلگەندىن كېيىن: «ئۆز ئېلىمىزگە قايتىمىز» دېيىشىپ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان يولى بىلەن كېلىۋاتقاندا، بۇ يەر ئانا ۋەتىنى سايرامغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەر سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان، ئەتراپى ئېدىرلىق بولۇپ، دېھقانچىلىق ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خۇددى ئۆزىنىڭ يېرىگە كەلگەندەك بولۇپ، بىر ـ ئىككى ئاي بۇ يەردە تۇرۇپ، هاردۇقىنى چىقىرىدۇ. «قاچان ئەل تىنچىپ، يوللار ئېچىلسا، ئۆز ماكانىمىزغا قايتىمىز» دېيىشكەن بولسىمۇ، زامانىنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن بۇ يەردە قېلىپ قالغان ئىكەن. ياقۇپ بەگنىڭ تارىخنى يازغان ۋە ئۆزى بىلەن خىزمەتتە بىرگە بولغان  موللا مۇسا سايرامى مانا مۇشۇ  سايراملىق كىشى بولىدۇ. تارىخقا قىزىققانلار، ئۇ كىشىنىڭ چاغاتاي تۈركچىسىدە يېزىلغان «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن ئەسىرىنى تېپىپ ئوقۇسا بولىدۇ. ئۇ كىتابتا ھەر ياقلىما پايدىلىق سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ، يەرلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن بۇ توغرۇلۇق ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەلۇماتلار توپلىغان بولسامۇ، مەھبۇس بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىر كېچە قونۇپ كېتىشكە توغرا كەلدى. بۇ يەردىن چىققان كۈنىمىزدىن باشلاپ ئاسۇقتا بارغىچە يۇلغۇن، توغراق ياغىچىدىن باشقا نەرسە ئۈنمىگەن قۇملۇق بىلەن يۈرۈپ، ئەتىسى (بەشىنچى كۈنى) كېچىگە يېقىن ئاسۇق شەھىرى دەرۋازىسىغا كەلدۇق. سېپىل ئىچىگە كىرىپ، ھېچ يەردە توختىماستىن ئۇدۇل تۈرمىگە ئەكېلىپ تاپشۇردى. بۇ ۋەقە، 1938 ـ يىلى ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرىدا بولغان ئىدى.

شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتىنىڭ پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سوۋېت رۇسىيە سىياسىتىنىڭ ئەڭ قانلىق، پاجىئەلىك كۈنلىرى 30 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 38 ـ، 39 ـ يىللىرى ئەڭ ئۇچىغا چىققان ئىدى. مەن بەختكە قارشى، نەق شۇ قارا دەۋرنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تۈرمىگە ئېلىنغان ئىدىم. بۇ زالىمخانىغا كىرگەن كۈنىمىز ھەمراھلارنى ئايرىپ، ھەر ياققا تارقىتىۋەتتى. مېنىمۇ ھەر تەرەپتىن كەلگەن بىر توپ جانىۋارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى. قارىسام، بىر مۇنچىلىرى قازى، مۇپتى، ئەلەم ئاخۇنۇملاردىن باشلاپ، ئىمام ئاخۇنۇم، مۇئەززىن ئاخۇنۇم بولسا، قالغانلىرى شاڭيو بېگى، دوپ بېگى، يۈز بېگى، يۇرت ئاقساقىلى قاتارلىق قارا قورساق، ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق كىشىلەر ئىكەن. باشقىلىرى ئازدۇر ـ كۆپتۇر يەر ـ سۇيى بار ياكى يۇقىرىقىلارغا باغلانغان كىشىلەر ئىكەن.